مۇھەممەد رەھىم

# ئەسىرگە تەڭ ھايات

## — كونا ئەسكەرنىڭ كەچمىشى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى

مۇھەممەد رەھىم

# ئەسرگە تەڭ ھايات

## ـ كونا ئەسكەرنىڭ كەچمىشى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئاپتور مۇھەممەد رەھىم

پىلانلىغۇچى: غولام ھاجى سەھەرچى
مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىمىت ئابدىرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇھەممەت ئىبراھىم

# ئەسىرگە تەڭ ھايات

(كونا ئەسكەرنىڭ كەچمىشى)

ئاپتورى: مۇھەممەد رەھىم

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 666 № پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7
2014 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
2014 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى

---

ISBN 978 - 7 - 5631 - 2765 - 8
باھاسى: 28.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## كونا ئەسكەرنىڭ كەچمىشى

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىچارە دادام ........................................ 3
ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى ........................................ 8
سۇيدۇڭ سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلىش ........................................ 10
ئىنقىلابىي قىزغىنلىق ........................................ 11
سۇيدۇڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى ........................................ 14
تاشلاندۇق مىلتىقلار ........................................ 18
ئەسكەر بولغىنىم بولغان ........................................ 20
يېڭى ۋەزىپە ........................................ 23
ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش ........................................ 26
شىخوغا ھۇجۇم ........................................ 36
ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنى ........................................ 38
ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى ........................................ 43
شىخونىڭ ئازاد قىلىنىشى ........................................ 52
ئورمانباغقا يۈرۈش ........................................ 58
ماناس دەرياسى بويىدا ........................................ 62
ماناس دەرياسىدىن قايتىش ........................................ 68
جىڭ ناھىيەسىدە ........................................ 70
ئۆزىتىش چېيى ........................................ 75
بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ........................................ 76
سۇيدۇڭگە سەپەر ........................................ 78
كەچمىشكە ئەسكەرتىش ........................................ 81

## تۇرمۇشۇمدىن خاتىرىلەر


بالىلىق چاغلىرىم ........................ 85
تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق ........................ 88
لەگلەككە ھەۋەس ........................ 93
ھاشىم تاغام ........................ 97
قەشقەردە ........................ 103
شەيدالىقنى بىلمىگەن كالۋالىق ........................ 110
چىش ئاغرىقىم ........................ 124
گاز ئوچاقنىڭ شەرتلىرى ........................ 129


## ئەسلىمىلەر


جۇدالىقتىن كېيىنكى ئەسلەش ........................ 135
1950 ـ يىللاردىكى چاقچاقلار ........................ 155
شائىر تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ........................ 164
ئەسىر ھالقىغان دوستلۇق ........................ 184
ئوقۇتقۇچىلىق — ئۇلۇغ خىزمەت ........................ 196


## ماقالىلەر


كەمچىلىكسىز ئىش قىلىش قىيىن ........................ 203
قىزلار، ھوشيار بولۇڭلار! ........................ 209
ئەلشىر نەۋايى ۋە تېيىپجان ئېلىيېف ........................ 211

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كونا ئەسكەرنىڭ كەچمىشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىرى يۈرگۈزگەن جەبىر ـ زۇلۇم، خورلۇق، ھاقارەت، قىرغىنچىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. بۇ غەزەپ ـ نەپرەت ئاخىر پارتلاش دەرىجىسىگە يەتتى. «ھەر نەرسە چېكىدىن ئاشقاندا ئەكسىگە قايتىدۇ» دېگەن تەلىماتقا ئاساسەن ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلققە قىلغان ـ ئەتكىنى ئۆزىگە قايتىدىغان قىسمەت يۈز بەردى، يەنى غەزەپلەنگەن خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن قوللىرىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن 1944 ـ يىلى كۈزدە ئىلى ناھىيەسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاب پارتلىدى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىلى، جىڭ، شىخو ئۇرۇشلىرىدىكى مەغلۇبىيىتىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى، 1946 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇندا ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدىن قايتتى. گومىنداڭ تەرەپ بىتىمگە ئەمەل قىلماي، نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلدى.

1949 ـ يىلىغا كەلگەندە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، ئاق بايراق كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ ھالسىراتقانلىقى شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش خىزمىتى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن قوزغىلاڭلار، ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى تارىخىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئىنقىلابنىڭ شانلىق تارىخىنى يېزىش ۋە ئۇنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش يولىدا نۇرغۇن ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىلدى. مېنىڭ بۇ ئەسلىمەم ئاشۇ شانلىق تارىخنىڭ بىرەر ھاجىتىگە ياراپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆڭلۈم ئەمىن تېپىۋاتىدۇ.

2011 - يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىچارە دادام



ئەسلىشىمچە، ئۇ مېنىڭ ئالتە ياكى يەتتە ياش ۋاقىتلىرىم ئىدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن هويلىمىزدا بىر ئالا مۈشۈكنىڭ قۇشقاچ تۇتۇش هۈنىرىنى كۆرۈۋاتاتتىم. هىيلىگەر مۈشۈك هويلىدىكى تونۇرغا قالايدىغان بىر دۆۋە شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ، دانلاش ئۈچۈن چۈشكەن قۇشقاچلارنى پايلاپ ياتاتتى. بىر قۇشقاچ يېرىم مېتىرچە يېقىنلىشىۋىدى، مۈشۈك كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى - دە، شاخ - شۇمبىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ يەۋەتتى، مەن قۇشقاچنىڭ ئەتتىنى ئېلىش ئۈچۈن شاخ - شۇمبىلارنى دەسسىسەم، مۈشۈك ئۇ تەرەپتىن قېچىپ كەتتى. مەن مۈشۈكنىڭ چېۋەرلىكىگە، قۇشقاچنىڭ بىخەستەلىكىگە هەيران بولۇپ تۇراتتىم. شۇ ئەسنادا تۆت ئادەم بىر ئادەمنى زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كىرىشتى. بېرىپ قارىسام، زەمبىلدە دۈم ياتقان كىشى دادام ئىكەن. مەن:

— ۋاي دادا! — دەپ زەمبىلگە ئېسىلىپ يىغلىدىم. كىچىك تاغام مېنى زەمبىلدىن ئاجرىتىپ:

— يىغلىما، ئوغلۇم، داداڭ هارۋىدىن يىقىلىپ چۈشتى، چوڭ چاتاق يوق، ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپ مېنى بەزلىدى.

ئۇلار دادامنى ئۆيگە ئەكىرىپ قېلىن كۆرپە ئۈستىگە دۈم ياتقۇزدى، دادام دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئېغىر تىنىپ، قىمىرلىماي ياتاتتى. ئاپام

بىرنېمىلەرنى دەپ مىشىلداپ يىغلاپ، دادامنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

شۇ ئارىلىقتا بىر تېۋىپ كەلدى، ئۇ دادامنىڭ دۈمبىسىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ كۆردى. مەنمۇ، ئاپاممۇ كۆرۈپ يىغلىۋەتتۇق، دادامنىڭ دۈمبىسى تاياق زەربىسىدىن تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيەر - بۇ يەردە ئۇيۇپ قالغان قانلارنى كۆردۇق. «بۇ نېمە ۋەقە؟!» دەپ سوراشقىمۇ ئاغزىمىز بارمىدى. تاغىلىرىم تېۋىپ بۇيرۇغان نەرسىلەرنى تەييارلىدى، ئاپام تېۋىپنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىشنى قىلدى. بىردەمدە تېۋىپ ھەر خىل دورىلىق نەرسىلەردىن تەييارلانغان مەلھەمنى دادامنىڭ دۈمبىسىگە تەكشى سۈركەپ، كۆڭلىكىنى جاراھەتلەرگە تەگكۈزمەي ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى.

— ئەنسىرىمەڭلەر، جاراھەت غەم قىلغۇدەك ئېغىر ئەمەس، مۇشۇ مەلھەمنى ئىككى كۈندە بىر سۈرتۈپ قويسام، بىر ھەپتىگىچە ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپ بىزنى خاتىرجەم قىلدى. ھەممىمىز تېۋىپتىن مىننەتدار بولغان ھالدا رەھمەت ئېيتىپ، ئىش ھەققىنى رازى بولغۇدەك بېرىپ يولغا سېلىپ قويدۇق.

سۈيدۈڭ ناھىيەسىنىڭ سېپىلى خېلى مۇستەھكەم بولۇپ، شەرق، غەرپ ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە ئايلانما قوش دەرۋازىلىرى بار ئىدى. ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان جەنۇبىي دەرۋازا بىر - بىرىگە ئۇدۇل بولماستىن، سىرتقى دەرۋازا شەرقتە، ئىچكى دەرۋازا جەنۇبقا قارايتتى. شەھەر ئىچىگە كىرمەكچى بولغان ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار سىرتقى دەرۋازىدىن كىرىپ، ئون - ئون بەش قەدەم مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئىچكى دەرۋازىدىن كىرەتتى. بۇ دەرۋازىلار ھازىرقى يۈك ئاپتوموبىللىرى بىمالال كىرىپ چىقالىغۇدەك چوڭ بولۇپ، شۇ زاماندىكى ھەربىي ئېھتىياجغا ئاساسەن شۇنداق ياسالغانىكەن. 1933 - يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن سىرتقى دەرۋازىلار چېقىۋېتىلىپ، ئىچكى دەرۋازىلار ساقلىنىپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈيدۈك ناھىيەسىنىڭ مۇشۇ سېپىلى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن خەنزۇ ئاھالىلىرىنى يەرلىك ئاھالىلەردىن ئايرىپ تۇراتتى. سېپىل ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز بولغىنىدەك، سېپىل سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. لېكىن سېپىل ئىچى ۋە سىرتىدا ئاز ساندىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىجارەتچى، سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەر ئارىلاش ياشايتتى، دادام ئىككىنىسى بىلەن سېپىل ئىچىدىكى بىر چوڭ دۇكاندا ياغاچچىلىق قىلاتتى.

بىر كۈنى پېشىن ۋاقتىدا يامۇلنىڭ بىر ئەمەلدارى دۇكانغا كىرىپتۇ، دادام ۋە تاغىلىرىم تەزىم قىلىپ ئورۇندۇق قويۇپتۇ. ئەمەلدار ئورۇندۇقتا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپتۇ، ئانچە ـ مۇنچە ئەھۋال سوراپمۇ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى يېڭى ياساپ پۈتكۈزۈپ قويغان جوزا بىلەن ئورۇندۇقلارغا چۈشۈپتۇ، دادام بىلەن تاغىلىرىم بۈگۈن بۇنىڭ دۇكانغا كىرىپ كېلىشى بىر بالا ـ قازانىڭ بېشارىتى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ.

ــ ماۋۇ جوزا بىلەن ئورۇندۇقلارنى قانچىگە ساتىسەن؟

دادام خەنزۇچىنى ئازراق بىلەتتى، بىلگىنىچە تىترەپ تۇرۇپ ئۆز باھاسىنىڭ يېرىمىنى دەپتۇ:

ــ ھەممىسى 12 سەر كۈمۈش تەڭگە.

ــ ھەممىسىنى ماڭا سېتىپ بەر، ئۈچ ئادەم ئەۋەتىمەن، شۇلار ئېلىپ كەتسۇن، پۇلۇڭنى بېرىمەن.

ئەمەلدار (دارېن)① قايتىپ كېتىپ يېرىم سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەي ئۈچ يايى كېلىپ جوزا بىلەن سەككىز ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈشۈپ مېڭىپتۇ. پۇلىنى سورىسا، «پۇلۇڭنى دارېندىن ئال، بىز بىلمەيمىز»

---

① دادام ۋە تاغىلىرىم ئۇنىڭ مەنسىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە دارېن دەپ ئاتىشاتتى.

دەپ چىقىپ كېتىشىپتۇ.

دادام ئىنىلىرىگە ئەلەم بىلەن قاراپ:

— دارىن پۇلىنى بەرگەن بولسا، مۇشۇ ئوغرىلار بەرمەي كەتكەنمۇدۇ - يە؟ - دەپتۇ.

— بۇمۇ يوق گەپ ئەمەس. دارىن بۇدا كەلگەندە سوراپ باقايلى، — دەپتۇ تاغىلىرىم.

شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى دادام دۇكاندا يالغۇز ئىشلەۋاتقاندا ھېلىقى ئەمەلدار كىرىپ كەپتۇ، دادام پۇلنى سورايمۇ - سورىمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تەسلىكتە سوراپتۇ:

— دارىن، ئۆتكەندە جوزا، ئورۇندۇقلارنى ئېلىپ كەتكەن كىشىلەر پۇلنى بەرمەي كېتىشتىغۇ؟

— شىما - شىما؟[1]

— ھېلىقى جوزا بىلەن ئورۇندۇقلارنىڭ پۇلى ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمىكىن؟

ئەمەلدارنىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ:

— تامادى[2]... سەن مەندىن يەنە پۇل سورامسەن؟ — دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىچارە دادام قورقۇپ كەتكەنلىكتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرغاندا تاغىلىرىم كىرىپتۇ. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ، نېمە قىلارنى بىلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان پەيتتە ئىككى يايى كىرىپ دادامنى ھەيدەپ يامۇلغا ئېلىپ مېڭىپتۇ، دادامغا ئەگىشىپ تاغىلىرىممۇ، قوشنا دۇكاندىكى ئۇيغۇرلارمۇ يامۇلغا كىرىپتۇ، دادام بىلەن تاغىلىرىم دارىننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپتۇ، دارىن دادامدىن سوراپتۇ:

— سەن پۇلۇڭنى ئالدىڭمۇ - ئالمىدىڭمۇ؟

— ئالمىغانىدىم....

---

① شىما - شىما — خەنزۇچە «نېمە - نېمە» دېمەكچى.

② تامادى — خەنزۇچە « ھۇ ئاناڭنى»دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— يالغان ئېيتمىدۇ، بىز ئون سەر كۈمۈش تەڭگىنى بىرمۇبىر ساناپ بەردۇق، بۇ نائىنساب سىلىدىن يەنە ئون تەڭگە ئالماقچى بولۇپتۇ، — دەپتۇ ئىككى يايى تەڭلا.

دارىن بۇنىڭدىن ئارتۇق سوراق - سوئالمۇ قىلماي:

— يىگىرمە پالاق ئۇرۇڭلار! — دەپتۇ.

يايىلار دادامنى تاختا ئۈستىگە دۈم ياتقۇزۇپ، كۆڭلىكىنى قايرىپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئون پالاق تەگكەندە دادامنىڭ دۈمبىسى قانغا بويىلىپتۇ. بۇ ھالغا چىدىيالمىغان كىچىك تاغام دادامنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ، ئون بىرىنچى پالاق تاغامغا تېگىپتۇ.

شۇ چاغدا دارىننىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئەمەلدار ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېگەنىكەن، دارىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— توختا! — دەپتۇ، ئۇرۇش توختاپتۇ.

— سەن مۇشۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن يامۇلغا ئون دانە كارىۋات، ئون دانە ساندۇق، بەش دانە جوزا، بەندىڭ ياساپ بېرىسەن، بولمىسا تۈرمىدە ياتىسەن. قايسىسىغا تۇرىسەن؟ — دەپتۇ دارىن.

دادام زۇۋان سۈرمەي يېتىپتۇ. تاغىلىرىم:

— دارىن جانابلىرى، ئەپۇ قىلسىلا! دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياساپ بېرەيلى، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا دارىنغا بىرنېمىلەرنى دېگەن ھېلىقى ئەمەلدار تاغىلىرىمغا قاراپ: «ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار!» — دەپ ۋارقىراپتۇ. قوشنا دۇكاندىكى كىشىلەر قەيەردىندۇر بىر زەمبىلنى تېپىپ، دادامنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بىچارە دادامغا قىلىنغان مۇشۇ زۇلۇم مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە ئادالەت ۋە قىساس تۇيغۇسىنى ئويغاتقاندى. مەن يىلدىن - يىلغا ئۇلغىيىۋاتقان مۇشۇ تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتىم.

مەن ھەر قېتىم مەرھۇم دادامنىڭ ئۆيۈمدىكى چوڭايتىلغان

رەسىمىنى كۆرسەم، ئۆتمۈشتىكى ھېلىقى ناھەق تاياق يەپ، قان تەپچىرىگەن ھالىتى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

## ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى

1944 ـ يىلى ئۆكتەبىر، مېنىڭ 18 ياش ۋاقتىم. مەن دادام بىلەن ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئىلىدا قوزغالغان ئىنقىلاب توغرىسىدىكى ھەرخىل خەۋەرلەر سۈيدۈڭ ناھىيەسىگە كەڭ تارقالدى. خەلق ئارىسىدا بۇ ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار كۆپەيدى. «ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتالغان ئىنقىلابچىلارنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە بەرگەن قاقشاتقۇچ زەربىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر كىشىلەرنى غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن روھلاندۇردى.

شۇ كۈنلەردە ئىلىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇن ئۇستى ئوچۇق ئاپتوموبىللار بىلەن سۈيدۈڭدىن ھەيۋەتلىك ئۆتكەندى. بەزى ئاپتوموبىللارغا ھەرخىل چوڭ ـ كىچىك زەمبىرەكلەر سۆرىتىلگەن ۋە بەزىلىرىدە ئاجايىب قوراللار تىكلەپ قويۇلغان. بىز بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇننى كۆرۈپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىدۇق. شۇ چاغدا بۇ ئۆتكۈنچى قوشۇننى كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن ئابلەت ئەھمەدى قېشىمغا كەلدى، ئۇ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

ــ خاتىرجەم بولۇڭ! ئىنقىلابچىلار تاغ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، بۇ نېمىلەرنى تېرىپېرەن قىلىۋېتىدۇ، ــ دېدى. مەنمۇ پىچىرلاپ، «راست شۇنداق بولغاي» دەپ ھېسداشلىق قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىلەردە ئولتۇراقلاشقان ئاز ساندىكى خەنزۇلار سېپىل ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە قوراللىق ساقچىلار سېپىل سىرتىغا كەمدىن ـ كەم چىقىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولدى. بەزى كۆنلىرى قوراللانغان بىر روتا ئاتلىق ئەسكەر سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن چىقىپ، غەربىي دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتەتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ خەلققە ھەيۋە قىلغىنى ئىدى. تىنچ كۈنلەردە يىللاپ يېپىلمايدىغان سېپىل دەرۋازىلىرى مەھكەم تاقىلىدىغان بولدى. سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرى رېمونت قىلىنىدى.

كېچىلىرى سېپىل سىرتىدىكى مەھەللىلەردە ئامانلىق ساقلىغۇچىلار نۆۋەت بىلەن تاڭ ئاتقۇچە كوچا ئارىلاپ يۈرىدىغان بولدى. چىنىباغ مەھەللىسىدىن مەن، ھاشىم تاغامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم، يەنە ئىككىيلەن بىرنەچچە قېتىم كېچىلىك قاراۋۇل بولدۇق. بىز جىمجىت كېچىدە ئىلى تەرەپكە قۇلاق سېلىپ تىڭشىساق، زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى يەر ئاستىدىن ئاڭلىناتتى. بىز ئاۋازنىڭ چىڭ ــ بوشلۇقىغا قاراپ ئارىلىقنىڭ يېقىن ــ يىراقلىقىنى مۆلچەرلەيتتۇق. كۈندۈزى كۆرگەن ــ ئاڭلىغانلىرىمىزنى كېچىسى سۆزلەپ مۇلاھىزە قىلاتتۇق. ئابلەت ئەپەندىنىڭ ماڭا دېگەن گەپلىرى پارىڭىمىزنىڭ مەزمۇنى ئىدى:

«بۇ زالىملار بىزنى بەك ئەزدى. ئۇيغۇرلاردا ھېچقانداق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك يوق. بىزگە مەھەللە باشلىقلىقىدىن باشقا خىزمەت بەرمەيدۇ، يۇرت چوڭلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ خەلقنىڭ قېنىنى شورايدۇ...»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بەزى دوستلىرىم ئائىلىسىگە كەلگەن دەرد ــ ئەلەملەرنى سۆزلىدى. مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا (1934 ــ يىلى) ھېلىقى يامۇل ئەمەلدارىنىڭ دادامغا قىلغان ناھەق زۇلمىنى سۆزلەپ بەردىم. مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ناھەق ۋەقەلەر بىزنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى زالىملارغا قارشى قىساس ئالىدىغان دەرىجىدە ئۆچ قىلىۋەتتى. بىز ئارىلاپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئايلىنىپ كېلىپ يەنە پاراڭغا چۈشەتتۇق. بىز قاراۋۇللۇق قىلغان ھەربىر كېچىنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ، تۈن يېرىمىدىن خېلى ئۆتكەندە

ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ ئۇخلايتتۇق.

## سۇيدۇڭ سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلىش

1944 ـ يىلى نويابىرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئاتلىق ئىككى پارتىزاننىڭ بىزنىڭ كوچىدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆردۇق. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى پارتىزانلارنى كۆپرەك ئۇچرىتىدىغان بولدۇق. سېپىلنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تۆت كوچا قاتار دۇكانلار بىلەن گىرەلەشكەن ئاۋات بازار ئىدى. كوچىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى دۇكانلار سېپىلغا يېقىن سېلىنغان بولۇپ، بۇ دۇكانلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيلەر سېپىلغا تۇتىشىپ تۇراتتى، بۇ دۇكانلار بىلەن ئۆيلەر ئاساسەن خەنزۇ تىجارەتچىلەرنىڭ ئىدى. كوچىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى دۇكان ۋە هويلا ـ ئارانلاردا ئۇيغۇر، خەنزۇ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، سېپىلنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرى ئوچۇقچىلىق ئىدى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتىزانلار سۇيدۇڭ سېپىلىنى جەنۇب ۋە شەرق تەرەپتىن تولۇق مۇھاسىرىگە ئالدى. تۆت كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دۇكان ۋە ئۆيلەر قورۇقدالغان بولۇپ، ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە تېشىپ بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان. پارتىزانلار دۇكانلار ئىچىگە مۆكۈنۈپ يۇرۇپ، سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن ئېتىشاتتى. مۇھاسىرىنىڭ بوشراق كۈنلىرىدە دۈشمەنلەر كوچىدا كېتىۋاتقان پۇقرالارنىمۇ ئېتىۋەتكەندى.

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاغامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز مۇھاسىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەرگە كۆرۈنمەيدىغان يوللار بىلەن پارتىزانلار تۇرغان ئۆيلەرگە باردۇق. بىرنەچچە ئۆيدە پارتىزانلار تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن سېپىل ئۈستىدىكى قوراللىق دۈشمەنلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى پىككتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تارىسى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپتۇ. دۈشمەنلەرمۇ سېپىلنىڭ كۈڭگۈرلىرىدىن پارتىزانلارنى كۆزىتىدىكەن. ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى كۆرۈپ-كۆرمەي ئېتىشىپ قالىدىكەن. يولنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە (سېپىل ياقىسىغا) ئۆتۈش خەتەرلىك بولسىمۇ، ئېھتىياج تۈغۇلغاندا پارتىزانلار ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. تۆت كوچىدىكى رەستىلەردە، تاملىرى تېشىلگەن دۇكانلاردا چىنە - قاچىلار، كىيىم - كېچەك، ھەرخىل ئۆي سايمانلىرى چېچىلىپ يېتىپتۇ. بەزىلەر كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقان. ئىبراھىم ئىككىمىز پارتىزانلارنىڭ دۈشمەننى كۆزىتىپ قاراشلىرىغا، ئاندا - ساندا بىر - ئىككى پاي ئېتىپ قويۇشلىرىغا قىزىقىپ قاراپ تۇردۇق. بىزنىڭمۇ زوقىمىز كېلىپ مىلتىق ئېتىپ باققۇمىز كەلدى. بىزنىڭ بۇ ئارزۇيىمىزنى چۈشەنگەن بىر پارتىزان: «ئەسكەر بولساڭلار سىلەرگىمۇ مىلتىق بېرىدۇ» - دېدى.

— يارىساقلا ئەسكەر بولىمىز، - دېدىم مەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىز شۇ يەرگە (مۇھاسىرە لىنىيەسىگە) بىرنەچچە قېتىم بېرىپ كەلدۇق.

## ئىنقىلابىي قىزغىنلىق

شۇ كۈنلەردە غۇلجىدىن ۋە قورغاستىن تۈركۈملەپ پارتىزان ئەترەتلىرى كېلىپ، سېپىلنىڭ جەنۇب ۋە شەرق تەرىپىدىكى مۇھاسىرە چەمبىرىكى كۈچەيتىلدى. كېچىلىرى دۈشمەن تەرەپتە ئىشپىيونلارنىڭ سېپىل تۈۋىگە كېلىپ، دۈشمەنگە مەلۇمات بېرىدىغان ئىشلىرى بىرنەچچە قېتىم يۈز بەردى. مۇنداق ئىشپىيونلار قولغا چۈشكەندىن كېيىن گومىنداڭچىلار بۇ ۋاستىدىن تامامەن مەھرۇم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن گومانلىق بېشارەت سېزىلگەن ھامان بىزنىڭ ئاپتومات، پىلىموتىمىز تاتىلدايدىغان بولدى.

1944 ـ يىلى 13 ـ دېكابىر ئىبراھىم ئىككىمىز دەرۋازا ئالدىدا تۇرساق، ئىككى ئاتلىق پارتىزان يېپيېڭى بەش ئاتار مىلتىقنى كۆتۈرۈپ:

ــ ھازىر ئىشتابقا يېڭى قوراللار كەلدى، ئەسكەر بولۇشنى خالايدىغانلار ئىشتابقا بېرىپ يېزىلىڭلار. قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ كۆرەشكە ئاتلىنىڭلار! ــ دەپ ۋارقىراپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

ــ يۈرە، ئىبراھىم، بىزمۇ ئەسكەر بولۇپ ئىنقىلابقا قاتنىشايلى، كۆپچىلىك نېمە بولسا بىزمۇ شۇ! ــ دېدىم مەن.

ئىبراھىم ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدى. ئىككىمىز ئىشتابقا بېرىپ ئەسكەرلىككە تىزىملاتتۇق، شۇ يەردىلا ئاپتومات ئاسقان بىر يىگىت بىزنى ئازاق مەھەللە مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى يوغان بىر ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆيدە بىزگە ئوخشاش يىگىرمە نەچچە ياش بالا بىر بەش ئاتار مىلتىقنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈۋاتقان، بىرەيلەن مىلتىقنى چۇۋۇماستىن ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانىكەن:

ــ مانا، ماۋۇ ئوق سالىدىغان قۇتىسى، ماۋۇ زاتۋورى، بۇنى مۇنداق قايرىپ باسساق مىلتىق بەتلىنىدۇ، ماۋۇ تەپكىنى باسساق ئوق ئېتىلىدۇ، ــ دەپ تەپكىنى باسقانىدى. تارس قىلغان ئاۋاز چىقتى.

ــ چۈشەندىڭلارمۇ؟

ــ چۈشەندۇق.

ــ يەنە بىر كۆرسىتىپ بېرىڭ!

ئۆگەتكۈچى يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. بىزنى باشلاپ كەلگەن (ئاپتومات ئاسقان) يىگىت ئازاق مەھەللىسىدىكى بىر باينىڭ ئوغلى ئىدى. بىزنىڭ ئۈچ ۋاق تامىقىمىز بايلارنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن كېلەتتى. ھەركۈنى ئىككى قېتىم (چۈشتىن ئاۋۋال ۋە چۈشتىن كېيىن) رەتكە تىزىلىپ كوچا ئايلىنىپ يۈگۈردۇق. بىركۈنى چىنىباغ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھاشىم تاغام بىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىز كولۇمسىرەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتۇق. تاغام ئارقىمىزدىن قاراپ قالدى. ئۈچ كۈندىن بېرى بىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمىزنى بىلەلمەي ئەنسىرەپ تۇرغان كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن: «ئوغلۇم ساۋاتسىز، ئىش كۆرمىگەن، ئەسكەرلىكنىڭ خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بالا ئىدى. مۇھەممەد ئەگەشتۈرۈپ كەتتى....» دېگەنلىكىنى كېيىن دادامدىن ئاڭلىدىم.

دادام مېنىڭ ياغاچ مىلتىقلارنى ياساپ، تاغىلىرىمنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئەسكەرلەردەك مەشىق ئويناشلىرىمغا قاراپ مېنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىدىغانلىقىمنى سېزىپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا ماڭا ھېچنېمە دېمەي، ھەربىر نامىزىدا تىنچ ـ ئامانلىق تىلەيتتى.

پارتىزانلىق مەشغۇلاتىمىزنىڭ 4 ـ كۈنى كوماندىرىمىز:

— مەن ھازىر سىلەرنى باش ئىشتابقا ئاپىرىپ، باشلىقلارغا دوكلات قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى شۇلار ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — دېدى.

كوماندىرىمىز بىزنى ھەربىيچە يۈرۈش بىلەن باش ئىشتابقا ئېلىپ باردى. ئىشتاب ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ھەربىي ئىشلار ۋە مەمۇرىي ئىشخانىلىرى ئايرىم ئىدى. ئىشتابتىن ئۈچ ئادەم چىقىپ بىزنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ چاغدا ياسىن خۇدابەردى[1] مېنى كۆرۈپ:

— سەنمۇ ئەسكەر بولدۇڭمۇ؟ بېرى كەل، مەيەردە سەن قىلىدىغان ئىش بار، — دەپ مېنى سەپتىن ئايرىپ ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئىشتابتا مەمۇرىي بۆلۈمنىڭ كۆچۈرگۈچى كاتىپى بولۇپ قالدىم. ناھىيە رايونلىرىغا، قىسىملارغا ۋە بايلارغا يېزىلىدىغان ھەرخىل مەزمۇندىكى ئالاقىلەرنى يېزىش ۋە ئاققا كۆچۈرۈش بىلەن

① ياسىن خۇدابەردى 1935 — 1937 ـ يىللىرى سۈيدۇڭ خەيرىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىم ئىدى.

بەند بولدۇم. مەزمۇنى قىيىنراق ئالاقىلەرنىڭ كوپىيەلىرىنى ياسىن خۇدابەردى ئۆزى يېزىپ بېرەتتى. مەن ئاقتا كۆچۈرۈپ بەرسەم، ئىشتاب تامغىسىنى بېسىپ يوللىۋېتەتتى. ماڭا ياسىن خۇدابەردىدىن باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئىش بۇيرۇيتتى. بىر كۈنى بېلىگە تاپانچا ئاسقان رۇس كوماندىر بىلەن بىر ئۇيغۇر مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى:

— مۇنۇ خەتنى ئۆزگەرتمەي رۇسچە كۆچۈرۈپ بېرىڭ، — دېدى ھېلىقى ئۇيغۇر. مەن كىچىكرەك ئىككى بەت قەغەزگە رۇسچە يېزىلغان خەتنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ تېز يېزىلغان خەت بولغاچقا ئوقۇيالمىغان سۆزلەرنى ئۆزىدىن سورىۋالدىم. ئۇ: تېزرەك يېزىپ بەر، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن كېلىپ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ:

— «خاراشو!»[1] دەپ قويدى، — دە، ئاستىغا ئىمزاسىنى قويۇپ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ رۇسنىڭ كاتىپلىقىنى بىرنەچچە قېتىم قىلدىم.

## سۇيدۇڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى

دېكدىبىر كىرىشى بىلەن سۇيدۇڭ سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلغان پارتىزانلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى، جەڭگىۋارلىقىمۇ كۈچەيدى. مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سۇيدۇڭنى قەتئىي ئازاد قىلىش قارار قىلىنغانىدى. سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن پارتىزانلارنىڭ ئېتىشىشلىرى گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيىپ تۇردى. تاغلىقىزە تەرەپتىن سېپىل ئىچىگە مىناميوتلار ئېتىلدى. مۇشۇنداق كەسكىن ھۇجۇملار ئارقىلىق دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىنغان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. سېپىلغا شوتا قويۇپ چىقىپ،

[1] رۇسچە «ياخشى» دېگەن سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گىرەلەشمە ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. بۇ 24 ـ دېكابىر ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە قورالسىز يېڭى پىدائىيلار (مېنىڭ سەپداشلىرىم) ئۇزۇن ياسالغان ئون نەچچە شوتىنى سېپىل تۈۋىگە ئەكەلدى. بىر ـ بىردىن سېپىل تۈۋىگە تىكلەپ قويغاندىن كېيىن قوراللىق پارتىزانلار چىقىشقا باشلىدى. سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر تارسىلدىتىپ ئوق ئېتىپ، بىرمۇ پارتىزاننى چىقارمىدى. شوتىنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقالىغان پارتىزانلاردىن ئون نەچچىسى قۇربان بولدى. بۇ چارە ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن سېپىل ئەتراپىدىكى قوراللىق ۋە قورالسىز پارتىزانلار چېكىنىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. تاڭ يورۇغانسېرى بۇلار پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. كۈن چىقاي دېگەندە ئىككى پارتىزان سېپىل تۈۋىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ يولنىڭ بۇ قېتىغا ئۆتتۈۋالدى. بۇلارغا ئاتقان ئوق تەگمىدى. كۈن چىقىپ جاھان يورۇپ كەتتى. ئارىلىقى ئون مېتىرچە كېلىدىغان توغرا يولدىن ئۆتۈش بەكمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا نەۋرە ئىنىم ئىبراھىم پەملەپ تۇرۇپ يۈگۈرگەنىكەن، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئوق تېگىپ يىقىلىپتۇ.

شۇ كۈنى مەن يەنە بىر كاتىپ بالا بىلەن ئىككىمىز شەھەرنى ئىشغال قىلغاندا دۇكانلارغا چاپلايدىغان پېچەتلەرنى يېزىۋاتاتتۇق. سائەت ئون ئەتراپىدا ئىبراھىمنىڭ قۇربان بولغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆيگە باردىم. جەسەتنى مېھمانخانا ئۆيگە ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئەتراپىدا ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى كۆز يېشى قىلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قايغۇلۇق هالدا تۇرۇشۇپتۇ. مەن جەسەتنىڭ مەيدىسىنى ئېچىپ قارىسام، ئوق يەلكىسىگە تېگىپ، يۈرەكتىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەن قايغۇلۇق هالدا خىيالغا چۆكتۇم.... 13 ـ دېكابىر كۈنى ئىبراھىمنى ئەسكەر بولۇشقا قىزىقتۇرمىسام بوپتىكەن، ئەپسۇس !... ئۇ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەنىدى.

ئىبراھىم قۇربان بولغاندىن كېيىن ھېچكىم بۇ ئارىلىقتىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياسىن خۇدابەردىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆتمىتۆشۈك ئۆيلەر ئارقىلىق تۆت كوچا تەرەپكە بېرىپ، قورالliq پارتىزانلارنىڭ سېپىل ئۈستىگە كۆچلۈك ئوق ياغدۇرۇشى ئاستىدا سېپىل تۈۋىدىن يولنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتۈۋالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە گومىنداڭچىلارغا قىلىنغان ھۇجۇم ھەرقانچە كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ دۈشمەن قىلچە بوشاشمىدى، باشقا چارىلەرمۇ نەتىجە بەرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سېپىلنى پارتلىتىش ئارقىلىق شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىش قارار قىلىندى. 29 ـ دېكابىر تۈن يېرىمىدا يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان قاتتىق گۈمبۈرلەش بىلەن سېپىلنىڭ جەنۇب تەرىپى پارتلىدى. مۇشۇ مىنۇتنى كۈتۈپ تۇرغان قورالliq پارتىزانلار، كالتەك، چوماقچىلار شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىرىشتى. كوچا ئۇرۇشى ۋە گىرەلەشمە جەڭلەر داۋاملاشتى، كالتەك، چوماقچىلاردىن بەزىلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقى، بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلاندى ۋە بەزىلىرى پىتراپ قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. شەھەر ئىچىگە كىرگەندە پۇقرالارغا چېقىلماسلىق، ئۆي ۋە دۇكانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىق ھەققىدە تەكرار ئۇقتۇرۇش قىلىنغان بولسىمۇ ئىنقىلابنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەيدىغان ئەقىلسىز، نادان ياشلار بۇيرۇققا خىلاپ ئىشلارنى قىلدى. ھەر تەرەپكە پىتراپ قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەمنى ئېتىپ ماڭدى. شۇ كېچىسى بىزنىڭ مەھەللىگە يېقىن كوچىدىن قېچىپ ئۆتكەن بىر دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بىز تونۇيدىغان ئۈچ ئادەمنى ئېتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۇق.

شەھەر ئىشغال قىلىنىپ ئەتىسى ئىشتابتىكى ئون نەچچىمىز شەھەر ئىچىگە كىرىپ، دۇكانلارغا پېچەت چاپلىدۇق. شەھەر ئىچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسەن تىنچىتىلغان بولسىمۇ كوچىلاردا ئۆلۈكلەر، چېچىلغان مال ـ مۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، چىنە ـ قاچا، قەغەز پۇللار دەسسىلىپ ياتاتتى. بەيتىلمالنىڭ (ھۆكۈمەت خەزىنىسىنىڭ) ئادەملىرى مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى بەلگىلەنگەن جايلارغا توپلىماقتا ئىدى. بۇ ئىشلار بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

1945 ـ يىلى يانۋارنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە سۈيدۈڭ ناھىيەلىك مۈلكىي ئىدارە (ناھىيەلىك ھۆكۈمەت) قۇرۇلۇپ، ئابدۇللا ھاجىم ھاكىم، ياسىن خۇدابەردى باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندى، يېڭى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت بىچارە دادام تاياق يېگەن يامۇلغا ئورۇنلاشتى. شۇ كۈنلا ياسىن خۇدابەردى مېنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ قىلىپ يېنىغا ئەكىرىۋالدى.

ناھىيەمىز يېڭى ئازاد بولغان شۇ كۈنلەردە ئىشلار ناھايىتى كۆپ ۋە ئالدىراش بولغانلىقتىن ئۆيگە قايتماي، ئىشخانىدا يېتىپ قالاتتىم. مەن دېمەتلىك يەنە بىر كادىرنىڭ ئىشخانىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بۇ يىگىت خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ كاتىپى خوجەخمەت ئابلايېف ئىكەن. بىز 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئىشلەپ، بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ، سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بەزى كۈنلىرى بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيتتۇق. ئاپام كىر ـ قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ بېرەتتى.

1943 ـ يىلى خوجەخمەت دادىسى بىلەن قەشقەردىن غۇلجىغا كېلىپ تۇرۇپ قالغانىكەن. دادىسى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، سۈيدۈڭدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانىكەن. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئىنقىلابنىڭ جىددىي كۈنلىرىدە باشلىنىپ، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئۇنتۇلماس دوستلۇق بولۇپ قالدى.

# تاشلاندۇق مىلتىقلار

سۈيدۇڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ (كونا يامۇلنىڭ) بىر چېتىدىكى ئۆيدە پەۋەس كونا تاشلاندۇق مىلتىقلار بار ئىكەن. بۇ شىڭ شىسەي دەۋرىدە خەلقتىن يىغىۋېلىنغان كونا زاماندىكى بەردەنگە، مۇزىپان ۋە ئوۋ مىلتىقلىرى ئىكەن. بۇ مىلتىقلارنىڭ قونداق، پاينەكلىرى سۇندۇرۇپ تاشلانغان. بەزىلىرى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن ۋە بەزىلىرىنىڭ زاتۋورلىرى يوق. بەش ـ ئالتىمىز ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە نەچچە يۈز تاشلاندۇق مىلتىق ئارىسىدىن ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىرىنى ئىزدىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايىغىمىزنىڭ ئاستىدىكى ھەرخىل مىلتىقلارنى تاراقشىتىپ، ئۇياق ـ بۇياققا تاشلاپ، ئاستىدىكىلەرنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەتتۇق. يارىماسلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ، يارىغۇدەكلىرىنى ئاجرىتىپ كېتەتتۇق. بىز مۇشۇنداق مىلتىق ئىزدەۋاتقان 3 ـ كۈنى بىر مىلتىق ۋاڭگىدا ئېتىلىپ كەتتى. ئوق ھېچقايسىمىزغا تەگمەي تامغا كىرىپ كەتتى. بىز شۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئىزدەيدىغان بولدۇق. مەن 5 ـ كۈنى ۋېنگرىيەدە ئىشلەنگەن 32 ـ رازمېرلىق ئوۋ مىلتىقنى تېپىۋېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئالدىرىماي ئۇنىڭ داتلىرىنى سۈرتۈپ تازىلاپ مايلىسام زاتۋورى ھەرىكەتلەندى. ئاندىن ئۇنىڭغا قونداق ياساپ بېكىتتىم. يەنە شۇ ئۆيدىن ئۇنىڭغا چۈشىدىغان مىشەكتىن يەتتە تالنى تاپتىم. بىرنەچچىمىز ئىشتىن چۈشكەندە ھەمكارلىشىپ قوغۇشۇندىن پىترە ياساپ ئوق تەييارلىدۇق. باشلىقلىرىمىز يىغىن ئاچقان بىركۈنى بىز مىلتىقلىرىمىزنى بەتلەپ، قاغا، قۇشقاچلارنى ئېتىپ ئوينىدۇق. مېنىڭ مىلتىقىم باشقىلارنىڭكىدىن ساز ھەم ياخشى بولۇپ چىقتى. دوستلىرىمنىڭ ھەۋىسى كېلىپ، بىرەيلەن: سېتىپ بەر، دېدى. يەنە بىرەيلەن: بىر قويغا تېگىشەمسەن؟ ـــ دېدى. مەن ئىككىلىسىگە، ـــ

ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياق ! ــ دەپ جاۋاب بەردىم.

شۇ يىلى يانۋاردا مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ھادىسە يۈز بەردى: 13 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئىشخانىدا تام مەشكە ئوت قالاۋېتىپ قولىدىكى كونا مىلتىقنىڭ ئىستۇۋۇلىدىن تۇتۇپ، ئوق سالىدىغان تەرىپى بىلەن ئوتنى چۇخچىلاپتۇ. بىر چاغدا ۋاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بالا ئارقىسىغا يىقىلدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن كۆكسىنى تۇتقان ھالدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «مېنى قۇتقۇزۇڭلار، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە دەلدەڭشىپ بېرىپ، بىر كىشىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى. كىشىلەر ناسىلكا تېپىپ كېلىپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغۇچە ئۆلۈپ قالدى. ئۇ بالا ئوت چۇخچىلىغان ئوۋ مىلتىقىنىڭ ئىچىدە ئېتىلمىغان پىترە ئوق بار ئىكەن. شۇ ۋەقەدىن كېيىن تاشلاندۇق مىلتىقلار بار ئۆيگە قۇلۇپ سېلىندى.

بىر كۈنى مەن ھويلىدا پىترە ئوق ياساۋاتسام، دادام قېشىمغا كېلىپ:

ــ مەن سېنىڭ مۇشۇ مىلتىقىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ــ دېدى.

ــ خاتىرجەم بول، دادا ! دىققەت قىلىمەن. مەن بۇ مىلتىقنى بىر قويغا تېگىشمىدىم، ــ دېدىم.

ــ ئەخمەقلىق قىپسەن، ھازىر بىزگە مىلتىق ئەمەس، پۇل كېرەك. بىر قوينىڭ پۇلى بىزگە بىر ئاي خىراجەت بولىدۇ ئەمەسمۇ! ــ دېدى.

مەن خىجىل بولدۇم. تېخى ئۆلۈشكۈنى گۆشسىز پولۇ يېگەنىدۇق. ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقى، دادامغا قىلىنغان جەبىر - زۇلۇم يادىمغا كېلىپ، گومىنداڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. بەزى كۈنلىرى بىر ھويلىدا بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان نەۋرە ئىنىم ئىبراھىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى قىساس ئېلىشقا ئۈندەيتتى. مەن ئابلەت ئەھمەدىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كۈنلەردىلا ئەسكەر بولۇشنى نىيەت قىلغانىدىم. مىلتىقتا بولغان ئامراقلىقىم مېنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ بولۇشتىن زېرىكتۈرگەنىدى.

# ئەسكەر بولغىنىم بولغان

## 1

1944 ـ يىلى دېكابىردا پىدائىي پارتىزان بولۇپ يېزىلىپ، 4 ـ كۈنى ئىشتابتا كاتىپ بولۇپ قالدىم. سۈيدۈڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن مەندىن باشقا ھايات قالغان پىدائىيلار قورالىلىق ھەربىي قىسىمغا قوشۇلۇپ كەتتى. مەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە كۆچۈرگۈچى كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. ئارزۇيۇم نەدە قالدى؟ مەن بۇ ئارزۇيۇمنى خوجەخمەتكە دېدىم.

— سىزنىڭ ئەسكەر بولۇشىڭىزغا ئاتا ـ ئانىڭىز قوشۇلامدۇ؟ سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ تۇنجى ئارزۇلۇق ئوغلى ئىكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرە ئىنىڭىزنىڭ قۇربان بولغانلىقى ئاتا ـ ئانىڭىزغا قاتتىق تەسىر قىلىپتۇ. مېنىڭچە، سىز ئۇلارنى ئەنسىرەتمەي، مۇشۇ خىزمەتنى قىلىۋېرىڭ، — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن بىرەر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. مارتنىڭ ئاخىرىدا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتسام، ھەربىي فورما كىيگەن پىدائىي دوستلىرىمدىن بىرى ئۇچراپ قالدى. بىز سالاملاشقاندىن كېيىن:

— قالتىسقۇ؟ — دېدىم مەن.

— سەندىن باشقا ھەممەيلەن رەسمىي ئەسكەر بولۇپ قالدۇق، — دېدى ئۇ.

دوستۇمنىڭ «سەندىن باشقا» دېگەن سۆزى ماڭا ھار كەلدى. مەن ئۆزۈمنى ئىرادىسىز ھېس قىلدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە پولك ئىشتابىغا بېرىپ رەسمىي ئەسكەرلىككە يېزىلدىم. ئۆزۈم خۇشال، ئەمما بىر غېمىم بار: تەسلىكتە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئالغىلى باردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئەتىگەندە نەگە يوقاپ كەتتىڭ؟ — دېدى ياسىن خودابەردى.

— ئىشتابقا بېرىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە يېزىلىپ قويۇپ كەلدىم.

— نېمىشقا مەندىن سورىماي بېرىپ يېزىلىۋالدىڭ؟

— سىزدىن سورىسام، بەربىر ئۇنىمايسىز.

— بۇ يەردىكى خىزمەت ئىنقىلاب ئۈچۈن بولماي، مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشىممىدى؟ ئەجەب بەڭباش بولۇپ كېتىپسەنا !؟

— ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلىپ باقاي.

— خالىغىنىڭنى قىلىپ باق!... — دېدى ئاچچىقلىنىپ.

شۇ كۈنى يامغۇر ياغقان، يوللار پاتقاق ئىدى. مەن پولك ئىشتابىغا بېرىپ، شۇ كۈنكى پىدائىيلار بىلەن تەقسىماتنى كۈتۈپ چۈشكىچە تۇردۇم. بىر ئەسكەر يېنىمغا كېلىپ:

— سىزنى بىرەيلەن چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى. مەن سىرتقا چىقسام، قورۇدا دادام، ئاپام، ھاشىم تاغام ئۈچەيلەن سىم — سىم يېغىۋاتقان يامغۇرغا پىسەنت قىلماي ئۆرە تۇرۇپتۇ. دادام غەمكىن چىرايى بىلەن مەندىن نارازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ئاپام يىغلامسىراپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سېنى بىر جەڭدىن ئامان قالدى دەپ خۇش بولساق، يەنە ئەسكەر بولۇۋاپسەنغۇ!؟ بىزگە ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟ — دەپ يىغلاپ كەتتى. ھاشىم تاغام ئاچچىق بىلەن:

— سەن ئەسكەرلىكنى ئويۇن دەپ ئويلاپ قاپسەن. بۇ جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش. ئىبراھىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بىز باشلىقىڭغا دەپ سېنى چىقىرىۋالايلى، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار! مەن ئەسكەرلىكنى ئويۇن دەپ بىلگىنىم يوق، خەلقنى ئازاد قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىش دەپ بىلىمەن. سېنى ئۇرغان، ساڭا ئوخشاش يۈزمىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن دارىن، جۇجاڭ، شەنجاڭلارنىڭ ئەدىپىنى بەردۇق. بۇ ئۇلۇغ ئىش ئەمەسمۇ؟! سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىش تۈگىمىدى.

ئىبراھىمغا ئوخشاش مىڭلىغان ياشلار مۇشۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن قۇربان بولۇۋاتىدۇ. مەنمۇ قۇربان بولسام، خەلق سىلەردەك ئاتا ـ ئانىلاردىن رازى بولىدۇ. ئىنقىلاب قىلغان ئىكەنمىز، بىرباشقا ئىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. سىلەر بىزگە نۇسرەت تىلەڭلەر! ـــ دېدىم.

دادام بىلەن ئاپام بىر ئاز يۇمشىغاندەك بولدى. لېكىن ھاشىم تاغام قايىل بولمىدى. قاپقارا ساقىلىنى تۇتاملاپ قويۇپ:

ـــ مەن دېمىدىممۇ! تولا ئوقۇغان بالا گەپدان بولىدۇ. قانداق قىلاتتۇق. خۇداغا ئامانەت دېمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق، ـــ دېدى.

ـــ شۇنداق بولسۇن، دادا، ئاپا، ھاشىم تاغا! مېنىمۇ خاتىرجەم قىلىڭلار!

ـــ خۇداغا ئامانەت، ئوغلۇم!

ـــ خۇدا يامان كۈنلەردىن ساقلىسۇن!

ئۇلار شۇنداق ياخشى نىيەتلىك دۇئالىرى بىلەن ئەنسىز كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىپ قايتىپ كېتىشتى. مەن يەنە بىر غەمدىن قۇتۇلۇپ يېنىكلەپ قالدىم.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىرنەچچىمىز 2 ـ باتالىيوننىڭ 4 ـ روتىسىغا تەقسىم قىلىندۇق، مەن 1 ـ ئىزۋوتنىڭ 2 ـ ئوددېلېنىيەسىگە ئورۇنلاشتىم، مەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەربىي تۇرمۇشنىڭ تۈز ـ تەمىنى تېتىشقا باشلىدىم.

2

بىز ھەر كۈنى ئوددېلېنىيە بويىچە ئىككى سائەت سىياسىي ئۆگىنىش قىلاتتۇق. بۇنىڭدا ئىنقىلابقا، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيەگە ۋە خەلققىرا ۋەزىيەتكە دائىر ماقالىلەر ئوقۇپ بېرىلەتتى. ئاندىن قورال ـ ياراغلار بىلەن تونۇشۇش، ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتۇق. بەزى كۈنلىرى ئىزۋوت بويىچە تىزىلىپ ھەربىيچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈرۈش مەشقى قىلاتتۇق. كېچە ـ كۈندۈز سېپىل ئۈستىدە نۆۋەت بىلەن پوستتا تۇراتتۇق. بۇ پوست (قاراۋۇل) كۈندۈزى تىنچ ـ خاتىرجەم ئۆتەتتى. لېكىن كېچىلىك پوست ئەنسىز، ۋەھىمىلىك ئىدى. مەن ئەسكەر بولۇپ 2 ـ كۈنى كېچىسى سائەت 12 دىن 2 گىچە شەرقىي دەرۋازا ئۈستىدە پوستتا تۇردۇم. مەن سېپىل ئۈستىدىكى ماڭا تەۋە يۈز مېتىر ئارىلىقنى توختىماي مېڭىپ، تىڭتىڭلاپ كۆزەتتىم. شەھەر ئىچى تىنچلانغىنىغا ئۈچ ئاي بولغان بولسىمۇ، بەزى كېچىلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغۇچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مەن پوستقا تۇرغان ئىككى سائەت ئىچىدە مۇنداق ھادىسە يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئىككى سائەتلىك ھەربىي مەجبۇرىيەت، مۈرەمدىكى مىلتىق مېنى سىنايدىغان دەسلەپكى پۇرسەت بولۇپ قالدى. دەل سائەت ئىككىدە نۆۋەتچى مەسئۇل قاراۋۇل كېلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى ھەممە پوستنى ئالماشتۇردى. مەن ياتاقىمغا كىرىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم.

## يېڭى ۋەزىپە

ئەتىسى — ئەسكەر بولۇپ 3 ـ كۈنى ناشتىدىن كېيىن ياتاقتا ئوددېلېنىيە كوماندىرىمىز بەش ئاتار مىلتىقتىن بىرنى چۇۋۇپ قوراشتۇرۇشنى ئۆگىتىۋاتاتتى. 25 ياش ئەتراپىدىكى زىيالىي سۆپەت ئوفىتسېر ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەممىمىزگە بىر قاراپ قويۇپ:

— مۇھەممەد رەھىم دېگەن كىم؟ — دېدى.

— مانا، مۇشۇ بالا ! — دەپ مېنى كۆرسەتتى ئوددېلېنىيە كوماندىرىمىز.

مەن كېچە پوستتا تۇرغاندا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوخشايمەن، دەپ قورقۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— يۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ ! — دەپ مېنى ياتاقتىن ئېلىپ

چىقىپ روتا ئىشتابىغا باشلاپ كىردى. ئىشتابنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدە ئىككى ئوفىتسېر، بىر ئاددىي ئەسكەر ئولتۇرۇپتۇ. بىز كىچىككىنە ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە قارىمۇقارشى ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭ ئىللىق چىرايىغا قاراپ، ماڭا جازا ئەمەس، باشقا بىر ئىش بارلىقىنى سېزىپ خاتىرجەم بولدۇم. ئۈستەل ئۈستىدە ئۇيغۇرچە گېزىت، بىرنەچچە كىتاب، رۇسچە ژۇرناللار تۇراتتى.

— سىز قايسى مەكتەپتە قانچىلىك ئوقۇدىڭىز؟

— مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى سۇيدۇڭدە ئوقۇدۇم. 1937 ـ يىلى ئائىلىمىز غۇلجىغا كۆچۈپ باردى. مەن «تائالىيە» مەكتىپىدە 1942 ـ يىلىغىچە ئوقۇپ ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتىم. شۇ يىلى ئائىلىمىز سۇيدۇڭگە قايتىپ كەلدى. مەن سۇيدۇڭدىكى رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇدۇم ۋە دادام بىلەن ياغاچچىلىق قىلدىم.

— مەن سىزنىڭ ئۇيغۇرچە، رۇسچە ساۋاتىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

ئۇ قەغەز، قەلەمنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ، ئۇيغۇرچە گېزىتنى قولىغا ئالدى.

— مەن ئوقۇغان جۈملىلەرنى سىز يېزىڭ، — دېدى.

ئۇ مەن يازغان ئون نەچچە قۇر خەتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

— خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا ئىكەن. مەن غۇلجىدىكى «ئۈمىد» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ئىدىم. سىزدەك ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىمىز بار ئىدى. ئەمدى رۇسچە ئىككى جۈملە سۆزنى دەپ بېرەي، سىز يېزىپ بېقىڭ، — دېدى ـ دە، رۇسچە ژۇرنالدىن يېرىم ئابزاسنى ئوقۇدى. مەن رۇسچە يازدىم. ئۇ مېنىڭ يازغىنىمنى ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئىملا خاتالىرىدىن تۆت ـ بەشنى تېپىپ تۈزەپ قويدى.

— رۇسچە ساۋاتىڭىزمۇ خېلى ياخشى ئىكەن، سىز بۈگۈندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېتىبارەن مۇشۇ روتىنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى قىلىسىز. ھەممە ۋاقىت، ھەممە ئىشتا بىز بىلەن بىللە بولىسىز، ــ دېدى. ئۇ ئىشتابتا ئولتۇرغانلارغا رۇسچە: «بىز ياخشى كاتىپ تېپىۋالدۇق!» دەپ خۇشاللىقىنى بىلدۈردى. بۇ كىشى ئىشتاب باشلىقى ناسرۇوف زاكىر ئىكەن.

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئاددىي ئەسكەرلىكتىن روتا ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىللە ھەربىي تۇرمۇش كەچۈرىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. كۈندىلىك ۋەزىپەم پولك ئىشتابىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ھەربىي مەشغۇلات ۋە سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆپەيتىپ يېزىپ ئىزۋوتلارغا تارقىتىمەن. پولك ئىشتابىغا يېزىلىدىغان مەلۇمات، ئىلتىماسلارنى رۇسچە يېزىپ يوللايمەن. روتىمىزنىڭ دوختۇرى ۋە ئالاقىچىسى بىلەن ئۈچەيلەن ھەر كۈنى جەڭچىلەر ياتاقلىرىنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرىمىز. مەن ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن قورۇدا روتا ئەسكەرلىرىنى رەتكە تىزىپ، تىزىملىك بويىچە يوقلىما قىلىمەن. شۇ كۈنى بىرەر ئەسكەر يوقلىمىغا قاتنىشالمىغان بولسا، شۇ ئەسكەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىشتاب باشلىقىغا دوكلات قىلىمەن (بۇ بەكمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال). ھەر كۈنى تەكرارلىنىدىغان ئادەتتىكى ئىشلاردىن باشقا ئىشلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭ بەزىلىرى مېنى خېلى ئاۋارە قىلاتتى. مەسىلەن: روتىمىزدىكى بارلىق جەڭچى، ئوفىتسېرلارنىڭ رويخېتىنى رۇسچە يېزىپ چىقىش مەن ئۈچۈن قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

بىزنىڭ روتىمىز ھەر ئايدا بىر قېتىم سۇيدۇڭ ناھىيەسىنىڭ بەش ـ ئون كىلومېتىر سىرتىغا بېرىپ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزەتتى. ھەر ئايدا بىر قېتىم قارىغا ئېتىش مەشقى ئېلىپ باراتتى. باشقا روتىلارمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇ پائالىيەتلەرگە روتىدىكى ھەممە ئادەم قاتنىشاتتى. مەن تەقلىدىي ئۇرۇش مانېۋىرىدا دوختۇرغا ياردەملىشىپ، يارىدارلارنى ئارقا سەپكە يۆتكىدىم. بەزىلىرىنىڭ يارىسىنى تاڭدىم.

روتا كوماندىرى ۋە ئىشتاب باشلىقى بۇيرۇغان ئىشلارنىمۇ قىلدىم.

روتا بويىچە قارىغا ئېتىش مەشقى ئېلىپ بېرىلغان كۈنلەردە مەنمۇ جەڭچىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، يۈز مېتىر ئارىلىقتىكى نىشانغا ئوق ئاتتىم. بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم رەسمىي مىلتىق ئېتىشىم بولغاچقا، بەش تال ئوقتىن ئاران بىرنى نىشانغا تەگكۈزدۈم. كېيىنكى ئايلاردىكى قارىغا ئېتىش مەشقلىرىدە ئون تال ئوقتىن تۆتنى، ئاخىرقى قېتىم ئالتە تال ئوقنى نىشانغا تەگكۈزدۈم. ئىشتاب باشلىقىم مېنى ماختاپ قويدى:

— ياخشى! سىزدە ئىلگىرىلەش بار. يەنىمۇ تىرىشىپ مەشق قىلىڭ!

روتا ئىشتابىدىكى مۇھىم بىر خىزمەت سەۋەبى بىلەن 4 - قېتىملىق قارىغا ئېتىش مەشقىگە قاتنىشالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مانېۋىر ۋە قارىغا ئېتىش مەشقى ئۆتكۈزۈلمىدى. مارتتىن ئىيۇنغىچە بولغان كۈنلەر ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار ھەربىي مەشىق، تەقلىدىي ئۇرۇش مانېۋىرلىرى بىلەن ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە ئاتا - ئاناممۇ غەم - ئەندىشىدىن يىراقراق ياشىدى.

## ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش

### 1

1945 - يىلى ئىيۇل كىرىشى بىلەن روتىمىزدا جىددىي تەييارلىق ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىمىز مەلۇم بولدى. سېپىل ئىچىدىكى خارابە ئۆيلەردە ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ھەربىي تۇرمۇش ھەممىمىزنى بىزار قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەپەر تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەپ، ئالدىنقى سەپكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۈرۈپ كېتىشكە ئالدىرىدۇق.

ئېيۇلنىڭ 1 ـ ھەپتىسىدە چۈشتىن ئاۋۋال باتالىيونىمىز شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كەڭرى مەيداندا سەپراس بولۇپ تىزىلىپ تۇردى. مەيدان پەرزەنتلىرى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلگەن خەلق بىلەن تولغانىدى. شۇ مىنۇتتا دادام، ئاپام، تاغىلىرىم ۋە باشقا تۇغقانلىرىم مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاپام پېشانەمگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى:

— خۇداغا تاپشۇردۇم، جېنىم بالام. خۇدايىم بالا ـ قازادىن ساقلىغاي.

— خۇدا نۇسرەت بېرىپ ھەممىڭلەرنى سالامەت قىلغاي! — دېدى مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى.

دادام ئۈنسىز بۇقۇلداپ يىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇراتتى. جۇدالىق ھەسرىتى بىلەن ئۆپكىسىنى باسالمىغانلىقتىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىغانىدى. سىڭلىم ئاپامدىنمۇ بەكرەك ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى.

— دادا، ئاپا، يىغلىماڭلار! مۇشۇ جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش بالا. مۇشۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەممىسى، يىغلىغان ـ يىغلىمىغانلار بولسۇن، سىلەرگە ئوخشاش ئاتا ـ ئانا. بىز خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز، ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق. يىغلىماڭلار! — دېدىم.

قاينام ـ تاشقىن جامائەت ئىچىدىن سەللە ئورىغان سالاپەتلىك بىر كىشى «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا ـ تەكبىر قىلدى. پۈتۈن جامائەت بىرگە جەڭلەردە نۇسرەت، مۇشكۇل كۈنلەردە ئاسايىشلىق تىلەپ دۇئا قىلىشتى. قوشۇن ھەربىي كوماندا بويىچە سەپنى رۇسلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز قايتا دىدار كۆرۈشۇشنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك كۆلەڭگىلىرى ئىچىدە ئاقيول تىلەپ قېلىشتى.

باتالىيونىمىز شۇ كۈنى پىيادە مېڭىپ لوسىگۇڭغا كېلىپ ئارام ئالدى. 4 ـ روتا بىر باي دېھقاننىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۆي ئىگىسى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىككى كۈنگىچە قوي سويۇپ، پولۇ، شورپا بىلەن مېھمان قىلدى. 3 ـ كۈنى ئەتىگەندە پىيادە يۈرۈش قىلىپ، كەچتە سايرام كۆلى بويىغا (سىمپىتوزىغا) يېتىپ كەلدۇق. ئەتىسى تاغ باغرىغا رەسمىي ئورۇنلىشىپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىمىزنى تىكىۋالدۇق. قارىغاينىڭ شاخلىرىدىن كەپە ياساپ، روتا ئىشتابى، ئاشخانىلارنى تەييارلىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن 1944 ـ يىلى دېكابىردىن 1945 ـ يىلى فېۋرالغىچە ئۈرۈمچىدىن بىرنەچچە قېتىم تانكا، بىرونېۋىك ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان زور قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. بۇ قوشۇن تەلكە تاغلىرى ئىچىدە قەھرىمان پارتىزانلىرىمىز تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانىدى. گومىنداڭ بۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يەنە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. مۇشۇ ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، باتالىيونىمىز تاغ باغرىدا مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى قېزىپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك ھەرخىل ئۇرۇش مانېۋىرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرمىدۇق. ھەرخىل مانېۋىرلاردا ئۆزگە خاس ھەرخىل پارول (شەرتلىك مەخپىي سۆز) ئىشلىتىلەتتى. جەڭچىلەرگە بېرىلىدىغان سىياسىي تەربىيە ئىشلىرىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى. مەن روتىنىڭ كاتىپى بولغاچقا سىياسىي رەھبەرگە ياردەملىشەتتىم. ھەركۈنى كەچتە تىزىملىككە قاراپ جەڭچىلەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ يوقلىما قىلاتتىم. بۇ تىزىملىك ماڭا ياد بولۇپ كەتكەچكە بەزى كۈنلىرى 120 جەڭچىنى تىزىملىككە قارىماي ئىسمىنى چاقىرىپ يوقلىما قىلىپمۇ تېنىمىگەنىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2

شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالدىنقى سەپكە يۈرۈشنىڭ رەسمىي تەييارلىقى باشلاندى. يۈرۈش ئالدىدا پولك بويىچە بارلىق روتا، باتالىيونلارنىڭ كوماندىرلىرى ئۆستۈرۈلدى. غېنى نۇرتايېف يەرلىك بىر رۇس بىلەن 2 ـ باتالىيونغا كوماندىر بولدى. ئىلگىرىكى قورال ـ ياراغلىرىمىز كونىراق ۋە يېتەرسىز ئىدى. باتالىيونىمىز پىلىموت، ئاپتومات، گىرانات، مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. بىز بۇ يېڭى قوراللارنى كۆرۈپ، روھىي كەيپىياتىمىز جۇش ئۇرۇپ غەيرىتىمىزگە غەيرەت قوشۇلدى.

18 ـ ئاۋغۇست كۈنى كەچ سائەت 10دا سايرام كۆلى بويىدىن قوزغىلىپ، ئالدىنقى سەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. سەنتەيگە كېلىپ بىر سائەت ئارام ئېلىپ، سىتەيگە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. مەن بىر سائەتمۇ ئۇخلىۋالالمىدىم. غېنى نۇرتايېف مېنى ئېتىغا مىندۈرۈپ قويغانىدى. ئۆزى باتالىيوننىڭ ئالدىدا پىيادە مېڭىپ كەتتى. غېنى 2 ـ باتالىيونغا بىر رۇس بىللە بىلەن كوماندىر بولغاندىن بۇيان رۇس تىلىدىن قىينالغانىدى. مەن ياخشى سۆزلىيەلمىسەممۇ مەقسەتنى ئۇقتۇرالايتتىم. شۇڭا غېنى نۇرتايېف مېنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. ناسىروف زاكىر بولسا، كۆپرەك روتىلارنىڭ خىزمىتى بىلەن ئاۋارە ئىدى. زاكىر بەزى كۈنلىرى پولك ئىشتابىدا بولۇپ قالاتتى.

مەن ئاتنىڭ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ مۈگدەشكە باشلىدىم. ھوشيار بولمىسام، ئۇيقۇ مېنى ئاتتىن يىقىتىپ تاشلىشى ئېنىق ئىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ، پۈتۈن قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىغا باردىم. ئەڭ ئالدىدا پولكىمىزنىڭ ئالاھىدە ئىزۋوتلىرى كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن سەپ تارتىپ ماڭغان پىيادە پولك ئاخىرلاشقۇچە ئۇخلىۋېلىشنى ئويلاپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئاتتىن چۈشتۈم.

مىلتىقىمنىڭ تاسمىسىنى مورەمدىن چىقارماي مەيدەمگە باستىم. ئاتنىڭ تىزگىنىنى سول بىلىكىمگە يۆگەپ، بېشىمنى بىر تاشقا قويدۇم، شۇ چاغدا قارىسام، ئاي شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ دەرەخ بويى ئۆرلىگەنىكەن. تۈن سائەت بىر بولغان ۋاقىت ئىدى. مەن قوشۇن ئاخىرلاشقۇچە بىر سائەت ئۇخلىۋېلىشنى مۆلچەرلەپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

مەن ئۇيقۇغا قېنىپ كۆزۈمنى ئاچسام، تاڭ يورۇشقا باشلىغان چاغ بولۇپ، ئاي غەرب تەرەپكە قىيسايغان، ئەتراپ جىمجىت، ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. سەھەر سالقىنى يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا. پۈتۈن قوشۇن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىرمۇ ئادەم مېنى ئويغىتىپ قويماپتۇ. بۇ تاقىر دالادا يالغۇز قالغانلىقىمنى كۆرۈپ تېنىم شۈركەندى. مەن دەرھال مىلتىقىمنى يەلكەمگە ئېسىپ ئاتقا مىندىم ـ دە، قوشۇننىڭ كەينىدىن چاپتىم. تەخمىنەن يېرىم سائەت مېڭىپ، پولكنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئاشخانا سايمانلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋىلىرىغا يېتىشىۋېلىپ كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. ئاتنى يەنە بىر چاپتۇرۇپ باتالىيونۇمغا يېتىشىۋالدىم. باتالىيون كوماندىرىم:

ــ يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟ ــ دېدى. مەن بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم.

ــ نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭىز؟ مەن ھارۋىغا چىقىرىپ قوياتتىم ئەمەسمۇ!

ــ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇيقۇ بوزەك ئەتسە سىزگە دەيمەن، ــ دېدىم.

3

گومىنداڭ قوشۇنلىرى 1945 ـ يىلى يانۋاردا تەلكە ئېچىدىكى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جىڭ ناھىيەسىدە مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇۋالغانىدى. شۇ يىلى ئاپرېلدا مىللىي ئارمىيەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە پولكى جىڭ ناھىيەسىنى غەرب تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالغان بولۇپ، چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرۇۋاتقاندى. سۇيدۇڭ پىيادە پولكى مۇشۇ ماڭغىنىچە جىڭنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلىرىمىز بىلەن بىرلىشىپ جىڭنى ئازاد قىلىدىغان ئوخشايمىز، دېگەن گەپ پەيدا بولدى. لېكىن سۇيدۇڭ پولكى چۆلەدىر، ستەيدىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلۇپ، بورتالاغا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەنزىل - نىشانىمىز باشقا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

بورتالا ناھىيەسى 1945 - يىلى فېۋرالدا ئازاد قىلىنغان بولۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىملاشقان، خەلق ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۈنلەردە پولكىمىز بورتالاغا كىرىپ كەلدى. بىز بۇ يەردە بىر يېرىم كۈن دەم ئېلىپ، 3 - كۈنى سەھەردە يۈرۈپ كەتتۇق. ئىككى كۈن يول يۈرۈپ موفاڭغا (ھازىرقى تولى ناھىيەسىگە) يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە ئارام ئالغان ئىككى كۈن ئىچىدە قوشۇنىمىزنىڭ قورال - ياراغلىرى تەكشۈرۈلۈپ، پىلىموت، مىناميوت، تانكائىتار مىلتىق ۋە ھەرخىل ئوق - دورىلار بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. 3 - كۈنى كۈن پاتقان مەزگىلدە تاغ ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى تاشيول بىلەن سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بۇ، چۆچەك شەھىرى بىلەن شىخو ئارىسىدىكى تاشيول ئىكەن. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا تاغ ئارىسىدىن كەڭرى، تۈپتۈز ئېدىرغا چىقتۇق. كۈن نۇرى بىلەن جۇلالانغان بۇ تۈزلەڭلىك بىزگە كەڭ - كۇشادىلىك بەخش ئەتتى.

كوماندىرلىرىمىز قوشۇننى تېز - تېز يۈرۈشكە بۇيرۇدى. سائەت ئون ئەتراپىدا قوموش بىلەن تولغان سازلىق بويىدىكى پاكار دەرەخلەر دالدىسىغا كېلىپ توختىدۇق. باتالىيون كوماندىرىمىز ئاگاھلاندۇردى:

— بىز ھازىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدۇق. دۈشمەن ئايروپىلانى بىزنى سېزىپ قېلىپ بومباردىمان قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قورال - ياراغ، ئات، ھارۋا ۋە بارلىق نەرسىلەرنى ئوبدان يوشۇرۇڭلار! كەچ كىرگەندە يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، — دېدى.

شۇ بۇيرۇق بىلەن ھەممە نەرسىنى يوشۇرۇش ۋە نىقابلاش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. تاشيولنىڭ سول تەرىپى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان سازلىق، قومۇشلار ئېگىز - پەس، دەرەخلەر شالاڭ بولغاچقا كۆڭۈلدىكىدەك يوشۇرۇنالمىدۇق. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتتۇز قەدەم نېرىدا قوغۇنلۇق بار ئىكەن. ئون نەچچىمىز كوماندىرنىڭ توسقىنىغا قارىماي قوغۇنلۇققا يۈگۈردۇق. بۇ، قوغۇن، تاۋۇزنىڭ راسا پىشقان ۋاقتى ئىكەن. ھەرقايسىمىز ئىككىدىن، ئۈچتىن قوغۇن كۆتۈرۈپ جايىمىزغا كەلدۇق. ئۇنى يەپ تۇرۇشىمىزغا گومىنداڭنىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ، ئۈستىمىزدىن بىر ئايلىنىپ كېتىپ قالدى.

— كۆردۈڭلەرمۇ ئايروپىلاننى؟ ئۇ بىزنى رازۋېدكا قىلىپ كەتتى، ئەمدى ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ھوشيار بولۇڭلار! — دېدى كومبات[1].

بىرنەچچىمىز يەنە قوغۇنلۇققا يۈگۈردۇق. بىز قوغۇنلارنى تاللاپ ئۈزۈۋاتساق، يەنە بىر ئايروپىلان كېلىپ ئۈستىمىزدىن بىر ئايلىنىپ يىراقلاشتى ۋە يىراقتىن بىزگە قاراپ شۇڭغۇپ ئۈچۈپ كەلدى. كوماندىرىمىز: «يېتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى، ھەممىمىز تۇرغان يېرىمىزدە يېتىۋالدۇق.

قوغۇنلۇقنىڭ چۆنەكلىرى بەكمۇ تېيىز بولسىمۇ ئوڭ - دۈم بولۇپ يېتىۋالدۇق. مەن چۆنەك ئىچىدە ئوڭدا يېتىپ، ئايروپىلانغا كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم. ئايروپىلان خۇددى مېنى كۆزلىگەندەك شۇڭغۇپ، بوتۇلكىدەك پارقىراق بىر نەرسىنى تاشلىدى. بۇ نەرسە بىر سېكۇنتچە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ تاشلىغىنى بومبا، مېنىڭ يېنىمغا چۈشەرمۇ... دەپ تۇرسام، باتالىيون چېدىرىغا يېقىن يەردە پارتلىدى. بۇ ئايروپىلان ئايلىنىپ ئۈچۈپ يەنە ئىككى بومبا تاشلاپ كېتىپ قالدى. بىرىنچى بومبا يوغان، ئاپئاق سۆكسۆك دەرىخىنىڭ يېنىغاراق چۈشۈپ پارتلىغانىكەن، سۆكسۆكنى پالتا بىلەن

---

[1] كومبات — «كوماندىر» بىلەن «باتالىيون» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

چاپقاندەك بېلىدىن ئۆزۈۋېتىپتۇ. 2 ـ بومبا سازلىقتىكى قومۇش ئارىسىغا چۈشۈپ پارتلىماپتۇ. 3 ـ بومبا ئات ـ ھارۋىلار بار يەرگە چۈشۈپ بىر ئېشەكنى يارىلاندۇرۇپتۇ.

مەن سۆكسۆكنىڭ يېنىغا چۈشكەن بومبىنىڭ پارچىسىنى ئىزدەپ بىر قانىتىنى تاپتىم ـ دە، قولۇمغا ئېلىپلا تاشلىۋەتتىم. قولۇم كۆيۈپ قالغىلى تاسلا قالدى. سوۋۇغاندىن كېيىن قولۇمغا ئالدىم. مايماق ـ سايماق بولۇپ كەتكەن ئالىقانچىلىك قاناتتا ئىنگلىزچە «US» دېگەن ئىككى ھەرپنى كۆردۈم. شۇ كۈنكى ۋەقە مەن ئۈچۈن ئالدىمىزدىكى قانلىق جەڭلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. بىز شۇ كۈنى كۈن تاغ ئارقىسىغا مۆكۈنگەندە چېپەيزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

4

2 ـ سىنتەبىر 2 ـ باتالىيون چۈش ۋاقتىدا چېپەيزىگە يېتىپ كېلىپ، دەرەخزارلىق ئارىسىغا ئورۇنلاشتى. شۇ ئارىدا مىللىي ئارمىيەنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرنەچچەيلەن پەيدا بولدى. گېنېرال پالىنوف:

— سۇيدۇڭ پىيادە پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى چېپەيزىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ ئۇلارنى ھالسىراتتى. ئەمدى 1 ـ باتالىيون دەم ئالدۇ. سىلەر (2 ـ باتالىيون) ئورۇنىنى داۋاملاشتۇرىسىلەر. بۇ ھەقتە كوماندىرىڭلار تەپسىلىي يوليورۇق بېرىدۇ. غەلىبە سىلەرگە يار بولسۇن! — دېدى.

2 ـ باتالىيون سەپنى رۇسلاپ، قوراللىرىنى بەتلەپ تۇرغان پەيتتە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ چېپەيزىدىن چېكىنگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. باش ئىشتاب 2 ـ باتالىيوننى دەرھال قوغلاشقا بۇيرۇدى. بىز تەخمىنەن بەش يۈز مېتىرچە يول يۈرۈپ، چوڭقۇر كولانغان خەندەككە دۇچ كەلدۇق. بۇ خەندەك كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، دۈشمەننىڭ

ئاتلىق ئەسكەرلىرى خەندەك ئىچىدە چېچىلىپ يۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. خەندەكتىن باشقا ئاكوپلارمۇ قېزىلغان. بىز 3 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى خەندەكنىڭ ئىككى قىرىنى چاناپ ئادەم ئۆتكۈدەك قىلدۇق ـ دە، شۇ يەردىن ئۆتۈپ چېپەيزىگە كىردۇق ۋە قالدۇق دۈشمەنلەر بىلەن يېرىم سائەت ئېلىشىپ، كۈن پاتقان مەزگىلدە چېپەيزىنى تازىلىدۇق. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن دۈشمەننى توختاۋسىز قوغلاپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئۆتكەن بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقىمىز ۋە ئارامسىز يۈرۈش سەۋەبى بىلەن ھەممىمىز، خۇسۇسەن مەن بەك چارچىغانىدىم. كومبات غېنى نۇرتايېف ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ، مېنى مىندۈرۈپ قويدى. مەن ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۇخلاپتىمەن. سەزگۈمنىڭ زېرەكلىكىدىن ئاتتىن يىقىلاي ـ يىقىلاي دېگەندە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. مۇشۇنداق مۈگدەش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدىم. تۈن يېرىم بولغاندا ئەتراپى تاقىرقاي يوغان بىر قورۇغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ قورۇدا بىرنەچچە ئېغىز ئەبجەق ئۆيلەر، بىر يوغان قوتان بار ئىكەن. ئەمما ئادەممۇ، ھايۋانمۇ يوق ئىكەن. كومبات بۈگۈن كېچە مەشەدە ئارام ئالىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. جەڭچىلەر شۇ ھامان ئۆي ـ ئۆيلەرگە يۈگۈرۈشتى، ئون نەچچىمىز ھېلىقى يوغان قوتانغا كىرىپ ئورۇنلاشتۇق. مەن پىلاشنى يېپىنىپ، بىر سوقۇچاق تاشقا بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاپ كەتتىم. تاڭ يورۇغاندا چېلىنغان سىگنال بىلەن تەڭ ھەممىمىز قورۇغا يىغىلدۇق. ھېس قىلىشىمچە، ئۆمرۈمدە مۇشۇ كېچىدىكىدەك تاتلىق ئۇخلىماپتىمەن.

مۇشۇ كېچىسى گومىنداڭنىڭ بىر روتا ئەسكىرى بىز قونغان قورۇدىن بىر كىلومېتىر نېرى يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. بۇ جېپەيزىدىن چېكىنگەن قوشۇننى قوغداش ئۈچۈن بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ تۇرغان روتا ئىكەن. باتالىيون كوماندىرىمىز 4 ـ روتىدىن بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى شۇ روتىغا قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جەڭ قىلىشقا ئەۋەتكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە باتالىيونىمىز كونا شىخوغا قاراپ يولغا چىقتى. يېرىم سائەت مېڭىپ ھېلىقى بىر ئېزىۋوت ئەسكىرىمىز بىر روتا دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان يەرگە كەلدۇق. شۇ جەڭدە بىزنىڭ بىر جەڭچىمىز قۇربان بولۇپتۇ. بىز ئۇنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىپ قويدۇق. دۈشمەننىڭ مىلتىق، پىلىموت ئوقلىرىنىڭ مىشەكلىرى، ئوزۇق خالتىلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالماپتۇ. بىز ھايالسىز يۈرۈش قىلىپ كونا شىخوغا يېرىپ توختىدۇق.

كونا شىخو شىمال تەرىپىدىكى ئېگىز - پەس دۆڭلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈزلەڭلىكتىكى چوڭراق يېزا ئىكەن. دېھقانلارنىڭ ئاددىي - ساددا، كۆرۈمسىز ئۆيلىرى، ئېغىللىرى، ئۈستى ئېچىۋېتىلگەن ئۆيلەرنىڭ ۋەيرانە تاملىرى، تالان - تاراج قىلىنغان ئۆيلەرنىڭ چېقىلغان ئىشىك، دېرىزىلىرى ئۇرۇش خارابىلىكلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۆيلەردىمۇ، بۇ ئەتراپتىمۇ بىرمۇ ئادەم يوق. يوللاردا ئىت، چوشقا، ئېشەكلەر پىتىراپ يۈرۈپتۇ. توخۇلار ئۈركۈپ تۇتۇق بەرمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. دېمەك، بۇ توخۇلار تۇنۇگۈنكى قاچقۇن بولاڭچىلارغا تۇتۇق بەرمەي ئامان قالغانىكەن. ئەتراپتىكى بىر بۆلەك ئېتىزدا تەرخەمەك، كۆكمۇچ، پىدىگەن، پەمىدۇر، غولپىيازلار پىشىپ، بەزىلىرى ئۇرۇقلاپ كېتىپتۇ. بىر ئېتىزدا نەشپۈت قوغۇن(لىگۇا) پىشىپ تەييار بولۇپ قاپتىكەن، بىرنىمۇ قويماي يەۋېتىپتۇق.

2 - باتالىيون كونا شىخودا ئىككى كۈننى خاتىرجەم ئارام ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. لېكىن پولكىمىزنىڭ رازۋېدكا قىسىملىرى شىخو ئەتراپىنى رازۋېدكا قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلارنى بەلگىلەش بىلەن شۇغۇللاندى. پولكنىڭ بىرنەچچە يۈك ئاپتوموبىلى يىراقتىن چىراغلىرىنى يېقىپ كېلىپ، ئۆچۈرۈپ قايتىپ كەتتى. مۇشۇ ھەرىكەتنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق دۈشمەنگە تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىخونىڭ غەرب تەرىپىگە ئون نەچچە

يەرگە گۈلخان يېقىپ ھەيۋە كۆرسەتتى. بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىپ تۇرغان دۈشمەن تەرەپ: «بۈگۈن كېچە ئىلى ئوغرىلىرى شىخو ئەتراپىغا نەچچە مىڭ ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى» دېگەن تەشۋىش بىلەن دىققەت مەركىزىنى ئاساسەن غەرب تەرەپتىكى مۇداپىئە لىنىيەسىگە يۆتكىدى.

## شىخوغا ھۇجۇم

1945 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر كەچ سائەت 11 ئەتراپىدا 2 ـ باتالىيون كونا شىخودىن شىخوغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. قوشۇن تاشيول بىلەن تىنچ چىقارماي جىمجىت كېتىۋاتىدۇ. ئايسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. كېچىنىڭ سالقىن شامىلى لەرزان يەلپۈپ ئۆتمەكتە. بىز تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت پىيادە ماڭغان ۋاقتىمىزدا ئارقا تەرىپىمىزدىن ۋاڭ قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى. شۇ ھامان ئالدى تەرىپىمىزدىن بىر پاي ئوق ئېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىزگە قارىتىپ مىلتىق، پىلىموتلار سايراپ كەتتى. كومباتنىڭ: «يېتىڭلار!» ــ دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىققا يېتىۋالدۇق. بىر قىسىم جەڭچىلەر يولنىڭ ئۈستىدىلا يېتىۋېلىشتى. مەنمۇ كوماندىرلار بىلەن بىر قاتاردا ئېرىقتا بېشىمنى چىقىرىپ يېتىۋالدىم. پىلىموت تاتاتلاپ ئېتىلماقتا. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي غېنى نۇرتايېفقا قارىدىم.

ــ دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچراپ قالغان ئوخشايمىز، ــ دېدى غېنى.

بەزى جەڭچىلەر ئوق چىقارغانىدى، رۇس كومبات: «ئوق چىقارماڭلار!» ــ دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزدىن ھېچكىم ئوق چىقارمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارسىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار بېشىمىز ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بەزى ئوقلار تاشيولغا تېگىپ قاڭقىپ ئۇچۇۋاتاتتى. شۇنداق ئوقلاردىن بىرەرى ماڭا تەگمىدى، لېكىن باشقىلارغا تەگكەندۇر دەپ ئويلىدىم.

— غېنى ئاكا، دۈشمەنلەر ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلەرمۇ؟

— پىلىموتنىڭ ئېتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ پىستىرما ئەمەس، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنغان قاراۋۇلى ئوخشايدۇ، — دېدى نۇرتايېۋ.

پىلىموت بىر مىنۇتچە توختاۋسىز ئېتىلغاندىن كېيىن چىپپىدە توختىدى. كومبات دەرھال ئوق ئېتىلغان تەرەپكە ئۈچ ئەسكەرنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تەكشۈرگۈچىلەر ئوق ئېتىلغان دائىرىدە ھېچكىم ۋە ھېچنېمە يوقلۇقىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن باتالىيونىمىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەلگەن يول بىلەن ئارقىغا چېكىندى. مۇشۇ ۋەقەدە جەڭچىلىرىمىزدىن ھېچكىم ئۆلمەپتۇ ۋە ئېغىر يارىلانماپتۇ. پەقەت يول ئۈستىدە يېتىۋالغان بىر جەڭچىنىڭ سول مۈرىسى يېنىك يارىلىنىپتۇ.

بىزگە ئوق چىقارغان دۈشمەن گومىنداڭنىڭ يول بويىغا يوشۇرۇپ قويغان قاراۋۇللىرى ئىكەن، ئۇلار بىزگە ھەيۋە قىلىپ قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىز ئارقىمىزغا يېرىم كىلومېتىرچە مېڭىپ، سول تەرەپتىكى ئوت - چۆپ، چاتقاللار بىلەن قاپلانغان چىغىر يولغا كىرىپ يولىمىزنى شىخو تامان داۋاملاشتۇردۇق.

شۇ كېچىسى يول باشلىغۇچىلار تۈن قاراڭغۇسىدا مۇشۇ چىغىر يولنى پەرق ئېتەلمەي ئۇدۇل يۈرۈپ كېتىپتىمىز. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن قاراۋۇلىغا ئۇچراپ قاپتىمىز. چىغىر يولدا ئازغىنە مېڭىۋىدۇق، تاڭ يورۇشقا باشلىدى. قومۇش ۋە چاتقاللار ئارىسىدىن تىزغىنچە سۇ كېچىپ ئىلگىرىلەۋاتىمىز. پىلىموت ۋە كىچىك زەمبىرەكلىرىمىزنى بىر كۆتۈرۈپ، بىر سۆرەپ تەسلىكتە ئېلىپ

كېتىۋاتىمىز. سازلىقتىن چىقىپ، تۈز يولدا راھەتلىنىپ مېڭىۋاتىمىز. كۈن ئەمدىلا باش كۆتۈرگەندە شىخونىڭ شىمالىدىكى يوغان قورۇققا[1] يېتىپ كەلدۇق. سۇيدۇڭ 1 ـ پىيادە پولكى مۇشۇ قورۇققا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە تارغاباتاي پولكى بار ئىكەن. بۇ يېڭى تەشكىللەنگەن، ھەربىي مەشىق جەريانى قىسقا پولك ئىكەن. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ خىل قوراللانغان روتا، ئىززەت دەرىجىلىك قىسىملىرىمۇ ئارقىمىزدىن مۇشۇ قورۇققا يېتىپ كېلىشتى.

## ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنى

### 1

بۈگۈن 4 ـ سېنتەبىر، ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىسسىق. شىخو ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ قورۇق ناھايىتى باي دېھقانىنىڭ ئىگىلىك مەيدانى بولۇپ، دائىرىسى 100 مو ئەتراپىدا كېلىشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىدىم. چوڭ قورۇنىڭ ئىچىدە ساراي ئۆيى، ياتاق ئۆيلەر، قورۇنىڭ غەرب تەرىپىدە ئامبار، جۇۋازخانا، يارغۇنچاقلار بار ئىكەن. شىمال تەرىپىدە چوڭ ـ كىچىك ئېغىللار، ئۇنىڭ سىرتى ئوچۇقچىلىق، شەرق تەرىپىمۇ ئوچۇقچىلىق بولۇپ، قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەر چېچىلىپ يېتىپتۇ. پولك ئىشتابى مۇشۇ ئوچۇقچىلىققا ئورۇنلاشقان. پولكنىڭ ھەربىي مۇلازىمەتچىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە، دوختۇر ۋە سانىتارلار[2] قورۇ ئىچىدىكى ئۆيلەرنى تېببىي پونكىت قىلغان.

---

① قورۇق ـــ ئىگىلىك مەيدانى.

② سانىتار ـــ ھەربىي قىسىملاردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك تېببىي خادىم، سېستىرا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گومىنداڭچىلار مۇشۇ قورۇق بىلەن قارادۆڭ مەھەللىسىنىڭ بېشىغىچە بولغان 500 مېتىر ئارىلىقتىكى دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۆيلەرنى چېقىپ، تاملارنى يىقىتىپ تۈپتۈز قىلىۋەتكەن. مەھەللە بېشىدىكى دەرەخلەر ئارىسىغا بىرنەچچە پوتەي ياسىۋالغان. شىخو سېپىلى ئۈستىدىكى توپ[①]، زەمبىرەك، مىناميوت، ئىستانكوۋوي پىلىموتلار[②] بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ قورۇقچىچە بولغان تۈزلەڭلىكنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرالايدىكەن.

شۇ كۈنى كۈندۈز سائەت 8 ئەتراپىدا بىزنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرىمىز دۈشمەنگە پىلىموت ۋە مىناميوتلاردىن ئوق ياغدۇردى. مۇشۇ ئوقنىڭ ھىمايىسىدە بىرنەچچە يۈز جەڭچىمىز قورۇقنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىككە شالاڭ يېيىلىپ، «ھۇررا!» تۇۋلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇ ھامان دۈشمەن پىلىموتلىرىمۇ تارسىلدىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بىز دۈشمەننىڭ پوتەيلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئەسكەرلىرىنى مۆلچەرلەپ ئېتىۋاتىمىز. دۈشمەنلەر توپ مەيدانىدەك تۈزلەڭلىكتە مەردلەرچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان جەڭچىلىرىمىزنى نىشانغا ئېلىپ ئېتىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا جەڭچىلىرىمىز تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغۇچە يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئوق تېگىپ يىقىلدى. خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي يارىدارلار قورۇغا ئېلىپ كېلىندى. 2 ـ تۈركۈمدە يەنە بىرنەچچە روتا سەپ تۈزۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن ئېگىز پوتەيلەرگە كىرىۋېلىپ ئېتىۋاتقانلىقى، ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتكەن جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ھېچقانچە كار قىلمىدى. زەمبىرەك ۋە مىناميوتلىرىمىز ئالدىنقى قاتاردىكى بىرنەچچە پوتەينى پارتلىتىۋەتكەندىن كېيىن ھايات قالغان جەڭچىلىرىمىز شىددەت بىلەن

① توپ ـــ چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەك.

② ئىستانكوۋوي پىلىموت ـــ پىلىموتچىك مەخسۇس ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئايلاندۇرۇپ ئاتىدىغان ھەيۋەتلىك ئۆرە پىلىموت.

ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننىڭ 1 ـ مۇداپىئە لىنىيەسىنى ئىشغال قىلدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن خەۋەر تاپقان دۈشمەننىڭ قوماندانلىق ئىشتابى ئىككى تانكىنىڭ ھىمايىسىدە تۆت يۈزدەك قوشۇننى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالغانىدى.

تانكىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۈركىرەپ ھەيۋەت بىلەن كەلمەكتە. تانكىئاتار مىلتىقى (TP ) بىلەن قوراللانغان ئىككى جەڭچىمىز قورالىنى بەتلەپ، تانكىلارنىڭ يېقىن كېلىشىنى كۈتمەكتە. سەپ ئەتراپىدىكى جەڭچىلەرمۇ ھوشيار تۇرماقتا. تانكىلار قارادۆڭ مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تانكىئاتارلار ئالدىدىكى تانكىنى ئوققا تۇتتۇۋىدى، ئىككى پاي ئوق يېشىل ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ تېشىپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئەجەللىك زەربىدىن كېيىن ئىككىلا تانكا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كەلگەن جايىغا قاراپ تىكىۋەتتى. جەڭچىلىرىمىز تانكىلارنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان دۈشمەن قوشۇننى ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن قاپساپ، تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئاز قىسمى ئۆلۈپ، كۆپ قىسمى قېچىپ كېتىشتى.

2

شىخوغا ھۇجۇم باشلانغان شۇ كۈنى باتالىيون كوماندىرى مېنى ياردارلارنىڭ تېزىملىكىنى ئېلىش، تېببىي خادىملارغا ياردەملىشىش خىزمىتى بىلەن ئىشتابتا قالدۇرۇپ قويدى. 1 ـ ۋە 2 ـ قېتىملىق ھۇجۇمدا يارىلانغان جەڭچىلەرنى ھويلا ئىچىدىكى چوڭ ئۆيگە ئەكىرىپ، يارىلىرى تېڭىلغاندىن كېيىن كىچىك ئۆيلەرگە ياتقۇزۇلدى. چوڭ ئۆيدە ئۇستەل، جوزا ۋە ھەرخىل ئورۇندۇقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە زۇرۇر دورا ـ دەرمەك، بىنت، پاختا، داكا ۋە باشقا نەرسىلەر پەۋەس تۇراتتى. ياردارلار كەينى ـ كەينىدىن كەلتۈرۈلۈپ، تېببىي

خادىملار پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەنمۇ جىددىي ھالدا ئۇلارغا ياردەملىشىۋاتىمەن. ئوق سۆڭەككە تەگكەن ياردارلار قاقشاۋاتىدۇ. بەزىلىرى چىداشلىق بېرىپ ئارام ئېلىۋاتىدۇ. ھۇجۇم باشلىنىپ بىر سائەت ئىچىدە ئەللىك نەچچە ياردار تېڭىپ ياتقۇزۇلدى. پۈتۈن ئۈستەل، ئورۇندۇقلار قىپقىزىل قان بولۇپ كەتتى. مەن تېببىي خادىملارنىڭ قوللىرىنى يۇيۇش، ياردارلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۇ توشۇپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمەن.

سىرتتا قاتتىق جەڭ بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز دۈشمەننىڭ 2 ـ لىنىيەسىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. گومىنداڭچىلار بىزنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىمىزنىڭ مۇشۇ قورۇقتا ئورۇنلاشقانلىقىنى بىلىۋېلىپ، زەمبىرەك، مىناميوت بىلەن ئوققا تۇتۇشنى توختاتمىدى. شۇنداق جىددىي پەيتتە زەمبىرەك ئوقلىرىدىن بىرى ئوڭ تەرەپتىكى كىچىك ئۆينىڭ تېمىغا تېگىپ يوغان تۆشۈك ئېچىۋەتتى. ئۆينىڭ ئىچى چاڭ ـ توپا بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۆيدىكى ئالتە ياردارنىڭ تۆتى ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھويلىغا يۈگۈردى. ئۇلار ھويلىغا چىقىشى ھامان ئىككىنچى ئوق چۈشۈپ پارتلىدى ۋە تۆتىلىسى تەڭلا يىقىلدى. ئۈچىنچى ئوق جوۋازخانىنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. يىقىلغان تۆت ياردارنىڭ ئىككىسى قۇربان بولۇپ، ئىككىسى ئېغىر يارىلاندى. ئۆيدە ئورنىدىن قوزغالمىغان ئىككى ياردار ئامان قالدى. مەن ۋە تېببىي خادىملار ھەممىمىز دۈم يېتىۋالدۇق. ئۈچ پاي زەمبىرەك ئوقى پارتلاپ بولغاندىن كېيىن خىزمىتىمىزگە كىرىشىپ كەتتۇق.

زەمبىرەك ۋە مىناميوت بىر نىشانغا توغرىلانغاندىن كېيىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىلىدۇ. بۇ ئۈچ پاي ئوق بىر نۇقتىغا چۈشمەستىن بىر ـ بىرىدىن بەش ـ ئون مېتىر يىراق دائىرىگە چۈشىدۇ. زەمبىرەك ئوقىنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ بىر سېكۇنتتىن كېيىن پارتلايدۇ. شۇ بىر سېكۇنت ئىچىدە قەيەردە بولساڭ شۇ يەردە ئاغزىڭنى يوغان ئېچىپ يېتىۋېلىشىڭ كېرەك. ئوقنىڭ زەمبىرەكتىن ئېتىلغان

ئاۋازى ئارىلىق يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇق پارتلىغاندىن كېيىن ئاستا ئاڭلىنىدۇ. بەزىلىرى ئاڭلانمايدۇ. بۇ قانۇنىيەت بىزگە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىلگەن كۈنلەردە قۇلاقلىرىمىزغا سىڭدۇرۇلگەن ساۋات. مەن بۇنداق ساۋاتلارغا كۆپ قېتىم ئەمەل قىلدىم.

3

ئۇرۇشنىڭ 1 ـ كۈنى ھۇجۇمدا يارىلانغانلار ئەللىكتىن ئېشىپ كەتتى. قۇربان بولغانلارمۇ قىرىقتىن كەم ئەمەس، ئېغىر يارىدارلار ئاپتوموبىل، هارۋىلار بىلەن ئارقا سەپتىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىلدى. يېنىك يارىدارلار يارىلىرىنى تاڭدۇرۇپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە پولك ۋە باتالىيون ئىشتابىدىكى ئوفىتسېر ۋە باشقا خادىملار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالدىنقى سەپ قارادۆڭ مەھەللىسىگە يۆتكەلدى. مەنمۇ شۇلار بىلەن جەڭچىلىرىمىز ھۇجۇمغا ئۆتكەن تۇزلەڭلىكنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. تۇزلەڭلىكتە يېتىپ قالغان قۇربانلارنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق، بەزىلىرىنىڭ چىرايىدىن قاقشاپ جان ئۈزگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. دۈم ياتقان بىر جەڭچىنىڭ كاسىسىنى ئوق پىچاق بىلەن تىلغاندەك تىلىۋېتىپتۇ. قانسىرىغان ساپسېرىق (كاسىسىنى) كۆرۈپ: «بۇ يىگىت قانچىلىك ئازابلىنىپ جان ئۈزگەندۇ...» ـ دەپ ئويلىدىم. يېنىمدىكى مەمتىمىن ئۆمەروفنىڭمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

بىز قارادۆڭ مەھەللىسىگە كېلىپ، دەرەخلەر ئارىسىدىكى پوتەيلەرنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۈشمەن ئۆلۈكلىرىنى كۆردۇق. پوتەيلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا قېپقالغان ساندۇق ـ ساندۇق ئوق ـ دورىلار ئۈچۈن بىز دۈشمەنلىرىمىزگە «رەھمەت» دېدۇق. ئازادە ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېغىز ئۆيىنى باتالىيون ئىشتابى قىلىپ ئورۇنلىشىۋالدۇق. بىر پارچە پىشىشىق گۆش بىلەن ناننى سوۋۇغان قايناق سۇ بىلەن يەۋېلىپ، ئورۇش قىلىۋاتقان جەڭچىلىرىمىز تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. بىز ئالدىنقى سەپتىكى روتىلارنى ئايلىنىپ كەلگۈچە قاراڭغۇ چۈشتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بىز (ئىشتابتىكىلەر) ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كېچىسىنى يېڭى ئورۇنلاشقان باتالىيون ئىشتابىمىزدا ئۆتكۈزدۇق. كوماندىرلىرىمىز: «دۈشمەن كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، ھوشيار يېتىڭلار!» ـ دېگەن بولسىمۇ، ھارغىنلىق بىزنى ئانىمىزنىڭ قوينىدا ئۇخلىغاندەك شېرىن ئۇيقۇغا غەرق قىلدى.

## ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى

### 1

بۈگۈن 5 ـ سېنتەبىر، ئۇرۇشنىڭ 2 ـ كۈنى قارادۆڭ مەھەللىسى شىخو ناھىيەسىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بۇك ـ باراقسان مەھەللە بولۇپ، چۆچەك ـ شىخو تاشيولى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىكەن. سۇيدۇڭ پىيادە پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى قارادۆڭنىڭ غەرب تەرىپىنى، 2 ـ باتالىيونى شەرق تەرىپىنى ئىگىلەپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. چۈشكىچە بولغان قانلىق ئۇرۇشتا نۇرغۇن تالاپەت بېرىپ، دۈشمەننىڭ 2 ـ مۇداپىئە لىنىيەسى قارادۆڭنى تولۇق ئىشغال قىلدۇق.

ناھىيەنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرىپىنى قومۇش ئۆسكەن سازلىق يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئوراپ تۇراتتى. مۇشۇ سازلىق دۈشمەن ئۈچۈن تەبىئىي مۇداپىئە ئىستىھكامى، بىز ئۈچۈن ئۆلۈم يا كۆرۈم گىرداپى بولۇپ قالغانىدى. بۇ سازلىق ئۇ قات بىلەن بۇ قاتنىڭ ئېگىزلىكىدىن تەخمىنەن 6 ~ 7 مېتىر پەس ئىدى. مۇشۇ سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە غول بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتكەن. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئۆستىگە بىر تۇگمەن قۇرۇلغان. ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتە دۈشمەننىڭ بىرنەچچە پوتىيى: «نوچى بولساڭ كەلمەمسەن !... » — دېگەندەك گىدىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

مۇشۇ دۆڭلۈكنىڭ غەرب تەرىپىدە ئېگىز سېلىنغان قىزىل بۇتخانا بولۇپ، پوتەيلەردىنمۇ دەھشەتلىك ئىستىھكام ئىدى. ئۇنىڭغا گومىنداڭنىڭ خىل قوراللانغان بىر روتىسى ئورۇنلاشقانىكەن. تاشيول سازلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇتخانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بىلەن ناھىيەگە كىرىپ كېتىدىكەن. بۇ تاشيول ناھىيەنىڭ چېتى بىلەن ئايلىنىپ ئۇرۇمچى تاشيولىغا تۇتىشىدىغان ئوخشايدۇ.

2 ـ باتالىيون جەڭچىلىرى قارادۆڭنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە بولغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تېشىپ، ھەرىكەت لىنىيەسى ھازىرلاپ سازلىققا يېقىنلاشتى. قارادۆڭ مەھەللىسىدىن ئۆتكەن تاشيول قىزىل بۇتخانىغا شۇنچىلىك ئۇدۇل ئىدىكى، بۇتخانىدىن ئېتىلغان ئوق ھېچ نەرسىگە پۇتلاشماي، مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ چۈشەتتى. بۇتخانىدىكى دۈشمەنلەر بۇ يولدىن ئۆتكەن ئىت، مۈشۈكلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇراتتى. قارادۆڭدىكى دۈشمەن پوتەيلىرىگە چىقىۋالغان بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنىمۇ كۆرەلەيتتى.

گومىنداڭنىڭ بىر مەرگىنى بۇتخانىدىن چىقىپلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تىزلاندى ـ دە، قارىغا ئېلىپ بىر پاي ئوق ئېتىپلا يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋالدى. بۇ ئوق پوتەي ئۆستىدىكى بىر جەڭچىمىزگە تېگىپ يىقىلدى. ئۇنى يۆلەپ تۇرۇشقا يەنە بىر ئوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئېف ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ مىلتىقنى بەتلەۋاتقان جەڭچىگە تەگدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭچىلىرىمىزنىڭ غەزىپى قايناپ تېشىپ، بۇ مەرگەننى ئوجۇقتۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلدى. ئارىدىن بەش - ئون مىنۇتتى ئۆتكۈزۈپ پۇرسەت كۈتتى. ئاندىن بىر شەپكىنى ياغاچقا كىيدۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا مىدىرلاتتى. يەنە بىر جەڭچى پىلىموتنى بەتلەپ، پوتەينىڭ تۆشۈكىدىن قاراپ تۇردى. ھېلىقى مەرگەن يوگۇرۇپ چىقىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا تىزلانغان ھامان پىلىموت ئوقى تېگىپ موللاق ئېتىپ يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن باشقا مەرگەنلەر ئۇۋىسىدىن چىقالمايدىغان بولدى.

## 2

ئۇرۇشنىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەندە بىزنىڭ زەمبىرەك، مىناميوت، پىلىموتلىرىمىز دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، جەڭچىلىرىمىزنىڭ سازلىقتىن ئۆتۈشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەزمەتلەر تارقاق ھالدا سازلىقنىڭ ھەر قەيەرلىرىدىن سۇ كېچىپ ئۆتمەكتە. دۈشمەن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە، تالاپەت ئېغىر بولغانلىقتىن 2 - تۇركۈمدە ئۆتكۈچىلەر كېچىكتۈرۈلدى. ئۆتۈپ كېتەلىگەن جەڭچىلەر تۈگمەن ئەتراپىغا مەھكەم ئورۇنلىشىۋېلىپ، پوتەي ۋە بۇتخانا ئەتراپىدىكى ئاكوپلارغا جايلىشىۋالغان دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشماقتا. شۇ پۇرسەتتە 2 - تۇركۈمدىكىلەر سازلىقتىن ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇلاردىنمۇ تالاپەت ئاز بولمىدى. بىزمۇ كۈچلۈك قورال لىرىمىز بىلەن توختاۋسىز ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەنگە ئارام بەرمىدۇق.

مەن باتالىيون كوماندىرىنى ئىزدەپ پېشايۋانلىق كونا ھويلىغا كېلىپ قالدىم. مەن بۇ يەردە چوڭ يول بىلەن ئەمەس، تېشىلگەن تاملاردىن ئۆتۈپ كەلدىم. بۈگۈنكى ئاشخانىمىز مۇشۇ يەردە ئىكەن.

بىر نەچچە جەڭچىمىز تاماق يەپ ئولتۇرۇپتۇ. مەنمۇ بىر چىنە سۇيۇقئاش ئىچتىم. بۇ ئاشتا گۆش، خېمىر، پىيازدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بىز نېرى ـ بېرى ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىۋاتساق، بىر مىناميوت ئوقى نېپىز پېشايۋاننى تېشىپ چۇشۇپ پارتلىدى. ئاش ئىچىۋاتقان بىر جەڭچىمىز ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئىچىپ بولالمىغان يېرىم چىنە ئېشى مەيدىسىگە تۆكۈلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يىگىت ئېغىر يارىلاندى. تۆت ـ بەشىمىز دالاندىكى سۇپىدا ئولتۇرغانىكەنمىز، ئامان قالدۇق. دەرھال ئىككى سانىتار كېلىپ، يارىدارنى تېببىي پونكىتقا ئېلىپ كەتتى.

مەن بىرنەچچە ئۆيدىن ئۆتۈپ كوماندىرلار بار ئۆيگە كەلدىم. بۇ ئۆي قارادۆڭنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۆي بولۇپ، بۇتخانا تەرەپكە قارىغان تامدا مىلتىق پاتقۇدەك ئۈچ تۆشۈك تۇرۇپتۇ. ئىشتاب باشلىقىمىز زاكىر ناسىروف ئۆزىنىڭ يېنىدىكى تۆشۈككە ئاربىلاپ قاراپ قويۇۋاتاتتى. مەنمۇ قىزىقىپ يېنىمدىكى تۆشۈككە قاراپ، سازلىقنىڭ ئۇ قېتىدىكى (تۆگمەن ئەتراپىدىكى) جەڭچىلىرىمىزنى كۆردۈم. ئۇ پوتەيدىن بۇ پوتەيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقان دۈشمەنلەرنىمۇ كۆردۈم. مەن ئون ـ ئون بەش سېكۇنتچە قارىغان ئوخشايمەن. دەل شۇ چاغدا رۇس كوماندىرىمىز مۇرەمدىن سىلكىپ تارتىپ يۈزۈمگە بىر شاپىلاق ئۇردى ۋە رۇسچە «سارالڭ» دەپ تىللىدى. مەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

ــ ھازىر بىر ئالاقچىمىز مۇشۇ تۆشۈكتىن كىرگەن ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. تۆشۈكلەرگە ئۇنداق ئۇزاق قاراشقا بولمايدۇ، ــ دېدى غېنى نۇرتايېۋ.

رۇس كوماندىرىمىز سىرتقا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن بىر پارچە خەت يېزىپ ماڭا بەردى:

ــ سەن مۇشۇ خەتنى 1 ـ باتالىيون كوماندىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كەل، ــ دېدى. ئۇ ھەممە ئىش ۋە ھەممە ئادەمگە رۇسچە سۆزلەيتتى.

ــ ھېلىقى ئالاقچىمىز قۇربان بولمىغان بولسا، سىزنى بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەتەرلىك ئىشقا بۇيرۇمايتتۇق. ھوشيار بولۇپ، چوڭ يولدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆتۈڭ! — دېدى غېنى نۇرتايېۋ.

مەن خەتنى ئېلىپ چوڭ يولنىڭ بويىغا چىقتىم. 1 - باتالىيون يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جەڭ مەيدانىدا ئىدى. مەن يېرىم مىنۇتچە كۈتتۈم. ھېچكىم بۇ خەتەرلىك يولنى كېسىپ ئۆتمىدى. قاراپ تۇرسام، ئىككى جەڭچى ئۇ تەرەپتىن بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئۆتۈشى ھامان دۈشمەننىڭ پىلىموتى سايراپ كەتتى. خەيرىيەت، ئۇلار تىنچ - ئامان ئۆتۈۋالدى. بىراق، بىر جەڭچىنىڭ يانپېشىغا ئوق تەگكەنلىكىنى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بىلدى. مەن پىلىموت ئېتىلىپ توختىغان پۇرسەتتە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۇ قاتقا ئۆتۈۋالدىم. يېرىم مىنۇت دېمىمنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سوراپ، 1 - باتالىيون كوماندىرىنى تاپتىم. تەمكىن ھالدا ھەربىي قائىدە بويىچە سالام بېرىپ، سومكامدىن خەتنى ئېلىپ تاپشۇردۇم. ئۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «قايتسىڭىز بولىدۇ» - دېدى.

مەن يول بويىغا چىقىپ ئۇزاق تۇردۇم. بۇ، دۈشمەننىڭ يولدىن بىركىمنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان خەتەرلىك پەيت ئىدى. شۇ چاغدا 1 - باتالىيوننىڭ پىلىموتچىلىرى بۇتخانىغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئىككى سانىتاركا بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ يول بويىغا چىقىپلا بىز تەرەپكە يۈگۈرگەنىدى، دۈشمەننىڭ پىلىموتىمۇ ئوق ياغدۇردى. بەختكە يارىشا ئۇلار تىنچ - ئامان ئۆتۈۋالدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پىلىموتى بىر پەس توختىدى. مەن شۇ پۇرسەتتە دەرھال يۈگۈردۈم، دۈشمەن مېنىمۇ ئاياۋسىز ئوققا تۇتتى. مۇرەمدىكى سومكام پۇلاڭلاپ چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى. ئۆيگە كىرىپ ئەتراپىمنى سىلاپ كۆرسەم ھېچ يېرىمگە ئوق تەگمەپتۇ. ئەمما بىر پاي ئوق سومكامنىڭ قىرىنى يىرتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

مەن باتالىيون كوماندىرىغا ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلىغانلىقىمنى رۇسچە دوكلات قىلدىم. ئۇ: «خاراشو!» دەپ قويدى. ياردەمچى كومبات

غېنى نۇرتايېف: «يارايسىز!» دېدى. كۆڭلىدە تىنچ ــ ئامان بېرىپ ــ كەلگەنلىكىمدىن خۇرسەن بولدى. مەنمۇ ئەزرائىلنىڭ مېنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن چەكسىز خۇرسەن بولدۇم.

ئوق تەگكەن ئاشۇ سومكام مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك خاتىرە بوْيۇم ئىدى. ئەپسۇس، 1947 ــ يىلى ئىيۇلدا ھەربىي سەپتىن قايتىدىغان ۋاقتىمدا ئالدىراپ قېلىپ شۇ سومكىنى جىلىڭ ناھىيەسىدىكى گارنىزون روتىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

3

بۈگۈن 7 ــ سېنتەبىر، شىخو ئۇرۇشىنىڭ 4 ــ كۈنى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەرقايسى پولك ۋە ئالاھىدە قىسىملار ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ 2 ــ لىنىيەسىنى تەلتۆكۈس يىمىرىپ، غەلىبىلىك ئىلگىرىلىدى. بۇ غەلىبە ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەلمۇ ئاز بولمىدى. قوشۇنىمىز سازلىقتىن ئۆتۈپ، ناھىيە ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، دۈشمەن بىرمۇ جەڭچىمىزنى پوتەي ۋە بۇتخانا ئەتراپىغا يېقىن يولاتمىدى.

2 ــ باتالىيوننىڭ ئوفىتسېرلىرى تۇرغان ھېلىقى ئۆينىڭ يۇقىرىقى بۇرجىكىگە بىر پاي زەمبىرەك ئوقى تېگىپ تۆشۈك ئېچىپ قويدى. ئوفىتسېرلار ئۇنىڭ يېنىدىكى دالان ئۆيگە چىقىپ، پەنجىرىدىن جەڭ مەيدانىنى كۆزەتتى. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتەر ــ ئۆتمەي پەنجىرىدىن كىرگەن بىر پاي ئوق دۈتنىكوف ئىسىملىك رۇس كوماندىرنىڭ قاڭشىرىغا تېگىپ يىقىلدى. ئوفىتسېرلار يەنە ھېلىقى بۇرجىكى چېقىلغان ئۆيگە كىرىۋالدى.

مەن بىر ئىش بىلەن ئاشخانا تەرەپكە كېتىۋاتسام، پىلىموت كۆتۈرگەن قاۋۇل بىر جەڭچى مېنى چاقىردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مۇھەممەتجان، پىلىموتۇمنىڭ ئىستوۋۇلىغا مىشەك قىسىلىپ قالدى. چىقىرىپ بېرىڭ ! — دېدى. بۇ جەڭچىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغىنىغا قاراپ 4 – روتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن پىلىموتنى قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، زاتۋورنىڭ مىشەك تارتىدىغان تىلى ساق ئىكەن. مىلتىقنىڭ سۇمبىسىنى سالسام ئازغىنە قىسقا كەلدى. پىلىموتنىڭ ئىستوۋۇلىغا بىر تال قومۇش چوكىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن مىلتىق سۇمبىسىنى تىقىپ قاتتىق باسسام مىشەك چىقىپ كەتتى.

پىلىموتچى خۇشال بولۇپ ماڭا رەھمەت ئېيتتى. «ئەمدى يەنە بىر ئاتايچۇ» دەپ روھلىنىپ كەتتى. ئۇ دۆڭنىڭ لېۋىدىكى پاكار تامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دۈشمەن تەرەپنى كۆزەتتى. ئۇ بۇتخانا ئەتراپىدىكى پوتەيلەرنى ئېنىق كۆردى. ئۇ مېنى چاقىرىپ ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تام ئۇستىدىن ئېھتىيات بىلەن قارىدىم. ئۇ پىلىموتنى تام ئۇستىگە قويۇپ، ئوقلار تىزىلغان ئۇزۇن لېنتىنىڭ بىر ئۇچىنى زاتۋورنىڭ ئالدىغا كىرگۈزدى.

— مەن ئاتىمەن، سىز ماۋۇ لېنتىنى① رۇسلاپ تۇتۇپ بېرىڭ ! — دېدى.

ئۇ نىشاننى قارىغا ئېلىپ ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا بىر پاي ئوق دەل ماڭلىيىغا تەگدى – دە، داراڭڭىدە ئوڭدىسىغا يىقىلدى ۋە بىر – ئىككى تېپىرلاپ جىمىپ قالدى. پىلىموت ئۇنىڭ ئايىغىغا چۈشتى. پوتەي ئىچىدىكى بۇ مەرگەن دۈتنىكوفنى قانداق چېنەپ ئاتقان بولسا بۇ يىگىتنىمۇ شۇنداق ئېتىۋەتتى. ماڭا يارىدەمچى پىلىموتچى بولۇشمۇ نېسىپ بولمىدى. بۇ ۋەقە شۇ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت 11 ئەتراپىدا يۈز بەردى. تۆت كۈندىن بېرى بۇ يىگىت ئاشۇ پىلىموتى بىلەن تالاي دۈشمەننى يەر چىشلەتكەن. قاراملىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ،

① زەنجىرسىمان ئوق لېنتىسى.

ئۆلۈمنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. مانا، بۇگۈن خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلدى.

قوشۇنىمىز سازلىقتىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ 3 - مۇداپىئە لىنىيەسىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ ئىلگىرىلەۋاتقان چاغدا ئايروپىلاننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار چىپپىدە توختىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئاسمانغا قارىشىپ، بۇ ئىككى ئايروپىلان ئۆزلىرىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. شۇ ئەسنادا ئايروپىلانلار فرونت ئۈستىنى بىر ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گومىنداڭنىڭ شىخو سېپىلى ئىچىدىكى ئىستىھكاملىرىغا بىرنەچچە بومبا تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن جەڭچىلىرىمىزنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلۇپ، ھۇررا توۋلاشتى. دۈشمەنلەر ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ، بوشاشماي قارشىلىق كۆرسەتمەكتە. بۇ، غۇلجا ئايرودۇرۇمىدا دۈشمەندىن ئولجا ئېلىنغان ئايروپىلان بولۇپ، ھالقىلىق پەيتتە جېنىمىزغا جان قوشقانىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ماڭا يەنە بىر خەتەرلىك ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى. ئەڭ ئالدىدىكى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان روتىلاردا قانچىلىك جەڭچى قالغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى. شۇ سائەتتە پولك ۋە باتالىيوننىڭ خەۋەرچى، ئالاقىچىلىرى تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن باتالىيون ئىشتابىدىن يىراقلىشىپ كەتمەي، كوماندىرلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەنىدىم. مەن سومكامنى ئېسىپ، ئېھتىيات بىلەن سازلىققا چۈشتۈم. قومۇشلار ئارىسىدا لەيلەپ ياتقان جەڭچىلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈپ، ساناپ بېقىشقىمۇ باغرىم چىدىمىدى. دۈشمەنلەر مېنى كۆرمەي قالدىمۇ ياكى ئېتىبارسىز قارىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ماڭا قارىتىپ بىر پايمۇ ئوق ئېتىلمىدى. باشقا جايلاردا بولسا ئوق ئېتىلىۋاتىدۇ. مەن تىنچ - ئامان ئەڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، تۇگمەن ئەتراپىدا ياتقان يارىدارلارنى كۆردۈم. ناخشىچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىمىنجان دېگەن يىگىتنىڭ قورسىقىغا ئوق تەگكەنىكەن، مېنى كۆرۈپلا «سۇ!» دېدى. مەن ئۆستەڭدىن بىر كورۇشكا سۇنى ئېلىپ ئىچۈرۈپ قويدۇم. سانىتاركا ۋارىسخان يەنە بىر قىز بىلەن ئېغىر ياردارلارنى يۆتكەۋاتىدۇ. يېنىكلىرىنىڭ يارىلىرىنى تېڭىۋاتىدۇ. بۇ قىزلارنىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا چېچىپ يۈرۈپ، مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلۇمدە پىداكارلىقنى مۇشۇ قىزلاردىن ئۆگىنىشىم بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

4 ـ روتىنىڭ سىياسىي رەھبىرى مۇسايېف ھاشىمجان بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

ــ ھازىر روتىڭىزدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان جەڭچى قانچە؟ ئۆلگەن ۋە ياردارلار قانچە؟

ــ ھازىر بىز جان ئېلىپ، جان بېرىۋاتىمىز. بۇ سوئالىڭىزغا كەچتە جاۋاب بېرەي، ــ دېدى.

مەن 5 ـ ۋە 6 ـ روتىلاردىنمۇ ئېنىق مەلۇمات ئالالمىدىم. يۈز مېتىر ئارىلىقتا روتا، ئىزۋوت كوماندىرلىرى جەڭچىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. ئېغىر ياردارلارنى دەرھال ئارقا سەپكە يۆتكەش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن بەزىلىرى بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەن كەلگەن يولۇم بىلەن قايتىپ كېلىپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى باتالىيون كوماندىرىغا دوكلات قىلدىم. ئۇلار ئەھۋالنى چۈشەنگەچكە مەندىن رەنجىمىدى. كەچ كىرگەندە شۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەرگە كىرىپ يېتىپ قالدۇق. قاراۋۇللار نۆۋەتلىشىپ تاڭ ئاتقۇچە بىزنى قوغدىدى.

# شخونىڭ ئازاد قىلىنىشى

## 1

شىخو ئۇرۇشىنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ كۈنلىرى مىللىي ئارمىيەمىز توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىپ ۋە دەھشەتلىك ئوق ياغدۇرۇپمۇ دۈشمەننىڭ بۇتخانا ئەتراپىدىكى 3 ـ مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. بەلكى تەسەۋۋۇردىن ئارتۇق قۇربان بېرىشتىن باشقا نەتىجە چىقمىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى چوڭقۇر سازلىق دۈشمەن ئۈچۈن يىمىرىلمەس تەبىئىي ئىستىھكام رولىنى ئوينىغانىدى.

قوماندانلىق ئىشتابىمىز بۇ ئوڭۇشسىزلىق ئۈستىدە ئويلىنىپ، قىيىن ئەمما ئۈنۈملۈك ھۇجۇم پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى: پۈتۈن قوشۇننىڭ بىر قىسمى (كۆپرەك سۈيدۈڭ 1 ـ پىيادە پولكى) 7 ـ سېنتەبىر كېچىسى سازلىقنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. دۈشمەن كۈتۈلمىگەن بۇ ھۇجۇمدىن تەمتىرەپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ 3 ـ مۇداپىئە لىنىيەسى سەھەردە ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ يىمىرىپ تاشلاندى.

8 ـ سېنتەبىر كۈنى تاڭ يورۇغاندا مەتتىمىن ئۆمەروف مېنى ئويغاتتى:

ــ ئورنۇڭدىن تۇرە، مۇھەممەد! جەڭچىلىرىمىز شىخو بازار ئىچىگە كىرىپتۇ. بىزمۇ كىرەيلى، بىزدىن باشقىلار ھازىر يۈرۈپ كېتىشتى، ــ دېدى.

ئۆمەروف ئىككىمىز چوڭ يولغا چىقىپ، ئۇدۇل بۇتخانىغا قاراپ ماڭدۇق. بىز ئۈچۈن ئۆلۈم گىردابىغا ئايلانغان سازلىق بىلەن بۇتخانا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپى جىمجىت. ناھىيە بازىرى تەرەپتە ئاندا ـ ساندا مىلتىق ۋە ئاپتومات ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋازلار كوچا ئۇرۇشى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

بىز ئىككىمىز سازلىقنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا كېتىۋاتىمىز، ئەكسىچە، دەھشەتلىك بىر مەنزىرە ئىچىدە كېتىۋاتىمىز. يول ئۈستى ۋە ئوڭ ـ سول تەرەپتىكى سازلىق قۇربان بولغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ... بىرنەچچە جەڭچىنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى سۇدا، يۇقىرىسى قىرغاقتا يېتىپتۇ. تاتار ئىزۋوت كوماندىرى جەۋدەتنىڭ قارنى يېرىلىپ، ئۈچەيلىرى چىقىپ قاپتۇ. گىرانات ياكى مىناميوت ئوقى ئۇنىڭ بىقىنىغا چۈشكەن ئوخشايدۇ. بەزى جەسەتلەرنىڭ قول، پۇتلىرى ئۈزۈلگەن ۋە بەزىلىرىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالغاچقا كىملىكىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. مەن كىنولاردىمۇ مۇنداق دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرمىگەنىدىم. ياق، كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. كىنولاردىكى كۆرۈنۈشلەر سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن سۈنئىي مەنزىرە. بۈگۈنكىسى ئۆزىمىز قۇربان بېرىپ ھاسىل قىلغان تەبىئىي مەنزىرە. بۇ تەبىئىي مەنزىرە ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

بىز سازلىقتىن ئۆتۈپ، تاشيول بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدۇق. بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى ئاكوپلاردا، پوتەيلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا يەر چىشلەپ ياتقان دۈشمەننىڭ ئۆلۈكلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بىز بۇتخانىنىڭ قوراسىغا كىرسەك، بىرنەچچە جەڭچىمىز ئىستانكوۋوي پىلىموت ئالدىدا تۇرغان ئىككى ئۇيغۇر ئەسىرنى سوراق قىلىۋېتىپتۇ:

— سىلەر ئۇيغۇر تۇرۇپ كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭلار؟

— بىزگە كىم نان بەرسە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدۇق.

— ئەمدىچۇ؟

— سىلەر نان بەرسەڭلەر سىلەر ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

بۇلارنىڭ جاۋابلىرىدىن مەجبۇرلانغان، مەسلەكسىز ۋە ئىرادىسىز نادان ئادەملەر ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

چېپەيزى ئۇرۇشىدا تارمار بولۇپ قاچقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بار ئىكەن. ئۇلاردىن ئون نەچچىسى بىزگە تەسلىم بولغانىدى.

## 2

سېنتەبىرنىڭ 8 ـ كۈنى قۇياش ئۇپۇق يېرىپ چىراي ئاچقان ۋاقىت. بۇتخاندىن ناھىيە ئىچىگە قاراپ ماڭغان يولدا دۈشمەن ئۆلۈكلىرى، ئۇششاق ـ چۈششەك قوراللار چېچىلىپ يېتىپتۇ. ئۆمەروف ئىككىمىز سېپىلنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قىيپاش ئېچىلغان يوغان دەرۋازىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، مەن يەردە تۇرغان چىرايلىق تاپانچىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، توپىسىنى سۈرتۈپ يوپكامغا سالدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۆمەروف دەرۋازىدىن كىرىپ، مەندىن ئون بەش قەدەم ئۇزاپ كەتتى. مەن دەرۋازىدىن كىرىشىمگىلا بىر گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئۆمەروفنى ئاتماقچى بولۇپ مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، دەرھال ئۇنى ئېتىۋەتتىم. ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ، ياغاچلار ئارىسىغا يىقىلدى. ئۆمەروف:

— كىمگە ئوق چىقاردىڭ؟ — دېدى جىددىي ھالەتتە.

— مۇنۇ ئىپلاسنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ سىزنى ئاتماقچى بولۇۋاتقانىدى، — دەپ جەسەتنى كۆرسەتتىم.

— ياخشى قىلىپسەن. ئەتراپىڭغا قاراپ، ھوشيار بولۇپ ماڭ!

مەن ئۇنى ئېتىۋېتىپ، «نەۋرە ئىنىمنىڭ قىساسىنى ئالدىم»، دېدىم كۆڭلۈمدە.

سېپىلنىڭ بۇ دەرۋازىسى ئىچىدىن يوغان لىم ياغاچلار بىلەن تىرەپ تاقالغانىكەن. سېپىل ئىچىگە شەرق تەرەپتىن كىرگەن جەڭچىلىرىمىز تىرەپ قويۇلغان ياغاچلارنى يىقىتىپ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىنى قىيا ئېچىپ قويغانىكەن. ياغاچلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھېلىقى قالدۇق دۈشمەن ئۆمەروفنى ئېتىشقا قىل قالغان پەيتتە مەن كىرىپ قاپتىمەن. ئەگەر شۇ تاپانچا ئۇچراپ قالمىغان بولسا، ئۆمەروف ياكى مەن — ئىككىمىزنىڭ بىرى قۇربان بولغان بولاتتۇق. بۇ كۆتۈلمىگەن ئامەت مېنى تېخىمۇ ھوشيار قىلدى. سېپىل ئىچىدىكى مەيداندا ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدە ياسالغان ھەرخىل ئېغىر - يېنىك قوراللار دۆۋىلىنىپ ۋە چېچىلىپ تۇرۇپتۇ.

بىز شۇ ماڭغانچە بازار ئىچىگە كىردۇق. جەڭچىلىرىمىز قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلاش بىلەن ئالدىراش.

بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ مەسچىتكە دۈشمەنلەر ئوت قويۇۋەتكەنىكەن، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. جەڭچىلىرىمىز جامائەتكە ياردەملىشىپ ئوتنى ئۆچۈرمەكتە. يوشۇرۇنغان قېرى - ياش ئەر - ئاياللار كوچىلارغا چىقىپ جەڭچىلىرىمىزنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى. بىرنەچچە ئايال ئۆيلىرىدىن نان، چاي، ئالما، ئۈزۈملەرنى ئېلىپ چىقىپ، سومكا ۋە يانچۇقلىرىمىزغا سېلىپ قويۇشتى. بۈگۈن روزا ھېيتنىڭ ناماز كۈنى ئىكەن. تەقۋادار ئادەملەر ھېيت نامىزىنى ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، خەتەرلىك كۈنلەردە ئامان قالغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا ھەمدۇ سانا ئوقۇپ، بىزگە ھەر جايدا تىنچ - ئامانلىق، نۇسرەت تىلەشتى.

كوچا ئۇرۇشى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئاخىرلاشقانىدى. بىز ئىككىدىن، ئۈچتىن گۇرۇپپا بولۇپ، ھويلىلارغا كىرىپ، ئامبار، ئېغىل، ئۆيلەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەنلەرنى تازىلاشقا كىرىشىپ كەتتۇق. غېنى نۇرتايېف ماڭا: «سىز مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگەچكە، بەزى كۈنلىرى مىلتىق ئېتىمىغانىدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا غېنى: «بۈگۈن سىزمۇ مىلتىق ئېتىسىز» — دەپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە خاس قىسقا بەش ئاتارنى بەردى. مەن مىلتىقنى ئېلىپلا ئوق سېلىپ بەتلىۋالغانىدىم. بىز ھەربىر ھويلىغا كىرىپ، ئىككى - ئۈچ پاي ئوق ئاتتۇق. بۇ بىزنىڭ يوشۇرۇنغان دۈشمەنلەرگە قىلغان

ھەيۋىمىز ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىمىز ئىدى.

بىر ھويلىنىڭ ئىچىدىن ئۈچ دۈشمەن ئەسكىرى قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى. بىرىنىڭ ئوڭ قولى مىلتىقىدا ئىدى. ئۆمەروف يېنىمىزدىكى جەڭچىگە: «ئاتما!» دەپ تۇرۇشىغا «تاڭ» قىلىپ ئوق ئېتىۋەتتى، قالغان ئىككىسىنى بىر جەڭچى قوماندانلىق ئىشتابىغا ئېلىپ كەتتى.

ئۆمەروف ئىككىمىز بىر بانكىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ قالدۇق. قورۇ ئىچى، پېشايۋان، پەلەمپەيلەرگە گومىنداڭنىڭ ھەر خىل پۇللىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ. چۇۋۇلۇپ كەتكەن توپ ـ توپ گەزماللارمۇ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. ئۆمەروف ئىككىمىز ئۈچ پەلەمپەينى دەسسەپ، بىر ئۆيگە كىردۇق. بۇ ئۆي ئىشخانا ھەم ياتاق ئىكەن. ئۆينىڭ بىر چېتىدە سىم كارىۋات، ئۈستىگە چىرايلىق يۇڭ ئەديال يېپىلغان. كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدا كوچىغا قارىتىلغان پاكار دېرىزە، تامدىكى كىيىم ئاسقۇچقا يازلىق پەلتو، شلەپە، كۆڭلەك ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئۆمەروف ئۆيگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۈستەل ئۈستىدىكى ھەرخىل دەپتەر، قەلەم، قېرىنداش، سىياھ، ئۆچۈرگۈچلەرنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن تاللاپ بىرنەچچىنى ئالدىم. بۇلۇڭدىكى ئېسىل چامادانغا بىر قاراپ قويۇپ مەنمۇ چىقىپ كەتتىم. بۇ، ئەتىگەن سائەت ئالتە بولغان ۋاقىت ئىدى.

بىرنەچچىمىز شىخونىڭ ئاياغ مەھەللىسىگە بېرىپ، بىر پاجىئەنى كۆردۇق. بۇ ئۇرۇمچى تاشيولىغا يېقىن مەھەللە ئىكەن. شىخودىن قاچقان دۈشمەنلەر ھەرقايسى ئۆيلەردىن خوتۇن ـ قىزلارنى كوچىغا ئاچىقىپ قارنىنى يېرىپ، چېتىنى يىرتىپ، بىرىنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. بەزى ئۆيلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ كېتىشىپتۇ. بىز بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ قايتىپ كەلسەك، ھېلىقى بانكا كۆيۈۋېتىپتۇ. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بانكىنىڭ ئاشۇ ئۆيىگە يوشۇرۇنغان بىر دۈشمەن ئوفىتسېرى دېرىزىدىن ماراپ تۇرۇپ تاپانچا بىلەن ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جەڭچىمىزنى ئېتىپ، بىر جەڭچىمىزنى يارىلاندۇرۇپتۇ. قاپ يۈرەك بىر جەڭچىمىز دېرىزىگە يېقىن بېرىپ گىراناتا تاشلىغانىكەن، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر ئوفىتسېرنىڭ تېپىرلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ جەڭچى 2 ـ گىراناتىنى تاشلىغاندا ئۆيگە ئوت كېتىپتۇ. ئوفىتسېرمۇ ئۆلۈپتۇ. قارىسام، مەن دەپتەر، قەلەم، سىياھ ئېلىپ چىققان ئۆي كۆيۈۋاتىدۇ.

كارىۋات ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئوفىتسېر بۇ ئۆيدە مېنىڭ بىر مىنۇت يالغۇز قالغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ مېنى نېمىشقا ئاتمىدى؟ ئۇ ھېلىراق مۆكۈنگەن بولسا، ئاتايمۇ، ئاتمايمۇ دەپ ئىككىلەنگەن ياكى مېنى ئېتىپ قويسا، ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، يېتىپ ئۆلگىچە ئېتىپ ئۆلەي دەپ كوچىدىن ئۆتكەنلەرنى ئاتقان. بىراق، خۇدا مېنى ساقلىغىنى بىلەن ئۇچ ئەزىمەتنى ساقلىماپتۇ ئەمەسمۇ!

شۇ كۈنى چۈشكىچە شىخو ناھىيەسى قاچقان ـ مۆككەن دۈشمەنلەردىن پۈتۈنلەي تازىلىنىپ بولدى. شۇ چاغدا غۇلجا تەرەپتىن بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، ناھىيە ئۈستىنى بىر ئايلاندى. ئاندىن خەلق بىلەن جەڭچىلىرىمىز ئارىلىشىپ يۈرگەن ئاۋات گۇزەرگە ۋەرەقە تاشلىدى. ۋەرەقىلەر يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك لەپەڭشىپ كىشىلەر ئارىسىغا چۈشتى. ئېلىپ ئوقۇپ كۆرسەك، باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بىزنىڭ شىخو ئۇرۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىمىزنى ئالقىشلىغان، بارلىق جەڭچى، ئوفىتسېرلارغا يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن ھال سوراپ، سالام يوللىغان تەبرىك خېتى ئىكەن. بۇ خەت بىزگە چەكسىز خۇشاللىق ۋە غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلىدى. خەلقنى خاتىرجەم، ئۈمىدۋار قىلدى. كېيىنكى ئىشلار، يەنى ناھىيەنى باشقۇرۇش، شېھىتلەرنى دەپنە قىلىش ئىشلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇلدى.

# ئورمانباغقا يۈرۈش

1

8 ـ سېنتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە 2 ـ باتالىيون شىخو بازار ئىچىدىن قوزغىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۈرۈمچى تاشيولى بويىدىكى بىر چوڭ چىلانلىق باغقا كېلىپ توختىدى. ئەتىسى ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، كۈيتۈن دەرياسى ساھىلىدىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاشلىق سايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. پولكىمىزمۇ مۇشۇ يەرگە يىغىلدى. ھەرقايسى قىسىملار ئەتراپنى كۆزەتكىلى رازۋېدكىچىلارنى ئەۋەتتى. جەنۇب تەرەپ تاغ باغرىدىكى تۆپىلىكتە جىڭ ناھىيەسىدىن قاچقان بىر توپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۆرۈندى. ئۇلار بىر روتىدىن كەم ئەمەس ئىدى. كوماندىرلىرىمىز ئۇلارنى تىنچ يول بىلەن تەسلىم قىلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدىدى.

پولك كوماندىرى موگۇتنوف مەتتىمىن ئۆمەروفنى چاقىرىپ:

ــ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلساق جەزمەن يېڭىمىز، لېكىن بىزدىنمۇ چىقىم بولىدۇ. ئۇلار مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى چۈشەنسە تەسلىم بولۇشى مۇمكىن. سىز ئۈچ جەڭچى بىلەن بېرىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىپ ئالدىمىزغا سېلىپ كېلىڭ! ــ دېدى.

ئۆمەروف رۇسچىنى بىلمىسىمۇ، خەنزۇچىنى ئادەتتىكىچە سۆزلىيەلەيدىغان، سىياسىي سەۋىيەسى، تىل قابىلىيىتى ياخشى كادىر ئىدى. بۇ ۋەزىپىگە ئۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق ئادەم يوق ئىدى.

ئۆمەروف بۇيرۇققا بىنائەن ئۈچ نەپەر قەيسەر جەڭچى بىلەن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇلار دۈشمەنگە ئىككى ـ ئۈچ يۈز مېتىر يېقىنلاشقاندا دۈشمەنلەر پىلىموت، مىلتىقلىرىدىن ھالقىتىپ ئوق ياغدۇردى. ئۆمەروفلار ئوق چىقارماي جىم تۇرۇۋالغاندى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

دۈشمەنلەرمۇ ئوق چىقىرىشنى توختاتتى. دېمەك، ئۇلار ئۆمەروفلارنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن باش ئۇستىدىن ھالقىتىپ ئوق چىقارغانىكەن.

ئۆمەروف قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئىلگىرىلەپ، ھەمراھلىرى بىلەن ئەللىك قەدەم يېقىنلاشتى ۋە ئۇلاردىن بىر ۋەكىل چاقىردى. ئۇلار بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ، بىر ئوفىتسېر بىلەن ئىككى ئەسكەر كېلىپ ئون قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختىدى. ئۆمەروف ئۇلار بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ تەسلىم قىلدى. ئەسىرلەر قۇراللىرىنىڭ ئۈچىنى يەرگە قارىتىپ ئېسىپ، ئۆمەروفلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان روتا كوماندىرى دۆڭلۈك ئۇستىدە ئۆزىنى ئېتىۋالدى.

ئۆمەروف ئۈچ سەپدىشى بىلەن ئەسىرلەرنى تىنچ - ئامان ئېلىپ كەلگەندە، پولك رەھبەرلىرى ئۇنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئەسىرلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي، ئارقا سەپكە ئەۋەتىلدى.

2

ئەتىسى باتالىيونىمىز ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن كۈيتۈڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كۈيتۈڭ① يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يېزىمۇ كونا شىخوغا ئوخشاش خانىۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. كۈيتۈڭنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە بىرمۇ ئادەمنى كۆرمىدۇق. بۇ يەردە بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەنزىلگاھىمىز يەنسىخەيگە (ئورمانباغقا) يېتىپ كەلدۇق.

يەنسىخەي ھەرخىل دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بۈك - باراقسان جاي بولۇپ، بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان غۇلجا 4 - پولكىنىڭ جەڭچىلىرى «ئورمانباغ» دەپ ئىسىم قويغانىكەن. 2 - باتالىيون يەنسىخەينىڭ

---

① كۈيتۈڭ، يەنسىخەي، ئالاۋسۇن، ساندىخوزا، شىخەنزىلەر ئۆز ۋاقتىدا رايونمۇ، يېزىمۇ، كەنتمۇ، ئۆتەڭمۇ، بۇنى بىلمەيدىكەنمەن.

جەنۇب تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكنى قارارگاھ قىلدى. بۇ يەر دەرەخزارلىقتىن 500 مېتىرچە يىراق بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدە تەڭرىتاغقا تۇتاشقان ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر تاغ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ. باتالىيونىمىز ئورۇنلاشقان مۇشۇ تۈزلەڭلىكنىڭ شىمال تەرىپىدە ئاندا ـ ساندا دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ، قويۇق دەرەخزارنىڭ ساقىندىلىرى ئىدى. بىز چېدىرلانى تىكىپ، كەپىلەرنى ياساپ، ئىشتاب ئىشخانىسى، ئاشخانا ۋە ياتاقلىرىمىزنى جايلاشتۇرۇۋالدۇق. ئاندىن شەرق تەرەپتىن (ئۈرۈمچىدىن) كېلىدىغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاكوپلارنى كولاپ، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان مۇداپىئە لىنىيەسىنى قۇرۇۋالدۇق.

جەڭگاھلاردا قەھرىمانلارچە قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان مىللىي ئارمىيە يۈقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يەنسىخەيگە كېلىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىكەن، دېگەن خەۋەرلەر تارقالدى. شۇنداق بولسىمۇ بىز ھەرخىل ھەربىي مەشقلەرنى ئۆتكۈزۈپ، جەڭگىۋار ھالىتىمىزنى بوشاشتۇرمىدۇق. بەزى كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى بىزنى سەگەكلەشتۇرۇپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى. لېكىن ئوق چىقارمىدى. مەن باتالىيونىمىزنىڭ سىياسىي رەھبىرى مەمتىمىن ئۆمەروفنىڭ سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم. ئۆزۈمنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىمنى ئىشلەپ بولۇپ، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇردۇم.

تامىقىمىز ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، سۈت، قايماق، قېتىقنى سېغىناتتۇق. بەزى كۈنلىرى ئاغزى يۇمشاق، پۈت ـ قولى ئەپچىل يىگىتلىرىمىز ئالاۋسۇن، ساندىخوزىلاردىن سۈت، قىمىز، ھاراق تېپىپ كېلىپ، ئوفىتسېرلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىچىشەتتى.

ـــ بۇگۈن قېتىق ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، ـــ دېدى ئىشتاب باشلىقىمىز ناسىروف زاكىر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— مەن بېرىپ قېتىق تېپىپ كېلەي، — دېدىم.

— سىز يىراقتا بارماي، مۇشۇ ئورمانلىق ئىچىدىكى ئۆيلەردىن ئىزدەپ بېقىڭ، — دېدى غېنى نۇرتايېف.

مەن مىلتىقىمنى مۈرەمگە ئېسىپ، ئىككى كاتىلوكنى[1] ئېلىپ يۈرۈپ كەتتىم. دەرەخلەر ئارىسىدىكى بىر نەچچە هويلىغا كىرسەم بىرمۇ ئادەم يوق. ئاچ قالغان ئىتلار ماڭا قاۋاشقا باشلىدى. مەن ئارقامغا ياندىم. دەرەخلەر شالاڭ يەرگە كەلگەندە، شەرق تەرەپتىن بىر ئايروپىلان پەس ئۇچۇپ كېلىپ ئارغامچا تاشلىدى. مەن يوغان بىر تۈپ قارىياغاچقا چاپلىشىۋالدىم. ئارغامچا مەندىن ئىككى مېتىر نېرى يەردىن يەرگە تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇچقۇچى ئارغامچىنى دەرھال يىغىۋالدى. ئەگەر يىغىۋالمىغان بولسا، ئارغامچا ئۇچىدىكى تۆمۈر ئىلمەك دەرەخلەرگە ئىلىنىپ ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى.

دېمەك، بۇ ئايروپىلان تىل[2] تۇتۇش ئۇچۇن ئەۋەتىلگەنىكەن.

مەن ئىشتابقا كېلىپ بۇ ۋەقەنى دەپ بەرسەم، ئۇلار ھەيران قالدى.

— بىز شۇ ئايروپىلاننى كۆردۇق، ئەمما ئارغامچا تاشلىغانلىقىنى كۆرمىدۇق، — دېدى ئۆمەروف.

— خۇدايىم سىزنى يەنە بىر ساقلاپتۇ، — دېدى غېنى.

— خېلى تەلەيلىك يىگىت ئىكەنسىز. دادىڭىز بىلىپ ئىسمىڭىزنى مۇھەممەد قويۇپتىكەن، — دېدى زاكىر.

شۇ ئايروپىلان دۈشمەننىڭ بىزنى كۆزەتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئايروپىلانى بولۇپ قالدى. يەنسىخەيدە تۇرغان ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا جىددىي ۋەقە يۈز بەرمىدى. بىكار بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا غۇلجىدىن كەلگەن خەۋەرلەر، ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ – ھەۋەسلىرىمىز توغرىسىدا پاراڭلىشاتتۇق.

---

[1] كاتىلوك — جەڭچىلەرنىڭ سۇ قاچىسى.

[2] تىل — قارشى تەرەپتىن كېرەكلىك مەلۇمات ئېلىش مەقسىتىدە تۇتۇۋېلىنغان ھەربىي ئەسىر.

# ماناس دەرياسى بويىدا

1945 ـ يىلى ئۆتەبىرنىڭ باشلىرىدا سۇيدۇڭ 1 ـ پىيادە پولكى داغدۇغا بىلەن يەنىسخەيدىن شەرققە قاراپ ھەربىي يۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

پولكىمىز ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ توختىدى. 1 ـ باتالىيون ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىگىلەپ، مۇداپىئە لىنىيەسىنى قۇردى. 2 ـ باتالىيون 1 ـ باتالىيوننىڭ ئوڭ قانىتىغا، يەنى دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئورۇنلىشىۋالدى ۋە تەخىرسىز ھالدا قىرغاقنى بويلاپ ئاكوپ قېزىپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. ھەرقايسى روتا ۋە ئىزۋوتلار ياتاق ئۆچۈن گەمە ئۆي تەييارلاپ ئۆزلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋالدى.

شۇ يىلى نويابىردا سۇيدۇڭ پىيادە پولكىنى چۆچەك پولكىنىڭ يېڭى جەڭچىلىرى بىلەن تولۇقلىدى. شۇنىڭ بىلەن پولكىمىزدا تەشكىلىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. 3 ـ باتالىيون قۇرۇلۇپ، غېنى نۇرتايېف باتالىيون كوماندىرى، مالىك گىمادىيېف ئىشتاب باشلىقى، باۋۇدۇن ناسىر سىياسىي رەھبەر، ۋارىسخان بىلەن چۆچەكلىك ئالتۇن چىشلىق دوختۇر تېببىي خادىم، مەن كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندۇق. ۋەزىپىلەر مۇقىملىشىپ، كۈندىلىك ھەربىي تۇرمۇشىمىز ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ھەربىي مەشغۇلات باشلىنىپ كەتتى. ئىشتابتىكىلەر ھەركۈنى بىر نەچچە قېتىم دەريا بويىغا بېرىپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرنى كۆزدىن كەچۈرىمىز، پاراڭلىشىمىز. قارشى قىرغاقتىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىمىز.

مۇشۇ قېتىملىق تەشكىلىي ئىسلاھاتتا ناسىروف زاكىر باشقا باتالىيونغا يۆتكىلىپ كېتىپ كۆڭلۈم يېرىم بولسىمۇ، تەقدىر يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياخشى ئادەم بىلەن ئۇچراشتۇردى. يېنىمىزدىكى 2 ـ باتالىيوننىڭ يېڭى سىياسىي رەھبىرى مېنىڭ شېئىرىيەت ھەۋەسكارى ئىكەنلىكىمنى كىشىلەردىن سوراپ ئۇقۇپ بىلىپ، مەن بىلەن پاراڭلاشقىلى كەپتۇ. بۇ كىشى چوڭچەكتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن داۋۇت تۇرەخمەتوف ئىكەن. بىز شۇ كۈنى ئۇزاق پاراڭلىشىپ، ئۇستاز ۋە شاگىرت بولۇپ قالدۇق.

1945 ـ يىلى نويابىردىن ئېتىبارەن مەن يەنە شېئىرىيەت قاينىمىغا چۆكۈپ كەتتىم. ئارقا سەپتىن كەلگەن گېزىت، ژۇرناللاردىكى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان شېئىرلارنى قىزىقىپ ئوقۇپ يۈردۈم.

بىركۈنى ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى، قارىسام سىڭلىم يازغان خەت ئىكەن، خەتتە: مېنىڭ قانلىق جەڭلەردە غەلىبە قىلىپ غازى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، چەكسىز خۇشال بولغانلىقىنى، دادامنىڭ خۇداغا شۈكرانىلىق ۋە مىننەتدارلىق نامىزى ئوقۇغانلىقىنى يېزىپتۇ. خەتنىڭ ئاخىرىغا سىڭلىم ئۈچ كۇپلېت قوشاق يېزىپ قويۇپتۇ:

تېكە ئويناپ تاقلاپتۇ،
كەڭ ئېرىقتىن ئاتلاپتۇ.
جەڭگە كىرگەن ئاكامنى
بىر خۇدايىم ساقلاپتۇ.

لاچىن قونمىغان تېرەك،
سويما سالمىغان پىلەك.
بىر تۇغقان قېرىنداشقا
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

مۇشكۇللەر ئاسان بولسۇن،
ئەل كۈتكەن زامان بولسۇن.
جەڭچى بولغان جان ئاكام
ھەرجايدا ئامان بولسۇن.

مۇشۇ قوشاقلار يۈزلىگەن خەلق قوشاقلىرىنى يادىمغا سالدى. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى يېزىلغان دەپتىرىمنى ئېلىپ ئوقۇۋىدىم، مەندە يەنە شېئىر يېزىش ھەۋىسى قوزغالدى.

1946 ـ يىلى فېۋرالنىڭ ئىزغىرىن شامال ئۇرۇۋاتقان بىر كۈنى مەمتىمىن ئۆمەروف:

ــ پولكىمىزغا ئاتاقلىق شائىر نىمشېھىت (ئەرمىيا ئېلى) كەپتۇ. يۈرە، بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى، ــ دېدى.

تۇرەخمەتوف ئۈچىمىز شۇ ھامان پولك ئىشتابىغا باردۇق. بىلىدىغان بىر كىشى ئوتتۇز قەدەم نېرىدىكى گەمە ئۆينى كۆرسەتتى. بىز ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ سالام بەردۇق. ئوتتۇرا بوي، ۋىجىك بىر ئادەم سالىمىمىزنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

ــ ئولتۇرۇڭلار، ــ دەپ ئورۇن كۆرسەتتى. بىز ئەھۋاللىشىپ تونۇشقاندىن كېيىن نىمشېھىت سۆز باشلىدى:

ــ مەن بۇلتۇر ئاقسۇدىن قايتقان مىللىي ئارمىيە بىلەن غۇلجىغا كېلىۋالدىم. مەن ئۆزۈم ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، جەڭچىلەر بىلەن تونۇشۇشنى، ئۇلارنىڭ ھەربىي تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. مانا، بۈگۈن سىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ــ دېدى.

ــ بىز جەڭچىلەر ئىچىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئانچە ـ مۇنچە شېئىرمۇ يېزىپ قويىمىز. بىزگە تەلىم بەرسىڭىز، ــ دېدى تۇرەخمەتوف.

نىمشېھىت ئۆزىنىڭ گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىنى كۆرسەتتى. ئاندىن غۇلجىدىن ئېلىپ كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىتابلىرىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ: — ئوقۇپ بېقىڭلار، — دەپ بەردى. بىز خەيرلىشىپ قايتتۇق.

2 - قېتىم داۋۇت تۇرەخمەتوف ئىككىمىز كېلىپ، شائىرنىڭ شېئىرىيەت توغرىسىدىكى پىكىر ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئاڭلىدۇق. مەن يازغان شېئىرلىرىمدىن ئىككىنى كۆرسەتتىم. ئوقۇپ كۆرۈپ، — خېلى ياخشى يېزىپسىز، سىزدىن ئۈمىد بار، — دېدى.

3 - ۋە 4 - قېتىم تۇرەخمەتوف ئىككىمىز كېلىپ، يەنە شېئىرىيەت توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. مەن ئۆزۈم چۈشىنەلمىگەن بىر مەسىلىنى سورىدىم:

— مەن «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدىكى بەزى شېئىرلارغا بەك قىزىقىپ قالدىم. بۇ شېئىرلار خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاش بىرخىل ئاھاڭ بىلەن تىلغا راۋان چۈشىدىكەن. مەسىلەن:

ناخشا ئېيتساڭ خۇش كېلۇر جانان ئاۋازىڭ شۇنچىمۇ،
جاننى ئالدى كۆزلىرىڭ، قىلغاندا نازىڭ شۇنچىمۇ.
سەن خاراب ئەتتىڭ مېنى كۆيمەس تېنىمنى كۆيدۈرۈپ،
ئىنتىزار ئەتتىڭ مېنى، قىلغان ئارازىڭ شۇنچىمۇ.

مەن مۇشۇنداق شېئىردىن بىرنەچچىنى دەپتىرىمگە كۆچۈرۈۋېلىپ ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇپ يۈردۈم. شۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ شېئىر ماڭا ياد بولۇپ قاپتۇ. بۇ شېئىردىكى راۋانلىق ۋە يېقىملىقلىقنىڭ سىرىنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدىم.

— بۇ شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل بەھرىدە يېزىلغانىكەن. خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە رەمەل ۋە ھەزەج بەھرلىرىدە توقۇلغان قوشاقلار ناھايىتى كۆپ. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھر، ۋەزىن تۈرلىرى خىلمۇخىل ۋە مۇرەككەپ. سىز ھازىرچە رەمەل ۋە ھەزەج بەھرلىرىدە شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بۇنى ئۆگىنىۋېلىشنىڭ ئاسان ئۇسۇلى ئاشۇ ۋەزىندىكى

شېئىر، قوشاقلارنى كۆپلەپ ئوقۇپ يادلىۋالسىڭىز، ھېس - تۇيغۇڭىزغا ئۆزلىشىپ قالىدۇ، — دېدى نىمشېھىت.

ئۇ يەنە ئاروز ۋەزنىدە يېزىلغان بىرقانچە شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. بىز چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەپ قايتتۇق.

— مەن شۇ كەمگىچە ئاروز ۋەزنى دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدى تۇرەخمەتوف، — مەنمۇ ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدىم. بۇگۇنكى سۆھبەت بىز ئۇچۇن يېڭى دەرس بولدى، بۇنى ئۇنتۇپ قالمايلى، دېيىشتۇق. شۇ يىلى 3 - ئايدا نىمشېھىتنىڭ باشقا پولكقا كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلىمىز يېرىم بولدى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن شېئىر يېزىشقا تېخىمۇ كىرىشىپ كەتتىم. يازغان شېئىرلىرىمنى تۇرەخمەتوفقا كۆرسەتتىم. ئۇنىڭ پىكىر، مەسلىھەتلىرىگە ئاساسەن بەزى شېئىرلىرىمنى قايتا - قايتا تۈزەتتىم.

ئىشتاب باشلىقى مالىك گىمادىيېۋ مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى ياقتۇرسىمۇ، شېئىر يېزىشىمنى ياقتۇرمايتتى. بىر كۈنى مەن باش قاتۇرۇپ شېئىر يېزىۋاتاتتىم:

— ئاۋارە بولما، مۇھەممەد، شائىر بولالمايسەن، — دېدى ئىشتاب باشلىقىم. بۇ سۆز ماڭا قاتتىق روھىي زەربە بولدى. جەڭگىۋار سەپەر، دەھشەتلىك ئۇرۇش كۈنلىرىدىكى جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەرلەرگە چىداشلىق بەرگەن بولسامۇ، شۇ بىر ئېغىز ئاچچىق گەپكە چىداشلىق بېرەلمەي شېئىر يېزىشتىن قول ئۈزدۇم. مەن بۇ ۋەقەنى «بىر ئېغىز ئاچچىق گەپ» دېگەن ماقالەمدە تەپسىلىي بايان قىلغان.

بۇ 1946 - يىلى ئاپرېل ئىدى. باھارنىڭ سالقىن ھاۋاسى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ھەر ئىككى تەرەپ بۇيرۇققا بىنائەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا ۋەزىيەت تىنچ ئىدى. مەن ھەر يىلى ئەتىيازدا لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمدىن بۇ يەردىمۇ لەگلەك

ئۇچۇرغۇم كەلدى. مەن دەسلەپ ئاددىيغىنە بىر لەگلەكنى ياساپ ئۇچۇردۇم. غەرب تەرەپتىن چىققان شامال لەگلەكنى شەرق تەرەپكە ئۇچۇردى. يىپنى ئۇزۇن قويۇپ بەرسەم، لەگلەك دەريانىڭ ئۇ قېتىغا يەتكۇدەك ئۆرلەپ ئۇچتى. ئەتىسى ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئۇسۇلۇم بويىچە كىچىككىنە بالىچۇق ياسىدىم. قەغەزنى ئۇششاق كېسىپ بالىچۇقنىڭ ئاستىدىكى ئىلگەككە ئۆتكۈزۈپ قويدۇم. ئاندىن بالىچۇقنىڭ قانىتىنى ئېچىپ، لەگلەكنىڭ يىپىغا ئىلىپ قويدۇم. بالىچۇق شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئاسماندىكى لەگلەكنىڭ قېشىغا بېرىپ تاقىقىدە ئۇرۇلدى – دە، قاناتلىرى يېپىلىپ، ئۆتكۈزۈپ قويغان ئۇششاق قەغەزلەر چېچىلىپ كەتتى. بالىچۇق شۇ هامان سىيرىلىپ قايتىپ چۈشتى. كوماندىرلىرىم بۇنى كۆرۈپ هەيران قېلىشتى. سىياسىي رەھبىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى:

– بىز قارشى تەرەپتىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ھەقىقەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلىپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى يېزىپ، مۇشۇ بالىچۇققا ئىلىپ قويايلى. بالىچۇق لەگلەككە ئۇرۇلغاندا ۋەرەقىلەر دەريانىڭ ئۇ قېتىغا چېچىلىدۇ. ۋەرەقىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىز تەرەپكە ئۆتۈشنى خالايدىغانلىرى چىقىپ قالىدۇ. بۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ! – دېدى.

– بۇنداق قىلساق سىياسىي پائالىيەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىشنى يۇقىرى رەھبەرلىرىدىن سوراپ قىلىش كېرەك، – دېدى ئىشتاب باشلىقىمىز.

ھەربىي مەشغۇلات ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن لەگلەكنى ئۈچ – تۆت قېتىم ئۇچۇرالىدۇق. شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرلاشقانلىقى، ئۇرۇش بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر كۆپىيىپ قالغانىدى.

## ماناس دەرياسىدىن قايتىش

1946 ـ يىلى مايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇيىدۇڭ پىيادىلەر 1 ـ پولكى 5 كىلومېتىر ئارقىغا ـ شىخەنزىگە چېكىندى. ماناس دەرياسى بويىدىكى باشقا قىسىملارمۇ چېكىندى. روتا ۋە ئىنژۇوتلارنىڭ دەرەخلەر ئارىسىغا ئاددىيغىنە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايدىغانلىقىمىز ئايان بولدى. ئىيۇن كىرىشى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالانغانلىقى ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن يۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى.

پولكىمىز بۇيرۇققا بىنائەن ماناس دەرياسى بويىدىكى 8 ئايلىق جەڭگىۋار ھەربىي تۇرمۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، غەربكە قاراپ چېكىندى. ئالاۋسۇن، ساندىخوزا، يەنسىخەي، كۇيتۇڭلەردىمۇ توختىماي، ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا شىخوغا يېتىپ كەلدى. پولك، باتالىيون، روتا ئىشتابلىرى ئازادە ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. شىخو خەلقىنىڭ ئۆز ئىرىكچىلىكى بىلەن تىنچ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پەخىرلەندۇق. جەمئىيەت تەرتىپى خېلىلا مۇقىم ئىكەن. ئىدارە، جەمئىيەتلەر بىزنى قىزغىن كۇتۇۋالدى.

پولكىمىز شىخوغا كېلىپ، كۆپ ئۆتمەي، قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن يەنە بىر تەشكىلىي ئىسلاھات ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن سۇيىدۇڭ پىيادە پولكى شىخو پولكى دەپ ئاتالدى. باتالىيون ۋە روتىلاردىكى ئۆزگىرىشلەر يادىمدا يوق. باشقىلار قاتارىدا مېنىڭمۇ خىزمەت ئورنۇم ئۆسۈپ، پولكنىڭ ئىستراتېگىيە بۆلۈمىگە كاتىپ بولۇپ يۆتكەلدىم. ھەربىي ئۇنۋانىممۇ ئۆسۈپ پىراپورشىك بولۇپتىمەن.

بىر كۈنى يىگىرمە نەچچىمىز يىغىلىپ، بىز قان كېچىپ ئۇرۇش قىلغان قارادۆڭ مەھەللىسىدىكى دەرەخزارلىقنى، ۋەيران بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆيلەرنى كۆرگىلى باردۇق. ئۆي ئىگىلىرى ئۆيلىرىنى ياساپ تۈزەپ خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئىرادىمىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن سىناپ كۆرگەن سازلىقلار بىزدىن ئەپۇ سورىغان قىياپەتتە قومۇشلىرىنى شىلدىرلاتماقتا. بىزگە ئەجەل ئوقلىرىنى چاچقان يالماۋۇز بوتخانا سانسىز ئۆتمىتۆشۈكلىرىدىن مەغلۇبىيەت كۆز ياشلىرىنى تۆكمەكتە. پوتەيلەر ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپتۇ. ئۆتكەن يىلى مانا، مۇشۇ جايلاردا 700دىن كۆپرەك جەڭچىمىز قۇربان بولغان. 500 گە يېقىن جەڭچىمىز يارىلانغان... بىز شۇ قەھرىمانلىرىمىز دەپنە قىلىنغان كوللېكتىپ قەبرىستانلىقنى كۆرگىلى باردۇق ۋە سۈكۈت ئىچىدە تەزىيە بىلدۈردۇق. ئاندىن بىز بىلەن بىللە بارغان موللام خەتمىقۇرئان قىلغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ، ھەممىمىز غەمكىن ھالدا قايتىپ كەلدۇق.

بىر كۈنى مەن ئىشتاب ھويلىسىدا ئولتۇرسام، بىر يىگىت مېنى ئىزدەپ كەلدى. بىز سالاملاشقاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

ـــ مەن شىخو ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى زەينىدىن سالىيېف بولىمەن. مەن بىر شېئىرىيەت ھەۋەسكارى. سىزنىمۇ ماڭا ئوخشاش ھەۋەسكار دەپ ئاڭلاپ ئىزدەپ كەلدىم، ـــ دېدى ۋە مېنى ئۆيىگە باشلاپ باردى.

بىز داستىخان ئۈستىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى كۆرسەتتى ۋە بىرنەچچە شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ يېڭى يازغان «تارىخ ـــ قەھرىمان» دېگەن شېئىرى ماڭا بەك ياراپ كەتتى.

ـــ سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ ـــ دېدى ئۇ.

ـــ مەن سىزچىلىك شېئىر يازالمايمەن. يازغان شېئىرلىرىمنى چېكىنىش جەريانىدا يوقىتىپ قويدۇم، ـــ دەپ يالغان ئېيتتىم.

بىز بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشتۇق. بۇ ئۇچرىشىشلار مەندىكى مۈگدەپ قالغان شېئىرىي ئىشتىياقنى ئويغىتىپ قويدى.

1946 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ بىر كۈنى داۋۇت تۇرەخمەتوف بىر تۈركۈم ئوفىتسېر، جەڭچىلەر قاتارىدا ئارقا سەپكە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى ياتاقتا باشلىدى. بىز باشقا گەپلەرنى قىسقارتىپ، شېئىرىيەت توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇ مېنى يەنە يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئەتىسى بىز پولك دەرۋازىسى ئالدىدا تىنچ ـ ئامانلىق، سەپىرىگە ئاقيول تىلەپ خەيرلەشتۇق.

## جىڭ ناھىيەسىدە

1946 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە شىخو پولكى پولك تەركىبىدىكى ئەڭ ياخشى ئوفىتسېر، جەڭچىلەردىن بىر گارنىزون روتا تەشكىللىدى. بۇ روتىغا سېيىت ئەيسايېف روتا كوماندىرى، ساغى (قازاق) ئىشتاب باشلىقى، ئابدۇخالىق سىياسىي رەھبەر، ماخمۇت تېبىبىي خادىم، مەن كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندۇق. روتا قورال ـ ياراغ، كېرەكلىك ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەنگەندىن كېيىن، ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا جىڭ ناھىيەسىگە ئەۋەتىلدى.

ئۆتكەن يىلى جىڭ ناھىيەسى شىخو بىلەن تەڭ ئازاد قىلىنغان چاغدا ناھىيەنىڭ جەنۇب تەرىپىدە گومىنداڭنىڭ بىر قورال ـ ياراغ ئامبىرى قالغان بولۇپ، ئۇنى پارتلىتىۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەنىكەن. مۇشۇ بىر يىل مابەينىدە يوشۇرۇنغان قالدۇق دۈشمەنلەر ۋە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئىشپىيونلار بۇ ئامبارنى پارتلىتىۋېتىش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، قوغداۋاتقان جەڭچىلەر سېزىپ قالغانلىقتىن، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. لېكىن باش قوماندانلىق ئىشتابىمىز دۈشمەننىڭ ھەركىتى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، مۇشۇ ئامبارنى قەتئىي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سېيىت ئەيسايېف روتىسىنى ئەۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئون بىر يىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن يول ئېچىلىپ، سودىگەرلەر، يۇرتىغا قايتقانلار، توغقان يوقلىغۇچىلار ۋە باشقا يولۇچىلار ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدىغان بولدى. كۆۋرۈك بېشىدىكى قاراۋۇللارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈۋالغان ئىشپىيونلارمۇ بايقالدى. مۇشۇنداق ئىشپىيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىنىش، ئۇلارنى بايقاش ۋە تۇتۇش ۋەزىپىسى گارنىزون روتىغا يۈكلەنگەندى. بىز جىڭ ناھىيەسىگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بۇ ئىككى ۋەزىپىنى يۈكسەك ھوشيارلىق بىلەن ئورۇنلاشقا كىرىشتۇق. قورال ـ ياراغ ئامبىرىنىڭ قاراۋۇلى ئىككى سائەتتە بىر ئالماشتۇرۇلدى. كوچا ۋە مەھەللىلەردە كېچە ـ كۈندۈز قاراۋۇل ئۈزۈلمىدى. ئالتە ئاي ئىچىدە بەش ئىشپىيون تۇتۇلدى. مارتنىڭ سوغۇق بىر كېچىسى تۇن يېرىمدىن ھالقىغاندا قورال ـ ياراغ ئامبىرىغا يېقىنلاشقان بىر دۈشمەن ئېتىپ تاشلاندى.

بىر كۈنى بىز بۇ ئامبارنى ئېچىپ كۆردۇق. چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى بىمالال پاتقۇدەك يوغان بىر ئېغىز ئۆي ھەرخىل ئېغىر ـ يېنىك پىلىموتلار، مىناميوتلار، مىلتىق، ئاپتوماتلار، يەشىك ـ يەشىك ئوق ـ دورىلار بىلەن لىق تولغان. بۇ قوراللارنىڭ كۆپچىلىكى ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەدە ئىشلەنگەن بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭكىمۇ بار ئىكەن. مەن ئامېرىكىنىڭ مىلتىقىنى بىرىنچى قېتىم مۇشۇ ئامباردا كۆردۈم. مەن ئۇرۇش جەريانىدا شۇنى بىلدىمكى، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ مىلتىق ئوقى پىلىموتىغا، ئاپتومات ئوقى تاپانچىسىغا چۈشىدىغان قىلىپ ياسىلىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ مىلتىق ئوقى ئەڭ چوڭ، ياپونىيەنىڭ ئەڭ كىچىك ئىكەن. گېرمانىيەنىڭ ئىككىنچى، رۇسىيەنىڭ ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. بىز ئامباردىكى مىلتىق بىلەن ئاپتوماتلارنى قولىمىزغا ئېلىپ كۆردۇق. باشقا قوراللارغا قول تەگكۈزمىدۇق.

بىز جىڭ ناھىيەسىدە ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەگە ئائىت ھەربىي مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ باردۇق. سىياسىي ئۆگىنىشلىرىمىزمۇ

تەخىرسىز داۋاملىشىپ، ھەرئايدا ئىككى سان تام گېزىت ئىشلىدۇق. مەن تام گېزىتنىڭ كاتىپلىقىنى قىلدىم. ئۆزۈممۇ ماقالە، شېئىرلارنى يېزىپ تۇردۇم. ئومۇمەن مۇنداق ئىشلاردا مەن ئاكتىپ رول ئوينىدىم.

1947 ـ يىلى فېۋرالنىڭ بىركۈنى سىياسىي رەھبىرىمىز ئابدۇخالىق قورۇدا جەڭچىلەرگە سۆزلىگەندە، بەش ئاتار مىلتىقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ بىز ئازادلىقنى مۇشۇ مىلتىق بىلەن قولغا كەلتۈردۇق ۋە مۇشۇ مىلتىق بىلەن قوغدايمىز! ــ دېدى.

بۇ گەپ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. بۇ تەسىرات كېچىچە شېئىرىي ھېسسىياتقا ئايلاندى. شۇ كېچىسى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، «مىلتىقىم» دېگەن غەزەلنى يازدىم. ئەتىسى ئابدۇخالىققا كۆرسەتسەم، ياخشى يېزىپسىز، دېدى ۋە دەرھال ئاققا كۆچۈرۈپ غولجىغا ئەۋەتتۇق. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن روتا كوماندىرىمىز بىر ژۇرنالنى تۇتقان ھالدا كىرىپ:

ــ خۇش خەۋەر، مۇھەممەد رەھىم، شېئىرىڭىز ژۇرنالغا چىقىپتۇ، ــ دېدى ۋە ماڭا كۆرسەتتى:

## مىلتىقىم

كۆز نۇرۇم، ئىشقىم، مادارىم، شانۇشەۋكەت مىلتىقىم،
يولدىشىم، ئالتۇن بېشىم، بەختىمگە بەرىكەت مىلتىقىم.
سەن مېنىڭدەك مىڭلىغان مەرد جەڭچىنىڭ چىن ئامرىقى،
ياش يۈرەك يەكپارىسى سەن، ئىشقى لەززەت مىلتىقىم.
مەن ئۈچۈن ھەمكارمۇسەن، تۇلپارمۇسەن، گۈل يارمۇ سەن،
تاغۇتاش، چۆللەردە ھەمراھ، يارۇ ئۈلپەت مىلتىقىم.
دەس ئېلىپ ئاسسام سېنى، خانتەڭرىدەك مەغرۇر ئۆزۈم،
مېھرى ئىللىق، جانغا راھەت، تەنگە قۇۋۋەت مىلتىقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوڭ مۇرەمدە يالتىراپ تۇرساڭ پەقەت گۆھەر خىجىل،
گاڭ ۋۇجۇدۇمغا ياراشقان زىبۇ ـ زىننەت مىلتىقىم.
سەن بىلەن يۇرسەم قاتار بوينۇمغا ئوق ـ مارجان ئېسىپ،
زوقلىنار يارىم كۆرۈپ، گۈلگۈن قىياپەت مىلتىقىم.
كۆز تىكىپ، ھەريان بېقىپ تۇرسام قاراۋۇللۇقتا مەن،
ئەيمىنىپ تىترەيدۇ دۈشمەن، سۈرى ھەيۋەت مىلتىقىم.
سەن كۆرەش مەيدانىدا جەڭ سازىنىڭ تەمبۇرچىسى،
تاۋۇشۇڭ بىزگە مەدەت، دۈشمەنگە نەپرەت، مىلتىقىم.
جەڭ ئارا سەپ ئالدىدا سەن بەسلىشىپ توپلار بىلەن،
ئوق ئېتىپ ئويناپ شاراقلايسەن كارامەت مىلتىقىم.
پەيتى كەلگەندە ياۋۇزلار ئۈستىگە بارسام بېسىپ،
ھەر ھۇجۇمنى ھەل قىلىشتا مىسلى غەيرەت مىلتىقىم.
كەلسە ئالدىمدىن چايانلار، «گاچ» ئېتىپ نەيزەڭ بىلەن،
باغرىنى مۆزدەك يېرىشتا جەزمى شىددەت مىلتىقىم.
كەلسە ئارقامدىن، ئۆرۈپ «قارس» بۇرنىغا پاينەك بىلەن،
قاقشىتىپ يەر چىشلىتىشتە خوپ ماھارەت مىلتىقىم.
ياۋ مېنى ئۇرماق ئۈچۈن سوزسا نىجاسەت قولىنى،
زەربىسىگە نەق جاۋاب بەرگەن ئالامەت مىلتىقىم.
مەن شۇڭا باغرىم تېڭىپ ئاسراپ سىلايمەن جان قېقىپ،
باشتا بىز قۇربان بېرىپ ئالغاچقا قىممەت مىلتىقىم.
قانچە يىل ئارمان قىلىپ يەتتىم ساڭا ئاخىر بۈگۈن،
ئەرزىمەس قىلسام سېنى بېشىمچە ھۆرمەت، مىلتىقىم.
بەتبەشىرلەر قولىدا مەيۈس ئىدىڭ ئۆتكەن كېچە،
ئەمدى تاپتىڭ ئەل ئۈچۈن ئىشلەشكە پۇرسەت، مىلتىقىم.
تەرىپىڭ پۈتمەس سېنىڭ، شۇڭلاشقا مەن خۇشتار ساڭا،
ئاجرىماس سەندىن رەھىمى، تاجۇ دۆلەت مىلتىقىم.

1947 ـ يىلى 4 ـ مارت، جىڭ ناھىيەسى

مەن 1947 ـ يىلى 4 ـ سان «كۈرەش» ژۇرنىلىدا «مىللىتىم» دېگەن شېئىرىمنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىمدىن ئاغزىم قۇلىقىمغا يەتتى. ئىشتابتىكىلەر مېنى قىزغىن تەبرىكلىدى. بۇ خۇشاللىق ماڭا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى.

ماناس دەرياسى بويىدىكى ۋاقتىمىزدا مەن مەرغۇب ئىسھاقوفنىڭ ئۇيغۇرچە ـ تاتارچە ئارىلاش يازغان بىرپارچە ماقالىسىنى تەھرىرلەپ كۆچۈرۈپ بەرگەن ۋە ئىككى سۈگلۈك فوتو سۈرىتىنى چوڭايتىپ سىزىپ بەرگەنىدىم. مېنى پولك ئىشتابىغا يۆتكەپ ئەكېلىۋالغاندىن كېيىنمۇ بەزى ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگىنىم يادىمدا. بىركۈنى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ:

— سەن مەندىن ئۈچ ياشلا كىچىك ئىكەنسەن، لېكىن مېنىڭ يېرىمىمچىلىك تۇرسەن. ئاتا ـ ئاناڭ سېنى ئوبدان باقمىغانمۇ؟ — دېدى.

— مەن بالىلىق چېغىمدا كېسەللىك دەردىنى تولا تارتىپ ۋىجىك چوڭ بولۇپ قاپتىكەنمەن، — دېدىم.

مەتىمىن ئۆمەروف «مىللىتىم» دېگەن شېئىرنى شىخودا پولك ئىشتابىدىكىلەرگە كۆرسەتكەنىكەن، مەرغۇب شېئىرنى ئوقۇپ كۆرۈپ:

— بۇ ئاۋاق يېزىقچىلىق قىلسا بولىدىكەن، — دەپتۇ.

شۇ يىلى 6 ـ ئايدا مەن پولك ئىشتابىغا ئائىلەمنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ ئىلتىماس يازدىم. مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىم ئۆزگىرىپ، «ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئارقا سەپكە قايتتى» دېگەن رۇخسەت قەغىزى قولۇمغا تەگدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆزىتىش چېيى

مېنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى كەچتە روتا كوماندىرىمىز ئەيسايېف ئۆز ئۆيىدە[1] ئاددىيغىنە داستىخان راسلاپ مېنى ئۆزىتىش چېيىغا تەكلىپ قىلدى. ئىشتابتىكى يەتتەيلەن داستىخان ئۈستىدە جەم بولدۇق. ئاۋۋال ئەتكەنچاي، ئاندىن ئۈچ خىل قورۇما بىلەن لەغمەن كەلتۈرۈلدى. بىز غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەيسايېف گەپ باشلىدى:

— مۇھەممەد رەھىم ياخشى كاتىپ، ياخشى جەڭچى. ئۇ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن بىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. مۇھىمى، بىزنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ، شىخو ۋە جىڭدا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالماي، ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

— مەن ئاباي قۇنانباينى قانداق ياخشى كۆرسەم، ئەلشىر نەۋائىينىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ساغى، — مەن ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى ۋاقىتلىرىمدا قازاقچە، ئۇيغۇرچە، تاتارچە شېئىرلارنى ئوخشاشلا سۆيۈپ ئوقۇيتتىم. مەن مۇھەممەد رەھىمنىڭ جىڭغا كەلگەندىن بېرى يازغان بىرنەچچە شېئىرىنى ئوقۇپ، ئۈمىدۋار بولدۇم. مالىك گىمادىيېف مۇھەممەدنى «ئاۋارە بولما، شائىر بولالمايسەن» دېگەن بولسا، مەن «شائىر بولالايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتىمەن.

ساغىنىڭ بۇ سۆزى ماڭا روھىي ئۇستۇنلۇك بېغىشلىدى.

— «مىللىتىقىم» دەك ياخشى شېئىرلارنى ئۇزۇلدۇرمەي يېزىپ تۇرۇڭ، — دېدى سىياسىي رەھبەر ئابدۇخالىق.

ھەممەيلەن مېنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ھاراق ئىچمىگەنلىكىمنى ۋە

---

[1] بىز جىڭغا كېلىپ يېرىم يىلدىن كېيىن سېيىت ئەيسايېف ئالمىخان دېگەن قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇۋالغان.

ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتى. شۇ چاغدا ساغى مېنى سەنلەپ تۇرۇپ ماڭا يېرىم رومكا هاراق تۇتتى:

— سەن ئۇيغۇر، مەن قازاق، سەن كاتىپ، مەن ئىشتاپ باشلىقى، سەن شائىر، مەن مۇئەللىم. دوستلۇقىمىز، ئامانلىقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى! — دېدى.

ھەممىمىز رومكىلىرىمىزنى سوقۇشتۇرۇپ... باشقىلار ئىچىۋەتتى، مەن ئىككىلىنىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئوتلىۋەتتىم - دە، يېنىمدا دوختۇر ماخمۇت تەڭلەپ تۇرغان پىيالىدىكى چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتىم.

— مانا، بۈگۈن ئابزەمزەمنى بىرىنچى قېتىم ئىچتىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن پات - پات ئىچىپ ھۇزۇرىنى كۆرسىڭىز قېرىمايسىز، — دېدى ماخمۇت.

پاراڭلار ئاخىرلىشىپ، رومكىلار جىرىڭلاشتىن توختىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەيسايېفقا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتىم. ھەممىمىز ياخشى گەپ، ياخشى تىلەكلىرىمىزنى ئىزھار قىلىپ تارقىلىشتۇق.

## بىزنىڭ دوستلۇقىمىز

مەن ساغى بىلەن ئىشلەش جەريانىدا ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي، شېئىرىيەت ھەۋەسكارى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بەك خۇشال بولدۇم. بىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمىزدا ساغى قازاق شائىرلىرىدىن ئاباي قۇنانباي، تاڭجارىق، ئاقىتلارنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەرگەنىدى. ئۇ مېنىڭ «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دەپتىرىمنى سوراپ ئېلىپ، تەكرار ئوقۇپ چىققان (شۇ دەپتىرىم ھازىرمۇ بار). ئۇ ئۆزىنىڭ قازاق خەلق قوشاقلىرى يېزىۋېلىنغان خاتىرە دەپتىرىنى: «ئوقۇپ كۆرۈڭ» دەپ ماڭا بېرىپ تۇرغان. شۇ چاغدا مەن قازاق خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قوشاقلىرىدىن بىرنەچچىنى يادلىۋالغانىدىم.

زېرىكمەي قالغان كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئىشتابتا ئولتۇرۇپ، ياشلىق، مۇھەببەت توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— مۇھەممەدجان، مەن توي قىلغان، سىزمۇ بىر كۈنى توي قىلىسىز. شۇ چاغدا ھاياتىڭىزنىڭ، تۇرمۇشىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز. بۈگۈن قوشاق ئېيتىشىپ، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرايلى. مەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى، سىز قازاق خەلق قوشاقلىرىنى ئېيتىپ مۇشائىرە قىلىمىز، — دېدى ساغى.

مەن ئويلىنىپ قازاقچە بىرنەچچە قوشاقنى ئەسلىۋالدىم.

— باشلىدىم! — دېدى ساغى:

ئاۋۋال ئاخشام ئاي تۇغدى،
سەھەر ۋاقىتتا چولپانىقىز.
سېنى دەپ بۇزۇلغان بىز،
ئاچ قوينۇڭنى چوكان قىز.

مەن قازاق خەلق قوشاقلىرىدىن بىرنى ئېيتتىم:

كېلىمەن جوغار سايدان ئات ئويناتىپ،
قولىمدا كۈمۈش مىلتىق قويان ئاتىپ.
ئۆيرەكپەن قاز ئويناىدى لايغا پاتىپ،
جىگىتپەن قىز ئويناىدى جانىن ساتىپ.

شۇنىڭغا ئۇلاپ خەلق قوشاقلىرىدىن ئۇ بىرنى، مەن بىرنى ئېيتىشتۇق. مەن 3 ـ سىگە كەلگەندە تاپالماي تۇرۇپ قالدىم. ساغى تېنىمەي ئۇيغۇرچە 4 ـ قوشاقنىمۇ ئېيتتى. قارىساق، باشقىلار ئۇخلاپ كېتىپتۇ. بىزمۇ ئورنىمىزغا بېرىپ يېتىپ ئارام ئالدۇق.

ساغى بىلەن دوستلۇقىمىز شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدى. ئەپسۇس، مەن ساغىنىڭ ئاتا ئىسمىنى، يۇرتىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، ھەرقانچە ئەسلەپمۇ تاپالمىدىم.

## سۇيدۇڭگە سەپەر

1947 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈزىتىش چىيىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە مەن روتىغا ۋە كاتىباتقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇردۇم. چۈش ۋاقتىدا ئەيسايېف مېنى غۇلجىغا ماڭىدىغان «ZIS» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كوزۇپىغا ئولتۇغۇزۇپ قويدى. كوزۇپتا تونۇشمايدىغان ئۈچ ئادەم ئولتۇرۇپتىمىز. بىزدىن باشقا كونا چاق، دامگرات، بېنزىن تۇڭى، ئەسكى پالاس، لوم تۆمۈر، كەتمەن، كۈرەكلەر بار ئىكەن. ئاپتوموبىل كونا تاشيولدا سىلكىنىپ ماڭغانسېرى تۆمۈر ـ تەرسەكلەر تاراقلاپ، قولاق ـ مېڭىمىزنى يەپلا كەتتى. داخىيەنزىگە يېقىن كەلگەندە ئاپتوموبىل ئاستىلاپ توختىدى. شوپۇر چۇشۇپ چاقلارنى تەكشۈردى:

ــ بىر چاق يەل قويۇۋېتىپتۇ، چۈشۈڭلار، چاقنى يامايمىز، ــ دېدى.

بىز يەرگە چۈشۈپ، شوپۇرغا ياردەملەشتۇق. شوپۇر تەرلەپ ـ پىشىپ، تېشىلگەن كامېرنى ياماپ چاقنى بېكىتتى. بۇ چاغدا كۈن تاغ كەينىگە مۆكۈنگەنىدى. بىز خۇداغا شۈكۈر دەپ يولىمىزغا ماڭدۇق. داخىيەنزى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىمىزغا ئاپتوموبىل چىپپىدە توختىدى. شوپۇر چۈشۈپ:

ــ ئارقا چاقتىن يەنە بىرى يەل قويۇۋېتىپتۇ، چۈشۈڭلار! ــ دېدى.

بىز چۈشۈپ ياردەملەشتۇق. قاراڭغۇ چۈشكەن بولسىمۇ قولچىراغنىڭ ياردىمىدە تۆشۈكنى تېپىپ يامىدى. ئىچ كامېرنى چاققا سالماي تۇرۇپ يەل بېرىپ كۆرۈۋىدى، ھېلى چاپلىغان ياماقتىن يەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى.

— بولمىدى، بۈگۈن مەشەدە ياتايلى، — دېدى شوپۇر.

ھەممىمىز كوزۇپتىكى ئەسكى پالاسنى يەرگە سېلىپ ياتتۇق. كېچىنىڭ سالقىن شاملى غولىمىزنى قورۇدى. مەن ھەربىيچە پىلاشنى يېپىنىپ ياتتىم. ھوزۇرلىنىپ ئۇخلاپتىمىز.

شوپۇر ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ:

— تۇرۇڭلار، ماڭىمىز! — دېدى. ئاخشام يامغان چاقنى كوزۇپقا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى كابىنكىغا چىقتى. بىزمۇ دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، كوزۇپقا چىقىۋالدۇق. شوپۇر ئاپتوموبىلنى بەش چاقى بىلەن گۈلدۈرلىتىپ ھەيدەپ ماڭدى. يولنىڭ ناچارلىقى، چاقلارنىڭ كونىلىقى شوپۇرنى قارام بولۇشقا مەجبۇرلىدى. ۋۇتەيدىن ئۆتكەندە «پاڭ» قىلدى ــ دە، ئاپتوموبىل توختىدى. شوپۇر چۈشۈپ قارىسا ئارقىدىكى يالغۇز چاق يەرگە چاپلىشىپ قاپتۇ. شوپۇر ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى چاقنىڭ بىرىنى چىقاردى. ئاندىن سول تەرەپتىكى ئېتىلىپ كەتكەن چاقنى چىقىرىپ، ساق چاقنى سالدى ۋە پۈتۈن بولتىلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىپ، چاقلارنى لوم تۆمۈر بىلەن ۋاڭىلدىتىپ ئۇردى. بۇ ئۇنىڭ چاقلارنى ئاگاھلاندۇرغىنى ئىدى.

— چىڭ ئولتۇرۇڭلار، تېز ھەيدەيمەن، — دېدى ــ دە، تۆت چاقلىق «پىكاپ» نى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. بىز كوزۇپتىكى قاتتىق ــ قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن ئېلىشىپ ــ چېلىشىپ، نېرى ــ بېرى چايقىلىپ كېتىۋاتىمىز. سايرام كۆلىنى كۆرۈپ، خۇداغا شۈكۈر دېدۇق. كۈن چۈش بولغاندا ئاپتوموبىلىمىز سەنتەيگە كېلىپ توختىدى. بىز چالا ــ بۇلا غىزالانغاندىن كېيىن يەنە يولۇپ كەتتۇق.

— يائاللا، بۇ ماشىنىنىڭ چاقلىرى يەل قويۇۋەتكىنى بىلەن شوپۇر يەل قويۇۋەتمەيدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئارىمىزدىكى بىرەيلەن.

— تەلكىنىڭ داۋانلىرىدىن تىنچ ــ ئامان ئۆتۈپ كەتسەك ياخشى بولاتتى... — دېدىم مەن ئەنسىرەپ.

— تەلكىنىڭ ئېچىدىمۇ مۇشۇنداق ماڭسا، ھادىسە چىقىدۇ... — دېدى يەنە بىرەيلەن. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەنسىرەشكە

باشلىدىم. شىخودىكى قانلىق ئۇرۇشلاردىن ئامان قېلىپ، ئۆيگە يېقىن قالغاندا قاتناش ھادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتسەم، تازىمۇ ئەلەم بولىدۇغۇ! ... شۇ تاپتىكى غەم ـ ئەندىشەم شىخودىكى قارادۆڭدىن توغرا كېسىپ ئۆتكەن چاغدىكى غەم ـ ئەندىشەمدىن قېلىشمايتتى.

بىز تەلكە داۋىنىنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، شوپۇر ئاپتوموبىلنى توختىتىپ، چاقلىرىنى، تورمۇزلىرىنى ۋە باشقا يەرلىرىنى تەكشۈردى.

ــ شوپۇر ئۇستام، داۋاندىن چۈشكىچە قاراملىق قىلماسسىز؟ ــ دېدىم مەن.

ــ خاتىرجەم بولۇڭلار! بۇ ئويىنىشىدىغان داۋان ئەمەس، ــ دېدى.

شۇ گەپ بىلەن ھەممىمىز خاتىرجەم بولۇپ ئولتۇردۇق. ئۇ يىللاردا تەلكە ئىچىدىكى يوللار ناھايىتى كونا ۋە خەتەرلىك ئىدى. شوپۇر داۋاننىڭ تىك يەرلىرىدىن، تار ئايلانمىلىرىدىن ئېھتىيات بىلەن ھەيدەپ، خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتۈپ كەتتۇق. تەلكىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، پېشىن مەزگىلىدىكى قۇياشقا سالام بەردۇق. كۆن پاتاي دېگەندە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم، مېنى ئالدىنقى سەپكە ئۇزىتىپ قويغان يۇرتۇم سۈيدۇڭگە يېتىپ كەلدۇق. شوپۇر مېنى تاشيول بويىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ھېلىقى ئىككى يولۇچى بىلەن غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتى.

مەن ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا ئاپام ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

ــ جېنىم بالام، سېنى يەنە كۆرۈش نېسىپ بولارمۇ، بولماسمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدۇق. تىنچ ـ ئامان، ساق ـ سالامەت كەپسەن. خۇداغا يۈزمىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، ــ دېدى.

مەن ئاددىيلا ئەھۋال سوراپ، ئاپامنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويدۇم. ئاندىن بىر خادىكنى كىرا قىلىپ، ئازغىنە يۈك ـ تاقلىرىمنى سېلىپ ئۆيگە ماڭدۇق. ئۆيگە كېلىپ دادام بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. دادام سەۋرچان ئادەم بولغاچقا خۇشاللىقىنى ئىچىدە بىلدى.

جىڭدىن كەلگەن ئاپتوموبىل مېنى سۈيدۇڭنىڭ غەربىدىكى تاشيول

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بويىغا چۇشۇرۇپ قويغان يەر بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلەتتى. ئاپام مېنىڭ جېڭىدىن قايتقان خەۋىرىمنى ئاڭلاپ، ئىككى كۈن تاشيول بويىغا كېلىپ مېنى كۈتۈپتۇ. دادام ئاپامغا: «شۇنچىلا يىراق يەردىن تىنچ ـ ئامان كەلگەن ئادەم ئۆيگىمۇ ئۆزى كېلەلەيدۇ، ئاۋارە بولما!» دېسىمۇ ئۇنىماي، مېنىڭ ئالدىمغا چىقىپتۇ. بۇ مېنىڭ ئالتە ياش چېغىمدىن چوڭ بولغۇچە باققان ئىككىنچى ئانام ئىدى. ئۇ دادام بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ، مېنى ئۆزىنىڭ بالىلىرىدەك ياخشى كۆرەتتى.

2011 ـ يىلى ئىيۇن

## كەچمىشكە ئەسكەرتىش

1. مەن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش جەريانىدا روتا، باتالىيون ۋە پولكتا كاتىپلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللاندىم. شۇڭا ئۆزۈم تۇرغان روتا بىلەن باتالىيوندىن باشقا قىسىملارنىڭ نامىلىرى، كوماندىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنۋانى توغرىسىدا ئانچە بىلمەيدىكەنمەن. مەن ھەربىي مۇخبىر ياكى ھەربىي كومىسسار بولمىغانلىقىم ئۈچۈن خىزمەت دائىرەمنىڭ سىرتىدىكى مەلۇماتلارنى بىلىۋېلىش مەجبۇرىيىتىم يوق ئىكەن. دۈشمەن تەرەپكە قارىتا مۇنداق مەلۇماتلاردىن تېخىمۇ ساۋاتسىز ئىكەنمەن. شۇ ۋەجىدىن مېنىڭ بۇ ئەسلىمەم روتا ۋە باتالىيون دائىرىسىدىن يىراقلىشالمىدى.

2. مەن ئەسكەر بولغان كۈندىن تارتىپ ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ماڭغانىدىم. مېنىڭ بۇ خاتىرەمنى مەتمىن ئۆمەروف 1958 ـ يىلى مارتتا پايدىلىنىش ئۈچۈن سوراپ ئېلىپ يوقىتىپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسلىمىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالماي، 20 ـ ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ مۇشۇ

ئىنقىلابقا قاتناشقان تارىخىمنى ئۆز ئاغزىمدىن ئاڭلىغان كىشىلەردىن بىرى (ئابلىز ئورخۇن) مۇنداق دېدى:

— سىز بۇنىڭدىن كېيىن يازىدىغان شېئىر، ماقالىلەرنى باشقىلارمۇ يازالايدۇ. لېكىن سىزنىڭ مۇشۇ جەڭگىۋار تارىخىڭىزنى ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچكىم يازالمايدۇ. سىز مۇشۇ تارىخنى يازماي كېتىپ قالسىڭىز، كۆز يۇمىدىغان ۋاقتىڭىزدا سىزمۇ پۇشايمان قىلىسىز، بىزمۇ پۇشايمان قىلىمىز.

مەن يېشىم سەكسەندىن ھالقىغاندا، ئاشۇ سۆزنىڭ تەكتىگە يېتىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

3. مەن بۇ تارىخنى دوستلىرىم، كەسىپداشلىرىم ۋە يۇرتداشلىرىمغا كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن نۇرغۇن ۋەقەلەر يادىمدا ئەينەن ساقلىنىپ قاپتۇ. (ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋەقەلەر يوقالغان خاتىرە دەپتىرىمدە بار ئىدى). بۇ ئەسلىمىنى يېزىشنى ئويلاپ يۈرگىنىمدىن بۇيان ۋەقەلەر جەريانى رەتكە تىزىلىپ سۈرەت پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كۆڭلۈمدىكى مۇشۇ سۈرەت ماڭا بىر ئاز قولايلىق يارىتىپ بەردى.

4. مەن 1960 ـ يىلىدىن بۇيان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر يېزىلغان چوڭ ـ كىچىك ئەسەرلەردە فوتو سۈرەتلەرنى كۆردۈم. ئەمما مېنىڭ بۇ ئەسلىمەمدە بىرمۇ فوتو سۈرەت يوق. بۇنىڭ سەۋەبى، ھېچقايسى روتا ۋە باتالىيونىمىزدا فوتو ئاپپارات يوق ئىدى. شىخۇ، جىڭلاردىمۇ سۈرەتكە چۈشۈش ئىمكانىيىتىمىز ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۆزۈممۇ ئېتىبارسىز قاراپ چۈشمەپتىكەنمەن.

5. مەن بۇ ئەسلىمىنى يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا يازغان بولسام، قايتا ـ قايتا ئىشلەپ، رومان دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغانلىقىم ئۈچۈن ھېكايە دەرىجىسىگىمۇ كۆتۈرەلمىدىم. مەيلىلا، كۆزۈم يۇمۇلغىچە مۇشۇنچىلىك يېزىپ قويالىغىنىم غەنىيمەت ئىش بولدى.

2011 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇرمۇشۇمدىن خاتىرىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بالىلىق چاغلىرىم

مەن بالىلىق چاغلىرىمدا ھەر خىل بالىلار كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىپ، نەچچە قېتىم گۆرنىڭ ئاغزىدىن يېنىپ كەلگەنىكەنمەن. دادام پايپېتەك بولۇپ، تەجرىبىلىك ۋە تەجرىبىسىز تېۋىپلارغە كۆرسىتىپتىكەن ۋە ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ھەر خىل ئامالارنى قىلىپ باققانىكەن. مەسىلەن: بۇغداي ئۇنى كېسەلنى تارتىدۇ دېسە، دادام بىلەن ئاپام كىچىك ساندۇقتىكى ئۇنغا بېشىمنى تىققانىكەن. ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا نوكچا[1] قادايدىغان، دېمىدە ئىچۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىپمۇ زېرىكمىگەنىكەن.

مېھرىبان ئانام 1931 ـ يىلى كۈزدە سەكتە كېسىلى بىلەن ئۈچ كۈن يېتىپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. مەن ئاپامنىڭ چىرايىنى غۇۋا ئەسلىيەلەيمەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىككىنچى ئاپامنىڭ (ئۆگەي ئاپامنىڭ) تەربىيەسىدە چوڭ بولدۇم. ئۆگەي ئاپام دادام بىلەن بىر نەۋرە ئىدى. مەن ئون ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مومام مۇنداق دېگەنىدى:

«سەن ئۈچ ـ تۆت ياش ۋاقتىڭدىمۇ بىر ياشلىق بوۋاق بالىدەك بار ئىدىڭ. سىلەرنىڭ ئۆيگە كەلگەن بىر مېھمان ئاپاڭغا: ــ شەرىپەم، بۇ بالىنى قاچان تۇغۇۋالدىڭىز؟ ــ دەپتىكەن، رەھمەتلىك ئاپاڭ: ــ بۇ مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم مۇھەممەد، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن. سەن كىچىك ۋاقتىڭدا كۆپ كېسەل تارتقاچقا سەمرىمەيدىغان جاغدا ئادەم بولىدىغان ئوخشايسەن».

---

[1] نوكچا ــ چىغنىڭ ئۇچىغا پاختىنى يۆگەپ سۇمايغا تەگكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى شامغا ئوخشاش يېقىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا سانجىپ قويىدۇ. بۇ نوكچىلار كۆيۈپ تۈگىگەندە كېسەل تارقىتىدىغان جىن ـ شەيتانلارمۇ كۆيۈپ تۈگەرمىش. بۇ بىر خىل خۇراپىي كېسەل داۋالاش ئادىتى ئىكەن.

1938 ـ يىلى بىزنىڭ غۇلجىدىكى ۋاقتىمىز ئىدى. بورتالالىق بىر تۇغقىنىمىز ئاتلىق يول بېسىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان پەيتتە ھېلىقى مېھمان:

ـــ مەن ئاتقا بېدە تاشلاپ بېرەي، ـــ دەپ ئورنىدىن تۇردى. دادام:

ـــ سىز ئولتۇرۇڭ، بېدىنى مۇھەممەد تاشلاپ بەرسۇن، ـــ دەپ مېنى بۇيرۇدى.

مەن ئېغىل تەرەپكە بېرىپ بىر باغ ھۆل بېدىنى چۇۋۇپ ئوقۇرغا سېلىۋاتسام، ئېچىرقاپ كەتكەن ئات دۈمبەمنى غارت قىلىپ چىشلىۋالدى. مەن قورققىنىمدىن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ:

ـــ ئات دۈمبەمنى چىشلىۋالدى، ـــ دېۋىدىم، ئاپام يۈگۈرۈپ كېلىپ كۆڭلىكىمنى قايرىپ، دۈمبەمنى سىلاپ كۆردى.

ـــ قەيەرنى چىشلىدى؟

ـــ ماۋۇ يەرنى چىشلىدى، ـــ دەپ قولۇم بىلەن كۆرسەتتىم.

ئاپام ئات چىشلىگەن يەرنى كۆرۈپ:

ـــ تېرىسىنى تاتىلىغاندەك ئازراق سۇرۇلۇپ كېتىپتۇ، قان چىقماپتۇ. ئەگەر سېمىز بولغان بولساڭ بىر چىشلەم گۆشۈڭنى يۇلۇۋالىدىكەن، خۇداغا شۈكۈر، ـــ دېدى.

مېھمان بەك خىجىل بولۇپ، ئات چىشلىگەن يەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ:

ـــ ئورۇقلۇقىنىڭمۇ پايدىسى بار ئىكەن، ـــ دەپ قويدى.

مەندىن كېيىنكى باللار مەندەك ئورۇق ئەمەس. دادامنىڭ ئىنىلىرىنىڭ بالىلىرىمۇ نورمال سېمىز ئىدى. كەپسىزلىكتە مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم. بىزنىڭ ئۆيىمىز ئوتتۇرىدا، ئىككى تاغامنىڭ ئۆيى ئىككى تەرەپتە بولۇپ، ئۈچ ھويلا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى. كوچا تەرەپتىكى ئېگىز ئەنجانتامنىڭ[①] ئۈستى قىرى ئون

① ئەنجانتام ـــ مەخسۇس لاي بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئاستى (ئۇلى) بىر مېتىر، ئۈستى نېپىز قىرلىق، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سانتىمېتىرمۇ كەلمەيتتى. مەن مۇشۇ تامنىڭ ئۈستىدە مۇشۇكتەك يۈگۈرۈپ، ئۇ ھويلىدىن بۇ ھويلىغا ئۆتۈپ كېتەتتىم. كالتە چاپىنىمنىڭ پېشىنى كەڭ ئېچىپ، (پاراشوت قىلىپ)، پېشايۋاننىڭ ئۆگزىسىدىن ھويلىغا سەكرەيتتىم. بۇ بىزنىڭ سۈيدۈڭدىكى ۋاقىتلىرىمىز ئىدى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە غۇلجىدىن كەلگەن باي تاغىمىز ھويلىمىزدا مېھمان بولۇپ ئولتۇرغان چاغدا، مەن ئەنجان تامنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كېلىپ، پېشايۋان ئۈستىدىن ھويلىغا سەكرەپتىكەنمەن، مېھماننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ.

— رېھىماخۇن، ماۋۇ بالىڭىزغا گەپ قىلىڭ! ئېشىمىزنى خاتىرجەم يېگىلى قويسۇن، — دېدى، دادامغۇ، تاغىلىرىمغۇ:

— ئۇنداق كەپسىزلىك قىلما! پۇتۇڭ سۇنۇپ كەتسە ئەيىبناق بولۇپ قالىسەن، — دېدى. ئەمما بۇ گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.

سۈيدۈڭ چىنباغ مەھەللىسىدىكى بىزنىڭ مۇشۇ كوچىدا ئۇشۇر مۇھەممەد دېگەن بىر باي ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئاساسەن يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تەرەققىيپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئېرىقنى بويلاپ تىكىلگەن ئۈجمە دەرىخى بولۇپ، تەخمىنەن 60 مېتىر كېلەتتى. ھەر يىلى 6 - ئايدا ئۈجمە پىشقاندا مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئۈجمە دەرىخىگە چىقىۋېلىپ ئۈجمە يەيتتۇق. مەن بىر باشتىن شاخ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، يەرگە چۈشمەي ئۈجمە يەپ، ئۇ باشقىچە باراتتىم. مەن شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ تۇرۇپ، شاخنى ئىرغاڭلىتىپ يەنە بىر شاخقا چىقىۋالاتتىم. قوشنىمىزنىڭ ئوغلى ماڭا ئوخشاش ئۇ شاختىن بۇ شاخقا ئۆتكۈچە تۇتقان شېخى سۇنۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ھېچنېمە بولمىغانىدى. مەن ۋىجىك ۋە يەڭگىل بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقا باللاردىن تېز ۋە ئەپچىل ھەرىكەت قىلاتتىم. ئويلىسام، مەن

ئۆمرۈمدە ئورۇقلۇقنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپتىمەن، زىيىنىنى كۆرمەپتىمەن دېسەممۇ بولىدۇ. پەقەت چوڭ سورۇنلاردا ئورۇقلۇقۇم چانىمىسىمۇ پاكارلىقىم چېنىپ قالاتتى.

## تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق

مەن ھەر قېتىم مەرھۇم دادامنىڭ تۆردىكى تامغا ئېسىلغان سۈرىتىنى كۆرسەم، تىرىكچىلىكتە قانائەتچانلىقى، ياغاچچىلىقتا ھالال ۋە ئەستايىدىللىقى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ـ دە، چېكىدىن ئاشقان ياۋاشلىقى، رايىشلىقى، ساۋاتسىزلىقى نەزىرىمدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. دادامنىڭ ھەرقانداق ئىشقا ئېرىنمەيدىغان ئاشۇ مىجەزى ماڭا ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان يىللاردا ھۆسنخەت دەرسى ئۆتۈلەتتى، ھۆسنخەت ئوقۇتقۇچىمىز خەتنى شۇ زاماندىكى ئىملا قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق توغرا ۋە چىرايلىق يېزىشنى ئۆگەتكەنىدى. مەن ھۆسنخەت تاپشۇرۇقلىرىدا ھەر قېتىم 5 نومۇر ئالاتتىم (بۇ ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئىدى). بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا ئىككى مېتىرچە يېشىل لاتا، يوغان قومۇش قەلەم بىلەن قارا سىياھنى ئېلىپ كىردى.

— ئەتە قۇربان ھېيت، مۇشۇ لاتىغا: «ھېيت خۇشاللىقىنىڭ بائىسى. قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن !» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ ناغرىخانىغا ئاسىمىز. قېنى، كىم يازالايدۇ؟ — دېدى.

سىناق ئۇچۇن يوغان ئاق قەغەزگە بىرنەچچە بالا يېزىپ بېقىۋىدى، ئۇلارنىڭ يازغىنى يارىمىدى.

— مۇھەممەد، سەن يېزىپ باقە ! — دېدى ئوقۇتقۇچىم.

مەن تارتىنىپ چىقىپ، كىچىك قومۇش قەلەم بىلەن ئاق قەغەزگە يۇقىرىدىكى خەتنى يېزىۋىدىم، مېنىڭ ياراپ قالدى. خېتى يارىمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بالىلار ماڭا ھەسەت قىلغاندەك قاراشتى. مەن يوغان قومۇش قەلەمنى تۇتۇپ، يېشىل لاتىغا ھېلىقى خەتلەرنى يېزىشقا باشلىدىم. بۇ قومۇش قەلەم مېنىڭ بىلىكىمدىن سەللا كىچىك ئىدى. مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئوقۇتقۇچىمنىڭ ئويلىغىنىدەك يېزىپ پۈتكۈزدۈم.

ئەتىسى يېشىل لاتا (پىلاكات) ناغرىخانىغا ئېسىلدى. بۇ پىلاكاتنى ھېچكىم 9 ياشلىق بالا يازدى دەپ ئويلىمايتتى. مەنمۇ ھېچكىمگە مەن يازدىم دېمىدىم. ئەمما ئۆزۈم ناغرىخانا ئۈستىدىكى بۇ پىلاكاتقا ھەربىر قارىغىنىمدا بىر خىل ئىپتىخارلىققا چۆمۈلەتتىم.

مېنىڭ ئاتا ئەجدادىم ياغاچچى، ئاتا تەرەپ بوۋىلىرىم ساۋاتلىق سودىگەر ئىدى. دادام ئىككى ئىنىسى بىلەن يىل بويى ياغاچچىلىق قىلاتتى. مەن بالىلىق چاغلىرىمدا شوخلۇق بىلەن دادامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، رەندىلەپ قويغان نەرسىلەرنى كەكە بىلەن چاناپ قوياتتىم. ئورۇندۇقنىڭ كىرىشتۈرۈپ قويغان چېتىقلىرىنى ئاجرىتىپ قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ باقاتتىم. بۇ ۋاقىتتا بەزى چېتىقنىڭ تۈرۈملىرى سۇنۇپ كېتەتتى. ياساپ قويغان ئىشىك، دېرىزىلەرگە قېرىنداش بىلەن قاملاشمىغان بىرنېمىلەرنى سىزىپ، قايتا رەندىلەشكە مەجبۇر قىلاتتىم. بۇنداق زىيان - زەخمەتلىرىمگە دادام گەپ قىلمايتتى. لېكىن تاغىلىرىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مېنى قوغلىۋېتەتتى. مەن چوڭ بولغانسېرى دادامنىڭ ئىشلىرىغا زىيىنىم ئازراق، پايدام كۆپرەك تېگىدىغان بولدى. ئون ياشقا كىرگەن چېغىمدا ياغاچچىلىقنىڭ ئېپىنى خېلىلا ئۆگىنىپ قالدىم. دادام بۇنى كۆرۈپ، 40 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا بىر تۆۋاق ياساپ بېقىشقا بۇيرۇدى. مەن تۆۋاقنى ئىخلاس بىلەن ياساپ دادامغا كۆرسەتسەم، ناھايىتى ياراپ كەتتى - دە، «مۇھەممەتنىڭ ياسىغان تۆۋىقىنى كۆرۈپ بېقىڭلار!» دەپ ئىنىلىرىغا كۆرسەتتى.

غۇلجىدا بىر سودىگەر ئۆگەي تاغىمىز بار ئىدى. بۇ كىشى ئىككىنچى ئاپامنىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئاكىسى ئىدى. شۇ ئادەم:

— رىھىماخۇن، ياغاچچىلىق قىلىپ باي بولغىلى بولمايدۇ. غۇلجىغا بېرىپ، مەن بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىڭ، — دېدى. شۇ تاغىمىزنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن دادامنىڭ سودىگەر بولغۇسى كېلىپ قالدى ـ دە، 1937 ـ يىلى يازدا ئائىلىمىز بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ باردۇق. دادام سودىگەر تاغىمىزنىڭ مال ساتقۇچىسى بولۇپ دۇكاندا ئولتۇردى. مەن «تائالىيە» مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. تاغىمىز پۇلغا ئىنتايىن ئامراق ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئەتىدىن ـ كەچكىچە قاتراپ يۈرۈپ، ئەرزان مال، گول خېرىدارلارنى ئىزدەيتتى. دۇكاندا ئاز ئولتۇراتتى. سەھرالىق دېھقانلارنى، تاغدىن كەلگەن قازاقلارنى ئالداپ، بىر گەز[①] رەختنى بىر مېتىر دەپ ساتاتتى. گەز بىلەن مېتىرنى بىلمەيدىغان خېرىدارلاغا رەختنى سوزۇپ گەزلەپ، ھەربىر مېتىر گەزلىمىدە 4 ~ 5 سانتىمېتىر رەختنى كەم بېرەتتى. سېزىپ قالغان خېرىدارلار بىلەن جېدەللىشەتتى. بايلارنىڭ چوڭ دۇكانلىرىدىن نېسى مال ئېلىپ، پۇلىنى ئايلاپ، يىللاپ كېچىكتۈرۈپ بېرەتتى. دادام ياۋاش، رايىش ۋە سەمىمىي ئادەم بولغاچقا مۇنداق ھارام ئارىلىشىدىغان، يالغانچىلىق بىلەن ئاقىدىغان تىجارەتنى قىلغۇسى كەلمىدى. سودىگەر تاغىمىز دادامنى ئالداپ ـ سىلاپ بىرنەچچە يىل ئىشلەتتى. ئاخىر بىر ئاق كۆڭۈل ياغاچچىنىڭ مەككار سودىگەر بولالمايدىغانلىقىنى كۆرگەن تاغىمىز بىزنىڭ سۈيدۈڭگە قايتىپ كېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلدى. 1942 ـ يىلى ئىيۇلدا بىز سۈيدۈڭگە قايتىپ كەلدۇق. دادام تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن مەھبۇستەك ئەركىنلىك ھېس قىلىپ، سۆيگەن كەسپىنى قايتا قولىغا ئالدى.

بىز سۈيدۈڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ئۈچ ئىشنى قولدىن بەرمىدىم: بىرى، دادام بىلەن ياغاچچىلىق قىلدىم؛ ئىككىنچىسى، ناھىيەمىزدىكى رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇدۇم؛ ئۈچىنچىسى،

---

① گەز — تەخمىنەن 71 سانتىمېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، شۇ زاماندا گەزمۇ، مېتىرمۇ ئىشلىتىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى، ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاش ئىشلىرىنىمۇ داۋاملاشتۇردۇم. ياغاچچىلىق ھۈنىرىدە مەن دادامنىڭ رەسمىي شاگىرتى بولۇپ قالدىم. 1942 ـ يىلى ئاۋغۇستتا مەن بىر ئۇستەل بىلەن بىر جۈپ ئورۇندۇقنى چىرايلىق ۋە سىلىق ياسىدىم. دادام ئىككى كۈندە ياساپ بولىدىغان بۇ ئىشنى مەن بىر ھەپتىدە ئاران ياساپ بولدۇم. دادام ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇقنى كۆرۈپ:

— سەن ھۈنەردە مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن، مۇنداق تۈجۈپىلەپ ياسىساڭ جان باقالمايسەن، «خېرىدارنىڭ كۆزى بولسا، كاسىپ ئاچتىن ئۆلەر» دېگەن گەپ بار. ھەرقانداق خېرىدار ئەرزانغا يۇگۇرەيدۇ. سېنىڭ ياسىغىنىڭنىمۇ 30 تەڭگىگە ئالىدۇ، مېنىڭ ياسىغىنىمنىمۇ شۇ پۇلغا ئالىدۇ. سەن ھۈنەر قىلماي، خىزمەتچى بولساڭ بولىدىكەن، —— دېگەنىدى.

شۇ يىلى سېنتەبىردە ئۆزۈم ئىشلىتىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار پارتىسىدىن بىرنى ياسىۋالدىم. مەن بۇنى ياساشتىن ئىلگىرى لايىھەلىۋېلىپ، سىرتىنى كۆركەم، ئىچىنى ھەر خىل ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ئايرىلاشتۇرماي قويۇشقا مۇۋاپىق قىلىپ ياسىدىم. مەن بۇ پارتىدىن 1951 ـ يىلى فېۋرالدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر پايدىلاندىم. شۇ پارتا ھازىرمۇ سۇيدۇڭدىكى ئىنىمنىڭ ئۆيىدە بار. ئاتمىش نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە مەن ھەر قېتىم سۇيدۇڭگە بارسام، شۇ پارتىنىڭ بېجىرىم تۇرغانلىقىنى، ئائىلە مۇلۇكلىرى قاتارىدا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. شۇ پارتا مېنىڭ ئاتا كەسپىمگە نىسبەتەن ئەستايىدىللىقىمنىڭ دەلىلى بولۇپ قالدى.

مەن غۇلجىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللاردىمۇ رۇس تىلىغا قىزىقاتتىم. 1942 ـ يىلى فېۋرالدا ناھىيەمىزدىكى رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. بۇ مەكتەپتە 1 ـ دىن 4 ـ گىچە تۆت سىنىپ، ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى موسكۋادا

ئوقۇغان بىلىملىك ئايال، ئىككىنچىسى يەرلىك زىيالىي ئەر ئىدى. بۇ ئىككىسى ئەر - خوتۇن بولۇپ، بىلىم ۋە كەسپتە ئايالى ئۈستۈن تۇراتتى. مەن تىرىشىپ ئوقۇپ، يېرىم يىلدىلا 2 - سىنىپقا كۆچتۈم. رۇسچە خەتنى توغرا ۋە چىرايلىق يازاتتىم. سۆزلەشتە يېتەرسىزلىكىم كۆپ ئىدى. دەرستە ئەلاچى بولغىنىم ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنىڭ شوخلۇقلىرىمنى كەچۈرەتتى. ئەر ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ كۆكسى - قارنى تارراق بولۇپ، ئوغۇل - قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە شوخلۇقلارنىمۇ كەچۈرمەي «بېز ئوبېد»① قىلىپ جازالايتتى. ئايال ئوقۇتقۇچىمىز مۇنداق ئىشلارنى ئەيىب ھېسابلىمايتتى.

شۇ يىلى روژدېستۋا بايرىمى ئالدىدا سىنىپنى زىننەتلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق، مەن رۇسچە رەسىملىك ژۇرناللاردىن تاللاپ، بىرنەچچە پارچە رەسىم سىزىپ بەردىم. رۇسچە چوڭ خەتلىك لوزۇنكىلارنىمۇ يازدىم. لېنىن بىلەن ئىستالىننىڭ پورترېتلىرىنى يوغان قىلىپ كۆچۈرۈپ سىزدىم. ئوقۇتقۇچىلىرىم بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. خۇسۇسەن لېنىن بىلەن ئىستالىننىڭ ئوبرازلىرى ئۇلارغا بەك ياراپ كەتتى. ئايال ئوقۇتقۇچىم: «سەن ھەقىقىي رەسسام ئىكەنسەن» دەپ ماختاپ قويدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا رەسىم ئوقۇتقۇچىمدىن كىچىك پورترېتلارنى چوڭايتىپ سىزىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغاندىم. 1943 - يىلى ئىيۇندا يازلىق تەتىلگە چىقىش ئالدىدا ئايال ئوقۇتقۇچىم (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ، بىرمۇنچە گەپ قىلدى. گېپىنىڭ مەزمۇنى مېنى ساۋاقداشلىرىمغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتتى. گەپ ئاخىرىدا ماڭا «ئوگونيوك». «كروكودىل» ژۇرناللىرىدىن 10 نى تەقدىم قىلدى.

1943 - يىلى ئاۋغۇستتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ناھىيەمىزدىكى

① چۈشلۈك تاماقتىن مەھرۇم قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىردىنبىر رۇس مەكتىپىنى تارقىتىۋەتتى. مەن ئوقۇشتىن توختاپ، دادام بىلەن ياغاچچىلىق قىلدىم. خەلق قوشاقلىرىنى، ماقال - تەمسىللەرنى توپلاش، رەتلەپ كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندىم. توپلىغانلىرىمنى تەكرار ئوقۇپ تۇردۇم.

## لەگلەككە ھەۋەس

مەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدە باللارغا خاس تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينىغاندىم. مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئويناپدىغىنىم لەگلەك ئىدى. ھەر يىلى 2 ـ، 3 ـ ۋە 4 ـ ئايلار ماڭا باھار خۇشاللىقىدىنمۇ كۆپرەك خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ زاماندا پۇتۇن ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپلەر جۈمە كۈنى دەم ئالاتتى. مەن ھەر پەيشەنبە كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا تاماق يېمەي، لەگلەكنىڭ غېمىنى يەيتتىم. كۆپرەك ئۆزۈم، بەزىدە بىر ـ ئىككى ساۋاقدىشىم بىلەن لەگلەك ياساشقا كىرىشىپ كېتەتتىم. ئاپام: «تاماقنىڭنى يەۋال، لەگلەك ھېچيەرگە قېچىپ كەتمەيدۇ» ـ دەپ تەكرار تۇۋلاۋېرەتتى. مەن: «مانا، ھازىر...» دەپ قويۇپ، ئىشىمنى قىلىۋېرەتتىم. ئاپام ئاخىر گەپ ئاڭلىمىغاندا، بىر تەخسە لەغمەننى ئەكىرىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى. مەن تاماقنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپ، ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتىم.

غۇلجىدا كۆپرەك داقىراتما لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئويناپتتۇق. ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە ئايروپىلاندەك غارقىرايتتى. ئۇنى غارقىرايدىغان قىلىپ ياساش قىيىن ۋە نازۇك ئىش ئىدى. مېنىڭ ياسىغان داقىراتمىلىرىمدىن ئۇچمايدىغىنى، غارقىرىمايدىغىنى چىقمايتتى. شۇڭلاشقا بەزى ئاغىنىلىرىم داقىراتمىنى ماڭا ياساتاتتى. بەزىلىرىنىڭكىنى غارقىرايدىغان، موللاق ئاتمايدىغان قىلىپ ئوڭلاپ بېرەتتىم. بىر داقىراتمىنى ھەرقانچە تۈجۈپىلەپ ياسىغان بولسامۇ

بىر كۈنگە ئاران يېتەتتى. كۆپىنچە دەرەخكە ئىلىنىپ قالاتتى. بەزىلىرى تۇيۇقسىز ياغقان يامغۇردا ھۆل بولۇپ يېرتىلىپ كېتەتتى. لەگلەكلىرىمىنىڭ ئۇندىن بىرى 2 ـ ھەپتىگە ئاشاتتى.

سۇيدۇڭدە بولغان كۈنلىرىمدە تۇرلۇك شەكىلدىكى لەگلەكلەرنى ياساپ ئۇچۇراتتىم. مەسىلەن: پاقا لەگلەك، قاقىر لەگلەك، سار لەگلەك، كېپىنەك لەگلەك ۋە باشقىلار. سۇيدۇڭنىڭ شەھەر ئىچىدە (سېپىل ئىچىدە) ئاجايىب، خىلمۇخىل لەگلەكلەرنى ياساپ ساتىدىغان بىرنەچچە خەنزۇ بار ئىدى. مەن شۇلاردىن بىر دانە كېپىنەك لەگلەك سېتىۋېلىپ، شۇنىڭغا قاراپ ياساشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. باش باھار كۈنلىرىدە خەنزۇلار سېپىلنىڭ ئىچىدە خىلمۇخىل لەگلەكلەرنى ئۇچۇراتتى. لەگلەكلەرنىڭ يوغانلىرىنى، مەسىلەن: تەتەي لەگلەك، پانۇس لەگلەك، قوڭغۇراق لەگلەك، ئەجدىھا لەگلەكلەرنى سېپىلنىڭ سىرتىدىكى كەڭرى مەيداندا ئۇچۇراتتى. كۆك ئاسمان رەڭگارەڭ لەگلەكلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئادەم سىياقىدىكى تەتەي لەگلەكلەر ئىككى ياققا ئېغىناپ جىلۋە قىلاتتى. كېپىنەك لەگلەكلەرنىڭ كۆزلىرى پىلدىرلاپ، ئىككى تال رەڭدار قەغەز قۇيرۇقى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. شام چىراغلىرى يېقىلغان پانۇس لەگلەكلەر چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنەتتى. ئەجدىھا لەگلەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ھامان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، زىل قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتاتتى. ئۇن نەچچە مېتىرغا سوزۇلغان ئۇزۇن گەۋدىسى راست ئەجدىھادەك تولغىنىپ تۇراتتى. بىزنىڭ لەگلەكلىرىمىز ئۇ لەگلەكلەرنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشىپ قالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ بىز ھەۋەس بىلەن ئۆزىمىز ياسىۋالغان لەگلەكلىرىمىزنى ئۇچۇراتتۇق. لەگلەكلىرىمىز ئاسمانغا ئۆرلەپ، ئىككى يانغا سىلىق ئېغىناپ جىلۋە قىلغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمىزدا، دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا ھۇزۇرلىناتتۇق. تارتقان جاپالىرىمىز ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئۆگزىدە لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتسام، شامال بىردىنلا پەسلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كېتىۋىدى، لەگلىكىممۇ پەسلەشكە باشلىدى. مەن كەينىمگە قارىماي يۈگۈرۈپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشتۇم. تەلىيىمگە تامنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويغان قارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمەن. لەگلىكىم تال بارىگىنىڭ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قاپتۇ.

بۇنداق ھادىسە يەنە بىر قېتىم يۈز بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى ئازاق مەھەللىسىدىكى مومامنىڭ ئۆگزىسىدە لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتاتتىم. تازا ئۆرلىگەندە يېقىن بىر ھويلىدىن كۆتۈرۈلگەن لەگلەك مېنىڭ لەگلىكىمگە ھۇجۇم قىلدى. مەن دەرھال يىپنى غولاچلاپ سىيرىپ كەينىمگە مېڭىۋەردىم. بىر چاغدا گۇپلا قىلىپ ئېغىلنىڭ تۈشۈكىدىن چۈشۈپ كەتتىم. مەن ھەلەپ يەۋاتقان ئىنەكنىڭ ئۈستىگە مىنىپ قاپتىمەن. ئىنەك مېنى بىر سىلكىپ يەرگە تاشلىۋەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بېلىمنى تولغاپ باقسام، ھېچنېمە بولماپتىمەن. مۇشۇ ئىنەك بولمىغان بولسا، بىر يېرىم سۇناتتى ياكى بېشىم يېرىلاتتى. لەگلەكتىن باشقا ھېچنېمىنى زىيان تارتماپتىمەن. مېنى ئاسراپ قالغان ئىنەككە يۈزمىڭ رەھمەت ئېيتىپ ئېغىلدىن چىقىپ كەتتىم.

مېنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇش ھەۋىسىم ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەرەپبازلىق، زورلۇق ـ زومبۇلۇق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان كۈنلەردە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار»نى، «ئىلىم ـ پەن تونىغا ئورىنىۋالغان سېسىق زىيالىيلار»نى كۆرەش قىلىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇ ھەرىكەت سەھنىگە تارتىپ چىقىرىلمىغانلار بولۇپ ھەممىمىزگە جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب ئېلىپ كەلگەنىدى. 1972 ـ يىلى ئۇ رەھىمسىز ھەرىكەتلەر بىر ئاز بېسىقىپ، ئارام ئالىدىغان، خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان بولغاندۇق. شۇ كۈنلەردە (مەن قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىدىم) ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ، قارتا ئوينىغاندۇق. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لەگلەك ياساپ، مەكتەپنىڭ پۇتبول مەيدانىدا

ئۇچۇردۇم. باشقىلارمۇ ماڭا ئەگىشىپ لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇشتى. ياسىيالمىغانلارغا مەن ياساپ بەردىم. مەن ئادەتتىكى لەگلەكلەردىن باشقا بەش ئۇچلۇق يۇلتۇز، ئېچىپ قويۇلغان كىتابچە، سومكا شەكلىدىكى لەگلەكلەرنى ياساپ ئۇچۇردۇم. ئەتراپىمدىكىلەر كىتابچە شەكلىدىكى لەگلەكنى «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندى»گە ئوخشاتتى. بىر ئوبدان ئۇچۇۋاتقان كىتابچە لەگلەكنىڭ بىر تال قەغەز قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ كېتىۋىدى، شۇ ھامان موللاق ئېتىپ دەرەخكە ئىلىنىپ قالدى. بىرنەچچەيلەن كىتابچە لەگلەكنىڭ يىپىنى تالىشىپ تارتىپ يىرتىۋەتتى.

— رەھىموف،[①] مانا ئەمدى خاتالاشتىڭىز. سىز ھەممە لەگلەكنى پۇختا ياساپ، نېمىشقا بۇ «ئۈزۈندى» لەگلەكنىڭ قۇيرۇقىنى پۇختا چاپلىمىغان؟

— رەھىموف مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق قىلغان.

— مانا، بۇ «ئۈزۈندى»گە بولغان ساداقەتسىزلىك مەسىلىسى.

— بولدى قىلىڭلار! بۇ چاقچاقىڭلارنى دۈيجاڭ[②] ئاڭلاپ قالسا، رەھىموفقا ياخشى كۈن يوق، — دېدى بىرەيلەن.

شۇنىڭ بىلەن دەرەخكە ئىلىنىپ قالغان كىتابچە لەگلەك توغرىسىدىكى گەپلەر بېسىقىپ قالدى. بىز باشقا لەگلەكلىرىمىزنى ئۇچۇرۇۋەردۇق.

لەگلەك باش باھار كۈنلىرىدە ئوينايدىغان كۆڭۈللۈك مەشغۇلات بولۇپ، كىشىنىڭ روھي ۋە جىسماني كەيپىياتىنى تېتىكلەشتۈرىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ ۋە يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ. ساپ ھاۋالىق مۇھىتتا نەپەس ئالدۇرىدۇ، نازۇك قول ھۈنەر- سەنئىتىنى ئۆگىتىدۇ. خۇسۇسەن نەپىس ياسالغان لەگلەكلەرنىڭ نازىنىن قىزلاردەك كۆز قىسىپ، باش لىڭشىتىۋاتقان ھالىتى كىشىگە

---

① قەشقەردىكى خىزمەتداش ۋە بۇرادەرلىرىم مېنى رەھىموف دەيتتى.

② يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. مەن لەگلەكنىڭ يۇقىرىدىكى ئەۋزەللىكلىرىنى ۋۇجۇدۇمغا سىڭدۇرگەن ئۇزۇن يىللىق لەگلەك ھەۋەسكارى. پۇرسەت بولسا ھېلىمۇ لەگلەك ئۇچۇرغۇم كېلىدۇ.

ھازىر مەن سەكسەندىن ھالقىغان بوۋاي بولساممۇ كۆز ئەينەك تاقىماي گېزىت ئوقۇيالايمەن.

2008 ـ يىلى فېۋرال

## ھاشىم تاغام

1917 ـ يىلى مەتمۇسا ھاجىم ئاچىسى خۇماخان بىلەن ئۈچ جىيەن ئوغلىنى (رەھىم ئاخۇن، ئوشۇر ئاخۇن، ھاشىم ئاخۇنلارنى) ئاتۇش سۇنتاغدىن سۇيدۇڭگە ئېلىپ چىققانىكەن. مەتمۇسا ھاجىم بۇلارغا ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن.

شۇ يىلى ھاشىم تاغام 17 ياشلىق يىگىت بولۇپ، ھۈنەرنى ئۆگىنىشتە، جاپاغا چىداپ ئىشلەشتە ئوشۇر تاغامدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. بۇ ئۈچ قېرىنداش ياغاچچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن كۈنلەردە بىز بالىلار تۇغۇلۇپتىمىز. ھاشىم تاغامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئىككىمىز ياغاچچىلىقنىڭ پۈزەك، تارىشىلىرى، تاراق ـ تۇرۇقلىرى ئىچىدە چوڭ بولغاچقا بىز بۇ ھۈنەرنى ئۆزلۈكىمىزدىن ئۆگىنىۋالغانىدۇق. بىلمىگەن يەرلىرىمىزنى دادىمىز كۆرسىتىپ بېرەتتى.

دادام مېنى يەتتە ياش ۋاقتىمدا ئوقۇشقا بەرگەن ۋە ئىزچىل ئوقۇتقان. ھاشىم تاغام بولسا، ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق، جانغا ئەسقاتىدىغان ھۈنەرنى ئۆگەنسۇن، دەپ ئىبراھىمنى ئوقۇتمىغانىدى. ھاشىم تاغام ئىبراھىمدىن كېيىنكى بالىلىرىنى دادامنىڭ زورى بىلەن

ئوقۇتقانىدى. بۇ، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى يىللار ئىدى.

ھاشىم تاغام ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىچىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان چۈس مىجەزلىك ئادەم ئىدى. شۇڭا قىلچىلىك ناھەقچىلىككە، بوزەك ئېتىلىشكە چىدىمايتتى. بىر يىلى ھاشىم تاغام ئۆزى تونۇيدىغان بىر سودىگەرگە 20 چېلەك سۇ پاتقۇدەك تۇڭ ياساپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشى: ھازىر سودام ياخشى ئەمەس، پۇلىڭىزنى بەش ـ ئون كۈندىن كېيىن بېرەي، دەپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ھاشىم تاغام ئالتە ئايغىچە تۇڭنىڭ پۇلىنى ئالالمىغاندىن كېيىن شۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، غەزەپ بىلەن سوراپتۇ:

ــ تۇڭنىڭ پۇلىنى بېرەمسەن، بەرمەمسەن؟

ــ ھاشىماخۇن، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا! پۇللىرىنى ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە بېرەي، ــ دەپتۇ پىخسىق سودىگەر. ھاشىم تاغام:

ــ نىمانداق تۈگىمەيدىغان ھەپتە، ئون كۈن! ــ دەپتۇ ـ دە، ئاچچىقىدا لىق سۇ قۇيۇلغان تۇڭنى تارتىپ يىقىتىپتىكەن، ھويلىنى سۇ بېسىپتۇ. ھاشىم تاغام تام تۈۋىدىكى پالتىنى ئېلىپ، تۇڭنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پىخسىق سودىگەرنىڭ ئايالى ئېرىنى ئەيىبلەپ، «يانلىرىدا پۇل بولغاندىن كېيىن بېرىۋەتسىلە بولماتتى؟ مانا، بىر تۇڭ سۇغا زىيان بولدى» دەپتۇ.

ھاشىم تاغام ئۆيىدە چىنە ـ قاچا سۇنىدىغان، كىگىزنىڭ بۇرجىكى كۆيۈپ قالىدىغان، گۆشنى مۇشۇك ئېلىپ قاچىدىغان، پۇلنى خاتا ساناپ كەم ئالىدىغان زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئەپسۇسلىنىپ ياكى كايىپ جوراپ يۈرمەيتتى. ئەمما بىرەر ئىشتىن جىلە بولسا كۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر ۋەقە بولدى: ھاشىم تاغامنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈك بەك كونىراپ كېتىپتىكەن، ئايالىنىڭ زورى

بىلەن بىر ئۆتۈك ئالماقچى بولۇپ ئاياغ كىيىم دۇكىنىغا بېرىپتۇ. ۋاپۇرۇش[1] بىر كۆن ئۆتۈكنى ماختاپ كۆرسىتىپتۇ. هاشىم تاغام ئۇنى - بۇنى كۆرمەي شۇ ئۆتۈكنى ئالىدىغان بولۇپ، پۇتىغا پايتىما يۆگىمەي (يالاڭ ئاياغ) ئوڭ پېيىنى كىيىپ بېقىپتۇ. خوپ كەلگەندىن كېيىن پۇلىنى تۆلەپ ئېلىپ كەپتۇ. ئىبراھىم ئىككىمىز هويلىدا ئىشىك تاختىلىرىغا رەندە سېلىۋاتاتتۇق. هاشىم تاغامنىڭ قولىدىكى ئۆتۈكنى كۆرۈپ مۇبارەكلىدۇق ۋە كىيىپ بېقىڭ دېدۇق. هاشىم تاغام ئوڭ پۇتىغا ئىككى قەۋەت پايتىما يۆگەپ ئوڭ پاي ئۆتۈكنى كىيىشكە باشلىدى. ئۆتۈكنىڭ قونچىنى كۈچەپ تارتسىمۇ تاپىنى ئاپقۇتتىن پەسكە چۈشمىدى، يەرگە دەسسەپ باقسىمۇ چۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈكنى تېگىشمەكچى بولۇپ، پۇتىدىن زادىلا چىقىرالمىدى.

— ماۋۇ كاساپەت ئۆتۈكنى تارتىڭلار، باللىرىم! — دېدى.

ئىبراھىم ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ تارتساق ئۆتۈك چىقماي، هاشىم تاغام بەندىڭدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەردە ئوڭدا يېتىپ تۈۋرۈكنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، بىزنى «تارتىڭلار!» دېدى. ئىبراھىم ئىككىمىز ئۆتۈكنى تەڭ تۇتۇپ كۈچەپ تارتتۇدۇق، تەسلىكتە چىقتى. هاشىم تاغام بەك قىينالغاچقا غەزەپتىن بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى ۋە شۇ هامان ئىككىلا ئۆتۈكنى بەندىڭگە قويۇپ، كەكە بىلەن چاناپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، شۇ دۇكانغا ئاپىرىپ تېگىشىۋېلىش خىيالىغىمۇ كەلمىدى.

1933 - يىلى بىچارە دادام يامۇلدا تاياق يېگەن چاغدا هاشىم تاغام قاتتىق ئازابلانغانىدى: «جاهاندا ئۆزىمىزنىڭ ئەمگەك ھەققىمىزنى سورىساق، ئۆلگۈدەك تاياق يەيدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن - ھە!... بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىك!... » دەپ غۇدۇراپ يۈرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يامۇلنىڭ ھەرقانداق ئادىمىگە ھېچنېمە ياساپ بەرمەيدىغان، بار نەرسىنىمۇ ساتمايدىغان بولۇۋالدى. ئەمما باشقا خەنزۇلار بىلەن نورمال

① ۋاپۇرۇش — ئاياغ كىيىم ساتىدىغان تىجارەتچى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇئامىلە قىلاتتى. ياغاچچىلىق دۇكىنىمىز سېپىلنىڭ ئىچىدە بولغاچقا خېرىدارلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇلار ئىدى.

ھاشىم تاغامنىڭ بىر ياغاچچى خەنزۇ دوستى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئەسۋاب ئارىيەت ئېلىش - بېرىش قىلاتتى. ئۇنىڭ خەنزۇ ئۇسلۇبىدا ياسىغان جوزا، ئورۇندۇق، ئەينەك جازىسى، زىننەت بۇيۇم ساندۇقى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالاتتۇق. ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان جوزىنىڭ ھەربىر پۇتىنىڭ ئۇستى تەرىپى بېلىق قارنىدەك دومباق، ئوتتۇرىسى يىلاننىڭ بېلىدەك سەل - پەل ئەگرى، ئاستى يەرگە دەسسەپ تۇرغان تايچاقنىڭ تۇيىقىغا ئوخشايتتى. بۇ جوزىنىڭ تۆت پۇتى قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشاش بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن ئىنتايىن قاتتىق ياغاچلاردىن ياسالغانىدى. ئۇ ياسىغان باشقا جاھازلارمۇ سىلىق ۋە چىرايلىق ئىدى. ئورۇندۇق پۇتلىرىنى قانداق تېشىپ، چېتىقلىرىنى قانداق كىرگۈزگەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن بۇ ئۇستىنىڭ ھۈنىرىگە قىزىقىپ قالغانىدىم.

— ھاشىم تاغا، بىزمۇ ياسىغان نەرسىلىرىمىزنى مۇشۇنداق ھۈنەر ئىشلىتىپ سىلىق، چىرايلىق ياسىساق بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن بىللە كۆرۈپ كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە.

— بۇ ئۇستىنىڭ خېرىدارلىرى ھۈنەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ دېگىنىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ خېرىدارلىرىمىز ئەرزانغا يۈگۈرەيدۇ، ھۈنەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، — دېگەنىدى.

1944 - يىلى دېكابىردا ھاشىم تاغام ئوغلى ئىبراھىمنىڭ مەن بىلەن ئەسكەر بولغانلىقىنى كۆرۈپ پەخىرلەندى: «ئوغلۇم خەلقنى ئەزگەن زالىملارغا قارشى ئىنقىلابقا قاتناشقان بولسا، ياخشى ئىش قىلىپتۇ» — دېدى كۆڭلىدە. لېكىن ئورۇشلاردا ئۆلۈپ كەتسە يۈرىكىنىڭ چىدىمايدىغانلىقىنى ۋە ياغاچچىلىق قىلغاندا يالغۇزچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ پۇشايمانمۇ قىلغانىدى. بەختكە قارشى ئوغلى ئىبراھىم سۇيدۇڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئىبراھىم 13 - دېكابىر كۈنى مەن بىلەن پارتىزان ئەسكەر بولۇپ، بىر پاي ئوق ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، 24 - كۈنى قۇربان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھاشىم تاغامنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى، ئوغلىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇلىرى ھەسرەتكە ئايلاندى.

ھاشىم تاغام مۇشۇ ھەسرەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي گاڭگىراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئىچەرمەن، چېكەرمەن ئۇيغۇر ياغاچچى بىلەن دوست بولۇپ قېلىپ، ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋالدى. ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم غەرق مەست بولۇپ كېلىپ، ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولۇۋالدى. بېسىپ ھۈنەر قىلمىغانلىقتىن تۇرمۇشى غورىگىل ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1950 - يىلى قىش كۈنلىرىدە بالىلىرى يېلىڭ ۋە يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ يۈرگەندە ئاپام كىيىندۈرۈپ قويغانىدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى مەستلىكتە ئۆيىنى تاپالماي يولدا يىقىلىپ يېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرسا چاپان بىلەن ئىشتىنى يوق، ئىچ كىيىمى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى دادام بىلەن ئوشۇر تاغام بىللە ئولتۇرۇپ ھاشىم تاغامغا قاتتىق نەسىھەت قىلىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ھاراقنى تاشلاپ، ياغاچچىلىقنى قىلىدىغان بولدى.

1954 - يىلى كۈز پەسلىدە ھاشىم تاغام كېزىك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ (بۇ مېنىڭ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىم ئىدى). دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن مەھەللىدىكى قاسىم پوكان[1] دېگەن يالغان تېۋىپنى

---

① قاسىم پوكان ــ پوكانچىلىق قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن بىر مەككارنىڭ بىر - ئىككى قېتىم تەلىيى ئوڭ كېلىپ، تېۋىپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

چاقىرىپ كۆرسىتىپتىكەن، ئۇ ھاشىم تاغامنىڭ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— شامال دارىپتۇ. بىر كۈنگىچە ھېچ نەرسە يېمىسۇن، ئىچمىسۇن. يوتقان، كۆرپىلەر بىلەن مەھكەم يۆگەپ، ئىككى سائەت تەرلەتسەڭلار ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

قاسىم پوكان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر شۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپتۇ. ھاشىم تاغام: «مەن ئۇسساپ كەتتىم، گېلىم قۇرۇپ كەتتى، سۇ بېرىڭلار!» دەپ يېلىنسىمۇ سۇ بەرمەپتۇ. «تىنالماي قالدىم، ئېچىۋېتىڭلار!» دېسىمۇ يوتقاننى ئازراقمۇ ئېچىۋەتمەپتۇ. ئاخىر: «مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن!... » دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئايالى بىلەن باللىرى «قانداق قىلساق بولار... يوتقاندىن بىرنى ئېلىۋېتەيلىمۇ - يا» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان پەيتتە ھاشىم تاغام جىمىپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇخلىغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتىرجەم بولۇشۇپتۇ. ئايالى ئوتلاپ ئىچكۈدەك سۇيۇق ئۇماچ ئېتىپ، سائەتكە قاراپتۇ. دەل ئىككى سائەت بولغاندا، يوتقان، كۆرپىلەرنى ئېلىۋېتىپ قارىسا، ھاشىم تاغام كۆزىنى يۇمۇپ مىدىرلىماي يېتىپتۇ. ئايالى ئېرىنىڭ مەيدىسىگە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشىسا، يۈرىكى ئاللىقاچان توختاپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىغا - زار قىلىشىپ، ئەتىسى يەرلىكىدە قويۇپتۇ. بىچارە ھاشىم تاغام ئۆتمۈشنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تارتىپ، تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرمەي، 54 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

مەن 1956 - يىلى سىنتەبىردە ئايالىم بىلەن سۇيدۇڭگە كېلىپ، ئاپام بىلەن ھاشىم تاغامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدىم. دادام ھاشىم تاغامنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— ھاشىماخۇننىڭ ئۆلۈشىگە ئۆزىمىز سەۋەبچى بولدۇق. ھېچنېمە بىلمەيدىغان قارا قورساق پوكانچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، مۇشۇ بالا -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قازانى تاپتۇق. بىز بەك نادان ئىكەنمىز...― دەپ قاتتىق ئەپسۇسلاندى. دادام ساۋاتسىز بولسىمۇ ئەمەلىيەتكە ئىشىنەتتى.

هاشىم تاغام ماڭا بەك ئامراق ئىدى. ياغاچچىلىق قىلىپ ياسىغان نەرسىلىرىمنى كۆرۈپ زوقى كېلەتتى. مېنىڭ تېببىي تېخنىكومدا ئوقۇغانلىقىمدىن مەمنۇن بولۇپ، «ئارىمىزدىن بىر دوختۇر چىقىدىغان بولدى»، دەپ خۇشال بولغان ۋە ماڭا ئۈمىد باغلىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدىگە مەن خىلاپلىق قىلدىم. مېنى كەچۈرگىن، هاشىم تاغا!...

2011 ـ يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

## قەشقەردە

1951 ـ يىلى 16 ـ ئاپرېل كۈنى مەن خىزمەت ئېهتىياجى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقتا[①] ئورۇنلاشتىم. خوجەهمەت ئابلايېۋ مېنىڭ قەشقەرگە كېلىپ قالغانلىقىمغا ئىنتايىن خۇشال بولدى. بىز 1945 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب دەۋرىنى ئەسلەپ، دوستلۇقىمىزدىن پەخىرلىنەتتۇق. ئابلايېۋ مېنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۆلۈم باشلىقى، سەنئەت ئۆمەكنىڭ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەپ باقتى. لېكىن مەن بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ قاملاشتۇرالماي، يەنە ئادەتتىكى كادىر بولۇپ قالاتتىم. مەن ئۆزۈممۇ مۇنداق مەسئۇلىيىتى ئېغىر خىزمەتنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلەتتىم. شۇڭا ئۆزۈمدەك كادىرلار بىلەن دوست بولۇۋېلىپ، ئەركىن ـ ئازادە يۈرەتتىم.

1948 ـ ۋە 1950 ـ يىللىرى ئىلى ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكومدا ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمدىن تۆتەيلەن (ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز) 1952 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ، سەهىيە ۋە مائارىپ ساهەلىرىگە

① ئىتتىپاق ― شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى.

ئورۇنلاشتى. ئۇلار شۇ يىلى توي قىلىپ تۇرمۇشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋالدى. ئۇلار مېنىڭ بويتاقلىقىمنى كۆرۈپ مېنى يېنىغا تارتتى. بىز بەشىمىز بىر هويلىنى ئىجارىگە ئېلىپ، قازان - قومۇچنى بىرلەشتۇرۇپ بىللە تۇردۇق.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ هويلىدا ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا مۇئەللىمە خانىم مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

مەن دەرستىن چۈشۈپ سىنىپتىن چىقاي دەپ تۇرسام، سىنىپىمدىكى 13 ياشلىق بىر قىز:

— خانىم، ئەتە مېنىڭ تويۇم بولاتتى، ماڭا ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىڭىز بوپتىكەن، — دېۋىدى، هەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم.

— هوي ئۇكام، سىز كىچىككىنە تۇرۇپ توي قىلامسىز؟ ئەنە ئاۋۇ ئاتىكەم سىزدىن چوڭ تۇرۇپ توي قىلماي ئوقۇۋاتىدۇغۇ!

— خانىم، ئاتىكەمنىڭ بىر بالىسى بار.

— ئاۋۇ رۇقىيە سىزدىن چوڭ تۇرۇپ توي قىلماپتۇغۇ؟

— رۇقىيە بىر توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن، — دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى رۇخسەت سورىغان قىز.

مەن گەپ قىلماي سىنىپتىن چىقىپ كەتسەم، هېلىقى قىز كەينىمدىن ئىشخانىغا كىرىپ:

— رۇخسەت بېرىڭ، خانىم! — دەپ تۇرۇۋالدى. مەن بۇ قىزنى ئىلمىي مۇدىرغا كۆرستىپ قويۇپ، يېنىپ كەلدىم، دېدى.

مۇئەللىمە دوستىمىزدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىزمۇ هەيران قالدۇق. ئىلى تەرەپتە بويىغا يەتمىگەن قىزلارنىڭ توي قىلىشى 1949 - يىللاردىن بۇرۇنمۇ ئۆرپ - ئادىتىمىزگە يات هادىسە ئىدى. بۇ، 1950 - يىللارنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى بولغاچقا جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇنداق ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر چەكلىنىۋاتقان، يېڭى نىكاھ قانۇنى تەشۋىق قىلىنىۋاتقان ۋاقىت ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇئەللىمە خانىم سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەگە مەن ئانچە ھەيران قالمىدىم. ئەمما ئۇ ماڭا ئىككى ۋەقەنى ئەسلەتتى.

1951 - يىلى نويابىر ۋە دېكابىر ئايلىرىدا مەن پەيزاۋات، يېڭىشەھەر ناھىيەلىرىگە «ئىتتىپاق» خىزمىتى بىلەن بېرىپ، شۇ جايلاردىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەر پومېشچىكلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە سىرتتىن قاتناشقانىدىم. مەن بۇ تۆت نەپەر دوستۇمغا ئېزىلگەن ۋە خورلانغان دېھقانلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىدىن بىر - ئىككىنى سۆزلەپ بەردىم.

1949 - يىلدىن ئىلگىرى يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسىدا بەكمۇ ھەددىدىن ئاشقان بىر زومىگەر پومېشچىك بار ئىكەن. ئۇ دېھقانلارنىڭ بوينىغا مىنىۋېلىپ خالىغىنىنى قىلىدىكەن. ئۇ ھەر يىلى بىرنەچچە كىچىك قىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىدىكەن. ئۇنىڭ ئايال دەللىلىرى مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، كىچىك ۋە چىرايلىق قىزلارنى تېپىپ بەگكە خەۋەر قىلىدىكەن. ئاندىن ئۇنىڭ قولچوماقلىرى شۇ چىرايلىق قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاتا - ئانىسىغا: «ئۆزلىرىگە ئامەت ياغىدىغان بولدى. قىزلىرىنى ھەزرىتىمگە ھەدىيە قىلسىلا»، دەيدىكەن. ئۇنىمىسا، زورلاپ ئېلىپ كېتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دېھقاننىڭ سەككىز ياشلىق قىزىغا ھېلىقى زومىگەرنىڭ قولچوماقلىرى كېلىپ، ئاتا - ئانىسىدىن قىزىنى سوراپتۇ:

— جېنىم ئۇكىلىرىم، قىزىم بەك كىچىك، ئۇۋال بولىدۇ، رەھىم قىلىشسىلا ! — دەپ بەرمەپتۇ.

قولچوماقچىلار بەگكە بۇ جاۋابنى دەپتىكەن، زومىگەر بەگنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مېنىڭ تەلىپىمگە بويسۇنمايدىغان قانداق دېھقان ئىكەن ئۇ! ھازىر بېرىپ، قىزى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ

ۋارقىراپتۇ. شۇ ھامان بەش - ئالتە قولچوماقچى بېرىپ قىزنى قاقشىتىپ، ئاتا - ئانىسىنى ئۇرۇپ ھەيدەپ ئەكېلىپتۇ، قىز قورقۇپ تىترەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاتا - ئانىسى:

— رەھىم قىلسىلا، غوجام! قىزىمىز بەك كىچىك، سىلىنىڭ تەلەپلىرىگە يارىمايدۇ. ئۆلۈپ كەتسە ئۇۋال بولىدۇ...، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— تولا ۋالاقشىما! قىزىڭنىڭ كىچىك ياكى كىچىك ئەمەسلىكىنى ھازىر كۆرستىپ قويىمەن! — دەپ غالچىلىرىغا بۇيرۇپتۇ.

غالچىلار قىزنى يالىڭاچلاپ، دالان ئۆيدىكى كارىۋات ئۈستىگە ياتقۇزۇپتۇ. قولچوماقلار قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بوسۇغىدا دۈم ياتقۇزۇپ بېسىپ تۇرۇپتۇ. زومىگەر ئاتا - ئانىسىغا كۆرستىپ تۇرۇپ قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ. قىز بىر چىرقىراش بىلەن ھوشىدىن كېتىپتۇ، شۇ چاغدا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ، زومىگەر بۇ پاجىئەگە پىسەنت قىلماي، شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپ بولۇپ:

— ماڭا بەرمىگەن قىزىڭنى ئالە! — دەپ دالاندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

غالچىلار قىزنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. بىچارە ئاتا - ئانا قانغا بويالغان قىزىنى كىيىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرغان زومىگەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىمۇ، باشقا رەھىمدىل خىزمەتكارلارمۇ ئۆز ئارا كۇسۇرلىشىپ، بۇ ۋەھشىيلىكتىن قاتتىق نەپرەتلىنىپتۇ. بەختسىز قىز ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەي قانسىراپ يېتىپ، تۆتىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى زار - زار قاقشاپ يىغلاپ، ۋەھشىي زومىگەرلەرگە ئۆلۈم تىلەپ، مۇدھىش زامانغا قارغىش ياغدۇرۇپ، دەرد - ئەلەم بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي تاڭ ئېتىپتۇ. ئۆلكە ئازاد بولۇپ ئۈچىنچى يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەر پومېشچىكلاردىن ھېساب ئېلىش ھەرىكىتى باشلىنىپتۇ. شۇ چاغدا كۆزلىرىدىن قان - ياش تۆكۈپ شىكايەت قىلغان ئاتا - ئانىلار ھېلىقى زومىگەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، پارتىيەمىزگە چەكسىز رەھمەتلەرنى ياغدۇرۇشۇپتۇ، ئىنتىقام غەلىبىسىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ.

دوستلىرىم بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، «ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇنداق ۋەھشىي زومىگەرگە ئۆلۈم جازاسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دېيىشتى.

— سىز قەشقەرگە بىزدىن بىر يىل بالدۇر كېلىپ، جىق ئىشلارنى كۆرۈپسىز، — دېدى يەنە بىر ئايال دوستىمىز.

— بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ — دېدى ھېلىقى زومىگەرگە ئۆلۈم جازاسىمۇ ئاز كېلىدۇ، دېگەن دوستۇم.

— مەن ئاڭلىغان يەنە بىر ۋەقە بار، — دېدىم، — قايسىبىر يېزىدىكى زومىگەر پومېشچىك دېھقانلارغا ئېغىر زۇلۇم سالغاندىن باشقا، نىكاھلانغان ياشلارنىڭ ئار - نومۇسىغا تاجاۋۇز قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم نىكاھلانغۇچىلار بىلەن كارى يوق ئىكەن. پەقەت يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتكە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىكەن، يەنى نىكاھلانغان قىزنى زورلۇق بىلەن ئۆيگە ئەكېلىپ، بىرىنچى كېچىنىڭ ھۇزۇرىنى ئۆزى كۆرۈپ، ئەتىسى قىزنى ئەمرىگە ئالغان يىگىتكە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن. بۇ باسقۇنچىلىققا قول ئاستىدىكى بىر موللا «لىپاپە كېچىسى» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ بېرىپتۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان بەزى يىگىتلەر قارشىلىق قىلىپ ئۆلگۈدەك تاياق يەپتۇ. بەزىلىرى يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا كېتىپتۇ.

«لىپاپە كېچىسى» توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەك، ئەرز - شىكايەتلەر

ئەتراپتىكى يېزىلارغا تارقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە كۆمۈلگەن بۇ شەرمەندە «لىپاپە كېچىسى» بىر يىلغا بارماي جىمىقىپتۇ. كېيىن زومىگەر پومېشچىكلار ئۈستىدىن كۈرەش قىلىنغاندا، بۇ زومىگەرمۇ تېگىشلىك جازاسىنى يەپتۇ.

مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن يەنە بىر ۋەقە يادىمغا كېلىپ قالدى: 1951 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق مېنى بىر بوغالتىر بىلەن پەيزاۋات ناھىيەلىك ئىتتىپاقنىڭ مالىيە ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەر پومېشچىكلارغا قارشى كۈرەش باشلىنىپ كەتكەنىكەن. مېنىڭ بۇ ئۇلۇغ سىياسىي ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋىتىم بولمىسىمۇ، قوشئاۋات، شاپتۇللۇق يېزىلىرىغا بېرىپ، بۇ ھەرىكەتنى بىر ـ ئىككى سائەت كۆرۈپ كەلدىم. 1952 ـ يىلى يانۋاردا شۇنداق سەزگۈر، جىددىي كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھىيە ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ.

بىز ئىشخانىدا ئىشلەۋاتساق، «قاتىلنى ئاتقىلى ئاپچىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. ھەممىمىز ئۆگزىگە چىقىپ كۆرمەكچى بولدۇق. ئىتتىپاق قورۇسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۈچ تەرىپى تام بىلەن توسۇلغان قورۇق يەردە قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. كۆرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى: «جوۋاينىمەك، جاجىسىنى يېدى» دېيىشتى. بەزى ئاياللار قورقۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشتى. قاتىلنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى جەسەتنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن بىز ئۆگزىدىن يېنىپ چۈشتۇق.

زومىگەر پومېشچىكلارغا قارشى كۈرەش داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە ئىككى دېھقان ئېتىز بېشىدا سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. يېشى چوڭراق دېھقان ياشراق دېھقانغا تىل ساپتۇ:

ـــ ئەمدى سېنىڭ زومىگەرلىك قىلىدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى. ياۋاش بولمىساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! ـــ دەپ، ئېچىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

ئېتىۋاتقانىكەن، زومىگەر پومېشچىكنىڭ ئوغلى:

— كۆرگۈلۈكنى سەن كۆرىسەن! — دەپ قولىدىكى كەتمەن بىلەن دېھقاننىڭ بېشىغا چېپىپتۇ. دېھقان شۇ يەردىلا جان بېرىپتۇ. بۇ ۋەقە شۇ ھامان ناھىيەلىك سىياسىي خىزمەت گورۇپپىسىغا، ئاندىن قانۇن ئورۇنلىرىغا يېتىپ بېرىپ، قاتىلنى قولغا ئاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئېلىپ بېرىلغان داغدۇغىلىق سىنىپىي كۈرەش ئېزىلگەن دېھقانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، غەيرەت - شىجائەت ئاتا قىلغان. ئەمما شۇ كەمگىچە دېھقانلاردىن تىل - ھاقارەت ئاڭلىمىغان، دېگىنىنى قىلىپ ئادەتلەنگەن ياش زومىگەرگە ئۆلگۈچىنىڭ ئاھانىتى ناھايىتى ئېغىر كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا زومىگەر ئاتىسىنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان كۈرەش ئۇنىڭ يۈرىكىدە دېھقانلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان. ئۇ مۇشۇ ئىككى زەربىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوتتۇز نەچچە ياشلىق ھاياتىنى دوغا تىكىپ، ئەمدىلا قەددىنى كۆتۈرگەن دېھقاننى چاناپ ئۆلتۈرگەن.

ئەزگۈچى بىلەن ئېزىلگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىز مۇناسىۋەت ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ ئۆزگەرگەن چاغدا ئەزگۈچىلەرنىڭ بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

— سىز ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرىگە رەسمىي قاتناشقان بولسىڭىز جىق ئىشلارنى كۆرىدىكەنسىز، — دېدى بىر دوستۇم.

— سىز شېئىر يېزىپ ئاۋارە بولغۇچە، خەلقنىڭ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق كەچمىشلىرىنى رومان قىلىپ يېزىڭ، — دېدى شېئىرغا ئامراق، ئەمما ئۆزى شېئىر يازمايدىغان دوستۇم.

ئۇ يىللاردا مېنىڭ رومان يازغۇدەك ئىقتىدارىم يوق ئىدى، خاتىرە قىلىپ يېزىشنىمۇ ئويلىماپتىكەنمەن.

# شەيدالىقنى بىلمىگەن كالۋالىق



مەن شۇ كۈنلەردە ئۆيـ-
لەنمىگەن يىگىت ئىدىم.
ئىدارەمدىكى يېقىن
دوستلىرىم مېنى تۇرمۇش
قۇرۇۋېلىشقا ئالدىراتتى.
1952 - يىلى نويابىردا
چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ
ئەمەس بىر لايىق چىقىپ
قالدى. بۇ قىز ئالدىنقى
يىلى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئانىسىنىڭ رايىغا قاراپ ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىكەن. شۇ يىلى 10 - دېكابىر ھەشەمەتسىز، ئاددىيغىنە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۆيلىنىۋالدىم. تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك داۋاملاشتى. ھەركۈنى چۈشتە ئۆيگە بارسام، ئايالىم مېنى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى.

ئايالىم تاماق ئېتىشنى بىلمەيتتى. ھەركۈنى چۈشلۈك تاماقنى قېيىنئانام كېلىپ ئېتىپ بېرەتتى. بىركۈنى قېيىنئانام بىزنىڭ ئامراقلىقىمىزنى كۆرۈپ: «قىزىم، مۇھەممەد رەھىمگە بالدۇرراق تەگسەڭ بوپتىكەن» - دېسە، ئايالىم: «ئۆزۈڭ بالدۇرراق بەرمەپسەنغۇ!» - دېگەندى.

1953 - يىلى سېنتەبىردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1- نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىدىغانلىقى، بۇنىڭغا قەشقەر ۋىلايىتى 30 نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋالىي مەھكىمە مەدەنىيەت - مائارىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشقارمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلتايغا ۋەكىل سايلاش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. مەن ئەدىبلەر گۇرۇپپىسىدىكى بىر ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ قالدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ ئايالىمنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. ئۇ ھەر كۈنى: «ئۈرۈمچىگە بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟ سىز بارمىغانغا قۇرۇلتاي ئېچىلماي قالامتى ...» — دەپ، ئايرىلىشقا چىدىماي زارلىنىشقا باشلىدى.

سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە ئىككى قارا ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ مېڭىشقا تەييارلاندى. شۇ كۈنى ئايالىم بىلەن قېيىنئانام ئاپتوموبىلنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمىدى. ئاپتوموبىل كۈندۈز سائەت ئون بىرلەردە يۈرۈپ كەتتى. ئايالىم مەن ئولتۇرغان ئاپتوموبىلنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئايالىمنىڭ كەينىدىن قېيىنئانام يۈگۈرۈپ كەلمەكتە. ئاپتوموبىل يارباغقا كەلگەندە ھەمراھلىرىمدىن بىرى:

— ئەنە، رەھىموفنىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، ماشىنىنى توختىتايلى! — دېدى. بىرەيلەن كابىنكىنى تاراقلىتىپ ئۇرۇۋىدى، ئاپتوموبىل يارباغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ توختىدى. مەن كوزۇپتىن چۈشۈپ:

— نېمىشقا بۇنداق ئاۋارە بولىسىلەر؟ مەن 15 ~ 20 كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەنغۇ! — دېدىم.

ئايالىم ھېچنېمە دېمەي ماڭا ئېسىلىپ يىغلىدى. قېيىنئانام مېنى ۋە ئايالىمنى تۇمەن دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىلەپ ئەكەلدى:

— قىزىم، ئېرىڭنىڭ پۇتىنى مۇشۇ سۇدا يۇيۇپ قوي، مۇشۇ سۇ ئېرىڭنى يەنە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى.

ئايالىم تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيىدە ئىككى پۇتۇمنى يۇيۇپ، پايپاق بىلەن شىبلىتىمنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئايالىمنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى.

— جېنىم ئوغلۇم، قىزىم سىلىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن

چىدىمايۋاتىدۇ، مەجلىس تۈگىگەندىلا قايتىپ كەلسىلە. ھايال بولۇپ قالسىلا قىزىم ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى قېيىنئانام.

شوپۇر ۋارقىراشقا باشلىدى. ئايالىم قۇچاقلاپ سۆيۈپ ئېسىلىۋالدى. شۇ چاغدا ئايالىمنىڭ مۇھەببەت شەيدالىقى مېنىڭمۇ يۈرىكىمنى پۇچىلاپ سەۋر قاچىنى چىقىۋەتكىلى تاس قالدى. مەن ئۆزۈمنى ئاستا ـ ئاستا ئاجرىتىپ، كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشنى سۈرتمەي ئاپتوموبىلغا چىقىۋالدىم. ئايالىم ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ قالدى. ئاپتوموبىلدىكى ھەمراھلىرىم بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، ھەركىم ھەر خىل ئىنكاس قايتۇرۇشتى:

ــ ئايالىڭىز ئەجەب ئامراق ئىكەن ـ ھە! سىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان ئوخشايسىلەر ـ ھە؟

ــ مېنىڭ بۇنداق ئامراق ئايالىم بولسا، مۇنداق قۇرۇلتايدىن ۋاز كېچەتتىم.

ــ باغرىڭىز ئەجەب قاتتىق يىگىت ئىكەنسىز،... ــ دېدى ئارىمىزدىكى بىر ئايال ۋەكىل.

مەن ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغاچقا بۇ ئىنكاسلارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب قايتۇرمىدىم. مەن شېئىرىيەتكە بولغان ئىشتىياقىم بەدىلىگە مۇشۇ ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئېرىشتىم. ئىشتىياق يولىدىكى بىر دەملىك جۇدالىق مەن ئۈچۈن بىر سىناق دەپ ئويلىدىم.

مەن ئولتۇرغان ئاپتوموبىلدىكى 18 ۋەكىلنىڭ تۆتى سەنئەتچى، قالغان ھەممىسى ئەدىب ۋە خەلق قوشاقچىلىرى ئىدى. چاقچاق، كۈلكىلەر بىلەن يول يۈرۈپ، سەپەرنىڭ 7 ـ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. 1953 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا ئاراق ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق ئېچىلىپ، قىزغىن، ئۈمىدۋار كەيپىيات ئىچىدە داۋاملاشتى. ئۈچ ۋاق تامىقىمىز خىلمۇخىل، مەززىلىك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باياشات بولدى. ھەركۈنى كەچتە ئۈيغۇچە تىياتىر، كونسېرتلار كۆرسىتىلدى. كۆتكۈچىلەر ئەلا مۇلازىمەت قىلدى. قەشقەر ۋەكىللىرىدىن قۇربان ئىمىن، نۇرمۇھەممەد ئېركى، روزى قادىرى، ئابدۇكېرىم سائادەتوف، مەن ۋە ناھىيەلەردىن كەلگەن ئەدىب، خەلق قوشاقچىلىرى بولۇپ ئون نەچچىمىز بىر چوڭ زالدا يېتىپ-قوپتۇق.

قەشقەر ۋەكىللىرىنىڭ ئىچىدە ئوسمانجان سوپى دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرىدە ساماۋارخانىلاردا تەمبۇر چېلىپ، كونا ناخشىلارنى ئېيتىپ، جان بېقىپ يۈرگەن خەلق سەنئەتچىسى ئىكەن. بۇ ئادەم ئالدىراشلىقتا ۋەكىللەر قاتارىغا قوشۇلۇپ قاپتۇ. ئوسمانجان يولدا كەلگۈچە چۆللەردىمۇ ئاپتوموبىلنى توختىتىپ، پېشىن ۋە دېگەر نامازلىرىنى ئوقۇدى. بىز قايسى شەھەرگە كېلىپ قونساق، بۇ ئادەم ياتاقتىن چىقىپ كېتىپ، سەھەردە كېلىپ بىز بىلەن يولغا چىقاتتى. بىز توقسۇن ناھىيەسىگە كەلگەندە گۇرۇپپا باشلىقىمىز سورىدى:

— ئوسمانجان، ئاخشام ياتاقتىن چىقىپ كېتىپ نەدە ياتتىڭىز؟ نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— مەشەدە بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى، شۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم.

— سىز ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەرلەردىمۇ تۇغقانلىرىڭىزنىڭكىدە قونۇپ كەلگەندىڭىز، توقسۇندىمۇ تۇغقىنىڭىز بارمىدى؟

— ئەپەندىم، مەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم جىق ئادەم، كەچتە خۇپتەننى ئوقۇپ، سەھەردە بامداتنى ئوقۇپ كەلدىم، يامان ئىش قىپتىمەنمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— بولدى، ماشىنىغا چىقسىلا! — دېدى گۇرۇپپا باشلىقى.

بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ قۇرۇلتاي باشلانغاندىن كېيىنمۇ ئوسمانجان سوپى بەزى كېچىلىرى ياتاقتا ياتمايتتى. تاماق ۋاقىتلىرىدا كىشىلەرنىڭ غەيۋەتلىرىنى، باشلىقلارنىڭ خۇشامىتىنى قىلىپ ئاغزى بېسىلمايتتى. چۈشلۈك ۋە كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئارتىس

ئايالالارنىڭ قېشىغا بېرىۋالاتتى. ساددىراقلىرىنى ئالداپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ سەنئەتچىلەرگە قوشۇلۇپ تەمبۇر چالغانلىقىنى كۆرمىدۇق. بىز ئوسمانجان سوپىنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، نۇرمۇھەممەد ئېركى ئىككىمىز بۇ ھەجۋىي مۇخەممەسنى يازدۇق.

## سوپى

(مۇشائىرە)

ئېركى: ھەجىيىپ زورلاپ كۇلۇپ كۆزىنى ئويناتقان سوپى،
ياخشى بولماققا تېشىدا قىينىلىپ ياتقان سوپى.
دولا ياقاش، ئەلنى ئالداش لېيىغا پاتقان سوپى،
ئىچى قاغا، سىرتىنى بۇلبۇلغا ئوخشاتقان سوپى،
تازا چانغاندا ئىشى ئوبدان ئىزا تارتقان سوپى.

مەن: تاڭ سەھەر بىسمىللا دەپ چىقسا ئەگەر دەرۋازىدىن،
تەقۋادارلىقىنىڭ رىياسى ئاڭلىنار ئاۋازىدىن.
ئۆرگىلەيمۇ ساڭگىلاتقان ساللىسى پەردازىدىن،
سەسكىنەر ھەركىم ئۇنىڭ قىلغان خۇشامەت نازىدىن،
ئەقلىنى تۇزسىز قازاندا ياخشى قايناتقان سوپى.

ئېركى: ئېڭىكىگە مىكرى چۇن بىرمۇنچە تۈك چاپلاقلىقى،
كۇلدۇرەر زەللە ئۇچۇن ئۇ قىستۇرۇقلۇق ياغلىقى.
ئىقتىدار بابىدا داڭلاپ ئۆزىنى پاخپاقلىقى،
ھەممە ئىشتا كەمچىلىكسىز، تەلتۆكۈس ئەخمەقلىقى،
غەيرىي رەسمىي سۇرىتىگە بىزنى قاراتقان سوپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن: قىلىنى ئىلغار ھەسەلنىڭ، يۇڭدىماي پاختەكنى يەر،
ئاغزىدا «ئاللا» دېگەندە، كۆڭلىدە شۇملۇق يۈرەر.
پەيتى كەلسە جايناماز دىن ئەر ـ خوتۇن تامبال كىيەر،
يۇرت ئىچىدە ساق ئەمەس مۇنداق شەخستىن ھېچقەيەر.
تۇلكىدىن ئەخلاق ئۆگەنگەن، ئەلنى قاقشاتقان سوپى.

ئېركى: بىر ئايالنى كۆرسە دەرھال قىلىدۇ پال ـ پال كۆزى،
ئەسسالام دەپ ھال سورار گويا تونۇش ئوخشاش ئۆزى.
گاھى سەزگۈررەكلىرى باقسا سوغۇق، چۈشكەي يۈزى،
دەككىسىنى يەپ تۇرۇپ، سۆزدە داۋام ئەيلەر سۆزى،
توپنى ئاتسا كەيلى بولماس، يۈزى خوپ قاتقان سوپى.

مەن: ئەجرى قىلماي جان بېقىش ھەرقانچە ئىماندىن ئۇلۇغ،
ئون تاياقتىن بىر تېيىنىنىڭ ۋەزنى ۋىجداندىن ئۇلۇغ.
پايدىڭىز تەگسە ئەگەر، سىز شاھى سۇلتاندىن ئۇلۇغ،
لولىلىق، ئالدامچىلىقتا بارچە شەيتاندىن ئۇلۇغ،
بۆرگىدىن پوستۇمبا ئالغان، تاشنى يۇمشاتقان سوپى.

ئېركى: تەمبۇرنى سىز كۆرۈپ دەمسىزكى ئىش دەسمايىسى،
ئۇ ئەمەس سەنئەتكە، ئەلگە ئىش قىلىش دەسمايىسى.
دەڭمۇدەك سۆرەپ يۈرۈپ ئۇ گال بېقىش دەسمايىسى،
قاش ئېتىش، كىرپىك قېقىش، ئابرۇي سېتىش دەسمايىسى،
ئېخ، مۇقىمىي شېئىرىنى ئاش ـ نانغا خارلاتقان سوپى.

مەن: بىر ئەجەب مەخلۇق ئىكەن پەس ئادىتىدىن قالمىغان،
نەپسى چۈن، ئابرۇي ئۈچۈن ئىتتەك سوكۇلداپ تالمىغان.
توغرا سۆزدىن رەنجىگەن، ئەسلا بويۇنغا ئالمىغان،
گەپ توشۇپ غەيۋەت قىلىشتىن ھېچ خىجالەت بولمىغان،
ئەل ئارا ئاغرىق ـ ئاداۋەت، پىتنە تارقاتقان سوپى.

ئېركى: كەلگەن ئېردى سازچى مەن، سەنئەتچى مەن دەپ جىق ئىشىم،
كۆرمىدۇق جىگىموما ئەپلەشتىن بۆلەك ھېچ لاۋۇجىم.
ناز - خۇشامەت بىرلە كۆپتىن ئايرىلىپ قالدى يېتىم،
قانچە ھى - ھى قىلسا قىلماي ئېتىبار ئېركى - رەھىم،
يازدى بىر سۆز «يادىكار» دەپ، بىزنى جوراتقان سوپى.

1953 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

بىز بۇ شېئىرنى يېزىپ بولۇپ، ياتاقداشلىرىمىزغا ئوقۇپ بەردۇق. سوپى بۇنى ئاڭلاپ چىچاڭشىپ كەتتى.

— ھەرقايسىڭ مېنىڭ ئابرۇيۇمنى تۆكۈشۇپسەن. مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس. باشلىقلارغا ئەرز قىلىمەن، — دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ پەيلىدىن قورقتۇم، ئېركىمۇ بىرئاز چۆچۈدى.

— قورقماڭلار! ئۇنىڭ ئەرزىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم سائادەتوف.

بۇ، قۇرۇلتاي ئاخىرلىشىپ، ئېكسكۇرسىيە باشلانغان كۈنلەر ئىدى. ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىر ئېگىز، ئورۇق ئادەم ياتاققا كىرىپ كەلدى:

— مۇھەممەد رەھىم دېگەن كىم؟

مەن ئوسمانجان سوپى ئەرز قىلغان ئوخشايدۇ دەپ، جىم تۇرۇۋالدىم.

ئېگىز ئادەم ئىككىنچى قېتىم:

— ئاراڭلاردا مۇھەممەد رەھىم دېگەن كىشى بارمۇ؟ — دەپ سورىغاندا، يېنىمدىكىلەر:

— مۇشۇ يىگىت! — دەپ مېنى كۆرسىتىپ قويدى.

— مەن بىلەن مېڭىڭ، سىزگە گەپ بار، — دەپ مېنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئوچۇق - يورۇق كەيپىياتىدىن بىرەر يا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مانلىقنى سەزمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئەنسىرىگەن ھالدا ئۇ ئادەمگە ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. بىز مېھمانخانىدىن چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىناسىغا كىردۇق. ئۇ ئادەم مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

— بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى يېزىقچىلىق ۋە تەھرىرلىكتىن خەۋىرى بار كادىردىن بىرنەچچىنى تەلەپ قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىرىگە سەيپۇللايېف سىزنى كۆرسەتتى. سىز ئەتىگىچە مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرىڭ، — دېدى.

مەن ياتاققا كېلىپ، ھەمراھلىرىمغا:

— بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا بارىدىغان خىزمەت ئىكەن. قانداق قىلسام بولار... — دېدىم. بىرەيلەن:

— بۇ شەرەپلىك خىزمەت ئىكەن. مېنىڭچە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ماقۇل دەڭ، — دېدى، يەنە بىرەيلەن:

— سىز ئايالىڭىزغا چىدىمايۋاتقان ئوخشايسىز. بىزدە «خوتۇن دېگەن يولدا، بالا دېگەن بەلدە» دېگەن گەپ بار. جېنىڭىز ئېسەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئامراق خوتۇننى تېپىۋالىسىز. بۇ سىزگە كەلگەن ئامەت ئىكەن. ئىككىلەنمەي بېرىڭ، — دېدى. «مېنىڭ مۇنداق ئامراق ئايالىم بولسا، بۇ قورۇلتايدىن ۋاز كېچەتتىم» دېگەن كىشى:

— سىز ئاشۇ ئايالىڭىزنىڭ شەيدالىقىغا پىسەنت قىلماي بېيجىڭغا بارسىڭىز، چوڭ ئەقىلسىزلىك قىلغان بولىسىز. سىزدە ۋاپا، ساداقەت دېگەن نەرسە بارمۇ؟ — دېدى. بۇ گەپ بىلەن مەن بارماسلىق قارارىغا كەلدىم.

شۇ يىلى سېنتەبىردە سۇيدۇڭدىكى ئىنىم تۇرسۇن ئۈرۈمچىگە - شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلگەنىكەن. بىر كۈنى دۆڭكۆۋرۈكتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا: بېيجىڭغا بېرىپ ئىشلەيدىغان بىر ئىش چىققاندى، بارمايمەن دەۋاتىمەن، دېدىم. ئۇ ئويلىنىپ كۆرمەيلا:

— سەن ئىككىلىنەمەي بار، ئۆزۈڭ ئىشقا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئائىلەڭنى ئاپىرىۋالساڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى.

مەن ئەتىسى پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە بېرىپ، مېنى چاقىرغان كىشىگە:

— بېرىش قارارىغا كەلدىم، — دېدىم.

— بېيجىڭغا خىزمەتكە بارغانلارنىڭ بەزىلىرى كۆنۈپ قالدى، كۆنەلمىگەنلەر قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. سىز ئاۋۋال بېرىپ ئىشلەپ كۆرۈڭ، كۆنۈپ قالسىڭىز ئائىلىڭىزنى ئاپىرىۋالسىڭىز بولىدۇ. كۆنەلمىسىڭىز بىرەر يىل ئىشلەپ قايتىپ كېلەرسىز، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئائىلەمگە بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشىنى، سەۋر - تاقەت قىلىشىنى تاپىلاپ بىر پارچە خەت يېزىپ، كۆڭلۈم يېقىن ۋەكىل دوستۇمدىن ئەۋەتتۇەتتىم. ئائىلەم بۇ خەتنى ئوقۇپ قانچىلىك ھەسرەت چېكەر... دېگەننىمۇ ئويلىدىم.

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە مەن بىلەن تۆت كادىر بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا يېتىپ كەلدۇق. مەن كوررېكتور ھەم تەرجىمە مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدىم. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتەر - ئۆتمەي ئائىلەمدىن خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە: مەن قەشقەردىن يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىنكى كۈنلەرنى بارماق بىلەن ساناپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى، بېيجىڭغا كەتكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن مەندىن قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى، تېزرەك قايتىپ كېلىشىمنى يېزىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەتلىرىدە: مېنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىمنى، جۇدالىق ئازابىدىن جۇدەپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. تۆت ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ بەش - ئالتە پارچە خېتىنى ئوقۇپ، مەنمۇ ئازابلاندىم، پاك مۇھەببەتنى ئابرۇيغا تېگىشكەنلىكىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلدىم.

مەن تەشكىلگە: «ئائىلەمنى ئەكەلدۇرسەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرامسىلەر؟» دېسەم، «ئورۇنلاشتۇرىمىز» دېدى. مەن بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسىل ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خەۋەرنى ئايالىمغا يەتكۈزۈپ:

«بېيجىڭغا بېرىش تەييارلىقىنى قىل» دېدىم. ئايالىم خەتنى ئوقۇپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، قېيىنئانامنىڭ سەپرايى ئۆرلەپتۇ: «مەن سېنى ئېرىڭدىن ئاجراشتۇرۇۋالسام ئالىمەنكى، ھەرگىز بېيجىڭغا ئەۋەتمەيمەن» دەپتۇ. قېيىنئانام بۇ گەپىدىن يانمايتتى. بىزدە ئاجرىشىش خىيالى بولمىغاچقا تاقەت قىلىپ پۇرسەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇق.

قېيىنئانام ئىلگىرىكى ئەردىن ئىككى ئوغلى بىلەن قالغانىكەن. ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى ئەرگە ياتلىق بولۇپ، مۇشۇ قىزنى تۇغقانىكەن. ئىككىنچى ئېرىمۇ ئېغىر كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ياتلىق بولماي، قىزنى بېقىپ ئولتۇرغانىكەن. قېيىنئانام ئىككىنچى ئېرىدىنمۇ تول قالغاندىن كېيىنكى جاپالىق كۈنلىرىنى مۇشۇ قىزىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ياشىغان بەختسىز ئايال ئىكەن. شۇڭا ئۇ قىزىدىن ئايرىلىشنى ئەسلا خالىمايدىكەن.

1954 - يىلى 11 - ماي سۈيدۈڭدىكى ئاپامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. مەن مۇشۇ مۇسىبەتنى باھانە قىلىپ قايتىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلدىم. شۇ يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا رۇخسەت ئېلىپ بېيجىڭدىن قايتتىم.

مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپلا بېيجىڭدىن قايتقانلىقىمنى خەۋەر قىلىۋەتتىم. ئاندىن يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىمنى ئورۇنلاپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. كۈن بىر ئىزىدا تىرەجەپ تۇرغاندەك، ئاپتوموبىل مىسلىداپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مارالبېشى ئاچىلىدىن ئۆتكەندە يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. ئاتۇشنىڭ يۇقىرىسىدىكى سۇغۇنغا كەلگەندە يولنى شىددەتلىك كەلكۈن بېسىپ كەتتى. شوپۇر قارامлиق قىلىپ، ئاپتوموبىلنى كەلكۈنگە سېلىۋىدى، ئاپتوموبىل ئاغدۇرۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. شوپۇر ئۇستىلىق بىلەن

ئاپتوموبىلنى كەلكۈننىڭ ئېقىشىغا بۇراپ، 30 مېتىرچە مېڭىپ يولنىڭ قىرىغا چىقىرىۋالدى. ھەممىمىز خۇداغا شۈكۈر دېدۇق.

جۇدالىق كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، ۋەسلىي دىدار سائەتلىرى يېقىنلىشىۋاتقان مىنۇتلاردا ئۈلۈم خەۋپى ماڭا بىر قېتىم دەھشەت سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن كۆن قايىرىلغاندا قەشقەرگە كېلىپ ئۇدۇل قېيىنئانامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئايالىم مەن يازغان خەتلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن. سېغىنىش ھېسسىياتىنى رەنجىش ئىپادىسى بىلەن بېسىپ، ئەھۋال سوراپمۇ قويمىدى. قېيىنئانام پېشانەمگە سۆيۈپ كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى. خۇشاللىقىدىن پايپېتەك بولۇپ، ئاۋۋال ھالۋا بىلەن سىنچاي ئەكەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ياخشى كۆرىدىغان نېرىن ئەتتى.

ئارىدىن ئون بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا دىدار كۈنلىرىمىز ئىلگىرىكىدەك مېھىر - مۇھەببەتلىك بولمىدى، چۈنكى مېنىڭ كالۋالىقىم سەۋەبىدىن ئۇنىڭ تارتقان جۇدالىق ھەسرىتى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. بىر ئايغىچە ئۇنىڭ تاپا - تەنىلىرى، ئەيىبلەشلىرى تۈگىمىدى. مەن بۇ تاپا - تەنە، ئەيىبلەشلەرنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، دەردىنى چىققۇدەك جازا بەر، دېدىم. ئايلار ئۆتكەنسېرى قەلبىمىزدىكى چوڭ - كىچىك جاراھەتلەر ساقىيىپ، تۇرمۇشىمىز ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. 1955 - يىلى 24 - دېكابىر تۇنجى ئوغلۇم ئادىل تۇغۇلدى.

1956 - يىلى ئىيۇندا مېنىڭ ئۈرۈمچىگە، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ بېرىشىم توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. قېيىنئانام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «مەن قىزىمنى سىلىگە قوشۇپ بەرمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئايالىم: «مەن بۇدا ئايرىلىپ قالمايمەن» دېدى. ئاخىر قېيىنئانام يېشىغا توشمىغان نەۋرىسى ئادىلنى: «مەن قىزىمنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ باقىمەن» دەپ بىزگە بەرمەي ئېلىپ قالدى. شۇ يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا مەن ئايالىمنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۆتكىلىپ كەلدىم. كېلىپلا ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق قۇرۇلتىيىغا، ئاندىن 2 - نۆۋەتلىك تىل تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتناشتىم. 1957 - يىلى مايدا ئېچىلغان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىش يىغىنىدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدىم.

خىزمىتىم ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن قېيىنئانامنىڭ قىزىغا ئامراقلىقى سەۋەبىدىن ماڭا ئارامچىلىق بولمىدى. بىر يىلى قېيىنئانام نەۋرىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلسە، 2 - يىلى ئايالىم بالىلارنى ئېلىپ قەشقەرگە باردى. مۇشۇنداق بېرىش - كېلىش تۆت يىل داۋاملىشىپ، 1960 -يىلى ئايالىم قەشقەردە تۇرۇپ قالدى. مەن بۇ سەرگەردانلىقنى تەربىيە بېرىپمۇ، قارشىلىق قىلىپمۇ تۈزىتەلمىدىم. ئاخىر مەن 1962 - يىلى قەشقەرگە يۆتكىلىپ بېرىپ ئارام تاپتىم ۋە قەشقەر شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدىم. بىز شۇ يىللاردىكى شارائىتقا مۇۋاپىق غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدۇق.

1973 - يىلى 16 - ئاپرېلدا ئايالىم كونا قورساق ئاغرىقى سەۋەبى بىلەن 34 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولدى. كېيىنكى تۇرمۇشۇمدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر يادىمغا يەتكەندە، نەۋرىلىرىم مېنى قۇچاقلاپ سۆيگەندە، مەرھۇم رەپىقەمنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىدىم ۋە ئەسلەيمەن، مۇشۇ ئەسلەشلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 2010 - يىلى «قورۇنمىسۇن روھىڭ» دېگەن شېئىرنى يازدىم.

## قورۇنمىسۇن روھىڭ

ئوغلۇمنىڭ ئۆيىدە رەسىمىڭنى كۆرۈپ،
خىيالەن گۈل قويدۇم قەبرەڭ ئالدىغا.
خاتىرەم چېكىندى تەتۈر ئېقىندەك،

يىللارنى تۇركۇملەپ تاشلاپ ئارقىغا.

ياش ئىدىم ھالقىغان چارەك ئەسىردىن،
سەن تېخى بەش يىللىق پىيونېر ئىدىڭ.
شۇ يىللار ئۆزۈڭمۇ جىگدە پۇرىغان،
ئىپتىدا سۆيگۈگە مۇنتەزىر ئىدىڭ.

ناتونۇش ۋاستە باغلىدى بىزنى،
قەھرىتان قىش كۈنى تويىمىز بولدى.
ھەشەمەت كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدۇق،
غۇربەتلىك بىر ھۇجرا ئۆيىمىز بولدى.

يىللارنى قوغلىشىپ، گاھى تىركىشىپ،
يورۇتتۇق تۇرمۇشنىڭ غۇۋا كۆزىنى.
ئامەتلەر يول بېرىپ ئارزۇيىمىزغا،
كۆرۈپتۇق ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت يۈزىنى.
بىر - بىرىنى يېتەكلەپ پەرزەنتلىرىمىز،
سىلجىدى بالاغەت يولىنى بويلاپ.
شۇ يىلى بىر كېسەل يېپىشتى ساڭا،
پەرزەنتلەر بەختىگە شۇملۇقنى ئويلاپ.

ۋاقىتسىز كۆز يۇمدۇڭ ئوتتۇز تۆتتىلا،
مۇسىبەت خەنجىرى تىلدى يۈرەكنى.
ئانىسىز يېتىملىك ھەسرىتى بىلەن
پەرزەنتلەر قارغىدى تەتۈر پەلەكنى.

خەيرىيەت، بولدۇم مەن ئاتا ۋە ئانا،
چوڭ قىلدىم مېھرىمنى ئەجرىمگە قوشۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇتتۇم، ئۆيلىدىم، بولدۇم نەۋرىلىك،
ئۆسمەكتە ئۇلارمۇ ھەمدەم بولۇشۇپ.

قىز ـ ئوغۇل نەۋرىلەر سۇلكەتلىك، ئوماق،
ھۆسنىنى كۆرسەڭمۇ ئىچىڭ كۆيەتتى.
سېغىنىپ ھال سوراپ كەلگەندە سېنى،
مومام دەپ قۇچاقلاپ تاتلىق سۆيەتتى.

بۇ قۇتلۇق كۈنلەرنى كۆرمىدىڭ، ئېسىت...
شۇ ھەسرەت قىينايدۇ بىزنى ھېلىھەم.
بولدىلا، قورۇنۇپ قالمىسۇن روھىڭ،
نەۋرىلەر بەختىنى تىلەيلى ھەردەم.

2010 ـ يىلى 16 ـ فېۋرال

قەدىناس ئايالىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1974 ـ يىلى دېكابىردا چوڭ ئوغلۇم ئادىلنى قەشقەردە قالدۇرۇپ، كامىل بىلەن پازىلنى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە ــ ئىلگىرىكى ئىدارەمگە يۆتكىلىپ كەلدىم. مەن خىزمەت تارىخىمدىكى بابكارنىڭ موكىسىدەك يۆتكىلىشلەرنى مۆمىن سەپىرىنىڭ چاقچىقىغا يازغان جاۋاب شېئىرىمدا مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدىم:

«يامانلاپ كەتتى قەشقەردىن» دېگەنگە رەددىيە بەردىم،
ئىلى دەپ چاكى ـ چاك بولغان كۆڭۈلگە تەربىيە بەردىم.
زېرىكتىم يۆتكىلىشلەردىن، ئۇنىڭغا خاتىمە بەردىم،
ئۆزۈمگە بىر سوئال قويدۇم: ۋەتەنگە مەن نېمە بەردىم؟
مېنىڭدەك يۆتكىلىپ يۈرگەن قىلالماس ياخشى خىزمەتمۇ.

ئاتاقتا ئىسمىڭىز مۆمىن سەپەردۇر ھەرقاچان سىزنىڭ،
ئەمەلدە بولسا قەشقەرگە تالاي ماڭغان سەپەر بىزنىڭ.
بۇ يولدا موكىدەك قاتناپ مادارى قالمىدى تىزنىڭ،
چىقىم بىرلە پۇشايمانىنى قوشۇپ كۆرسەك بولار يۈزمىڭ.
شۇ ھالدا ۋېلىسىپىت تىلغا ئېلىنماق شۇنچە ھاجەتمۇ؟

1975 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن

## چىش ئاغرىقىم

مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇنجى پەرزەنتى، ئەتىۋارلىق ئوغلى ئىكەنمەن. ئورۇق، ۋىجىكلىكىمنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى، قەنت، ناۋات، كەمپۈتكە بەكمۇ ئامراقلىقىمدىن تاماقنى ئاز يەيدىكەنمەن. مېنىڭ ئون تۆت يېشىمدا چىشىم ئاغرىپ، ئاتا ـ ئانامنى بىر كېچە پاراكەندە قىلغانلىقىم يادىمدا. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن چىش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانىكەنمەن. خۇسۇسەن 1948 ـ يىلى فېۋرالدا قوزغالغان چىش ئاغرىقىم مېنى بىر ھەپتە قىيىنىغانىدى. شۇ يىلى مەن ئاغرىق تۇتقان كۈنلەردە «ئاغرىك چىشىم» دېگەن ھەجۋىي غەزەلنى يېزىپ ئەنتىمنى ئالغاندەك بولغانىدىم:

ئاھ چىشىم، ئاغرىك چىشىم، ئاغرىك تازا، ئاغرىك چىشىم،
ھېچ ئۇيالماي بارچىدىن، تارتماي ئىزا، ئاغرىك چىشىم.
ۋاقتىڭىز يەتسە يەنە ئاغرىك ئارام بەرمەي ماڭا.
«شادلىقىمدىن» قىچقىراي مۇڭلۇق سازا، ئاغرىك چىشىم.
ئەندىشە قىلماڭ، جاھاندا جېنى بارنىڭ دەردى بار،
دەردىڭىز داۋاسىغا خەجلەي تىزا، ئاغرىك چىشىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياكى لازىم بولدىمۇ لوقمان ھەكىمدەك بىر تېۋىپ،
ئاختۇراي كاتتا ـ كىچىك شەھرۇ يېزا، ئاغرىك چىشىم.
ھالىڭىزدىن بىخەۋەر نان دەيدۇ قورساق تويمىغۇر،
شۇ ئەدەپسىزگە يېگۈزمەستىن غىزا، ئاغرىك چىشىم.
قەنت ـ ناۋات چايناپ چوقۇپ مەن سىزگە سالدىم كۆپ زۇلۇم،
چوڭ گۇناھكار مەن، شۇڭا تارتاي جازا، ئاغرىك چىشىم.
دەيدىكەن: «چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس، ئۆلمەس كىشى».
ئۆلمىگەنگە دەي شۈكۈر، سىزدىن رىزا، ئاغرىك چىشىم.

1948 ـ يىلى فېۋرال، غۇلجا

ئاغرىغان چىشلىرىم بۇ شېئىرغا پىسەنت قىلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بەكرەك ئاغرىغان چىشلىرىمنى دوختۇرنىڭ ئامبۇرى بىلەن جازالاشقا باشلىدىم. بەزىبىر مۇتتەھەم چىشلىرىم مۇنداق جازالاشتىن قورقۇپ قالماي ئاغرىۋەردى. شۇ يىللارنىڭ ھېچبىرى چىش ئاغرىقىمدىن خالىي ئۆتمىدى. 1978 ـ يىلى «چىشلىرىمغا» دېگەن ھەجۋىي شېئىرنى يازدىم:

ئالدىراپ بولما خۇشال، ئەي چىشلىرىم،
كۆپ قېتىم قىلدۇق سېنى دەپ بىئارام.
مەنمۇ تۇرماستىن ئاياپ كۆڭلۈڭنى ھېچ،
ھە مانا، دوختۇرغا باردىم، ئىش تامام.

كۆردى ـ دە، چىش دوختۇرى بىر سىنچىلاپ،
باقتى ئۇ زەخمەت يېرىڭنى كوچىلاپ.
دېدى ئاندىن: «دورىسى ئامبۇر بۇنىڭ،
قىينىلىپسىز، جېنىڭىز تاپسۇن ئارام».

مەن دېدىم: «بولغان بىلەن تارتىش ئۇۋاي،
ئورنىغا چىش چىقمىسا قانداق قىلاي.
ئاشقازاننىڭ ئاچچىقى كەلمەسىمكىن،
كۈندە ئۈچ ۋاق چاينىماي يېسەم تائام؟».

«ئاغرىماستا چىشنى ئاسراش سىزدە يوق،
ئاغرىغاندا باشقا چارە بىزدە يوق.
چىش كېرەك بولسا سولياۋ چىش سالدۇرۇڭ،
ئۆمرىڭىز شۇ چىش بىلەن ئەتكەي داۋام».

دېدى ـ دە، ئىش باشلىدى ئۇپۇل ـ توپۇل،
ئۇردى ئاغزىم ئىچىگە ناركوز ئوكۇل.
مەست قىلىپ تارتىپ قولۇمغا بەردى ئۇ،
قىلچە ھاجەت بولمىدى غەيرەت ـ چىدام.

ئەنە شۇنداق تارتتۇرۇپلا ھەر قېتىم،
تاشلىماي يىغسام بولۇپتۇ بىر سىقىم.
سەن ۋاپاسىز چىشلىرىمنى ھەر كۆرۈپ،
ئويلىدىم: قالتىس ئىكەن دوختۇر ئاكام.

بىر سىقىم چىش ـ بىر سىقىم پاسىق سۆڭەك،
قالدى ئۈچ تال چىش بىلەن بىزنىڭ ئىڭەك.
ئاغرىساڭ قايسىڭ يەنە قىسمەت مۇشۇ!
چىش دېگەن گۆھەر ئەمەسقۇ، ۋاي ئاتام.

1978 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

مېنىڭ ئەقىلسىز چىشلىرىم بۇ شېئىرنى «مەدھىيە» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشىنىپ، زۇلۇم سېلىش پەيلىدىن يانمىدى. بىرىنىڭ كېسەللىكى يەنە بىرىگە يۇقۇپ، مۇسابىقىلىشىپ ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى. 1984 ــ يىلى ئاۋغۇستتا جۇڭشەن يولىدىكى چىش دوختۇرخانىسىغا كىرىپ، دەرد ــ ئەھۋالىمنى تۆككەندىم. دوختۇر: «سىز چىش ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتىپ جۇدەپ قېرىپ كېتىپسىز. مەن سىزنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قوياي» ــ دەپ ماڭا ئۇمىد بېغىشلىدى.

بىر ئاي ئىچىدە مۇتتەھەم، كېسەلمەن چىشلىرىمنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئۆمۈر بويى ئاغرىمايدىغان 32 تال بېجىرىم چىشنى سېلىپ قويدى. مەن يېڭى چىشلىرىم بىلەن ئاستا ــ ئاستا تونۇشۇپ، قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئازابنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈمدىن ئىزدىمەي، ۋاپاسىز چىشلىرىمغا لەنەت ئوقۇدۇم.

1948 ــ يىلى غۇلجىدىكى چىش دوختۇرى ئاغرىغان چىشلىرىمدىن بىرىنى زاماسكىلاپ، ئىككىسىنى تارتىۋەتكەن چاغدا: «سىز ھەركۈنى كەچتە ياتىدىغان چاغدا چىشلىرىڭىزنى چىش پاستىسى بىلەن چوتكىلاپ يۇيۇپ يېتىڭ» ـــ دېگەنىدى. مەن «ماقۇل» دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتكەنىدىم. بىراق، مەن كونا ئادىتىم بويىچە ئەتىگەندە يۈز يۇغاندا چىشلىرىمنى چوتكىلاپ يۇيۇپ يۈرۈۋەردىم. چىشنى ئەتىگەندە يۇسىمۇ، كەچتە يۇسىمۇ ئوخشاش دەپ ئويلىدىم. مەن ئۆزۈم ساۋاتلىق ئادەم تۇرۇپ، كەچتە ياتىدىغان چاغدا چوتكىلاپ يۇيۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىدىم.

بىز ھەركۈنى تاماق ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەيمىز، ئىچىمىز. يېمەكلىكلەرنىڭ ئۇۋاقلىرى چىش ئارىلىقلىرىدا قالىدۇ. بۇلار چىشنى چىرىتكۈچى مىكروبلار ئۈچۈن تەييار ئوزۇق بولىدۇ، بىز ئەتىدىن ــ كەچكىچە يەپ ــ ئىچىش، سۆزلەش، كۈلۈش، يىغلاش، يۆتىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئاغزىمىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرغاچقا مىكروبلارنىڭ «تىرىكچىلىك» قىلىشىغا پۇرسەت بولمايدۇ. بىز كېچىسى ئۇخلىغان چاغدا ئېغىز بوشلۇقىمىز مىكروبلار ئۈچۈن جىمجىت، ئازادە سورۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن چىقىپ، چىش ئارىلىقىدىكى قالدۇق ئوزۇقلارنى يەپ كۆپىيىدۇ. كىشىلەر چىشلىرى بىلەن ئۈچكە چېقىپ، قاتتىق

نەرسىلەرنى چىشلەپ سۇندۇرۇپ بىخەستەلىك قىلغاندا، چىشنىڭ ئېمال قاتلىمىغا دەز كەتكەن بولىدۇ. مىكروبلار كېچىسى دەز كەتكەن جايلارغا كىرىپ چىشنى چىرىتىشكە باشلايدۇ. چىشنى داۋاملىق كېچىسى يۇيۇپ ياتقاندا نۇرغۇن مىكروب ئېغىز بوشلۇقىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە قالدۇق مىكروبلارنىڭ ئۇزۇقلىنىپ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالمايدۇ.

چىشنى ئەتىگەندە يۇيغاننىڭ پايدىسى ناھايىتى ئاز، سەۋەبى مىكروبلار شۇ كېچىسى يەيدىغاننى يەپ، چىرىتىدىغاننى چىرىتىپ بولغاندىن كېيىن بىز چىشلىرىمىزنى يۇيۇپ تازىلىغان بولىمىز. بۇ خۇددى ئوغرى قوتاندىكى قويلارنى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قوتانغا قۇلۇپ سالغاندەك ئىش بولىدۇ. سىز چىشلىرىڭىزنى ئەتىگەن سائەت 6 دە چوتكىلاپ يۇيۇپ، سائەت 7 دە چاي ئىچسىڭىز ئاران بىر سائەت پاكىز تۇرغان بولىدۇ. مەن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا چىشلىرىمنى ھەر ئاخشىمى چوتكىلاپ يۇيۇپ يېتىشنى ئادەت قىلدىم. بىراق، بۇ ئېزىق چىشلىرىم قالمىغان، ساق چىشلىرىم شالاڭلىشىپ قالغان ۋاقىت ئىدى.

چىش ئاغرىقىنىڭ گېن بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپىمۇ بار ئىكەن. بەزى ئادەملەر چىشىدا ئۇچكە چاقسىمۇ، قاتتىق نەرسىلەرنى كاراسلىتىپ يېسىمۇ چىشلىرى زەخىملەنمەيدىكەن. بۇنىڭ سىرى نەدە؟

چىش ئۇستىخاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىنسان ھاياتىدىكى مۇھىم ئەزالارنىڭ بىرى. چىشنىڭ سىرتىنى ئېمال قەۋىتى قاپلاپ تۇرىدۇ. ئېمال ماددىسى ئۇستىخاندىن تەخمىنەن يۈز ھەسسە قاتتىق بولۇپ، چىشنى ئاسرايدىغان پولات قالقان ھېسابلىنىدۇ. مىڭدىن بىر ئادەمنىڭ چىشىنىڭ ئېمال قەۋىتى ناھايىتى قاتتىق يارىلىپ قالغان بولىدۇ. مەسىلەن، مىڭدىن بىر ئادەمنىڭ ئۆپكىسى ناھايىتى ئىقتىدارلىق يارىلىپ قالغانغا ئوخشاش. چىشنىڭ ئېمال قەۋىتى ناھايىتى قاتتىق يارىلىپ قالغان تەلەيلىك ئادەملەر ئۆمۈر بويى چىش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولمايدىكەن. بۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان تەلەي بولۇپ، چىش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇش ـ بولماسلىق ئاساسەن ئۇنى تازىلاش

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئاسراشقا باغلىق.

2011 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

## گاز ئوچاقنىڭ شەرتلىرى

1970 ـ يىللاردىكى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ مۇشكۇل نۇقتىسى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە مەسىلىسى ئىدى. ھەركۈنى ئۈچ قېتىم چاي قاينىتىش، تاماق ئېتىش ئۈچۈن يازدا ئوچاققا، قىشتا مەشكە ئوت قالايتتۇق. قىش ـ ياز كۆمۈر ئىشلىتەتتۇق. كۆمۈر سەرەڭگىنى ياقسىلا كۆيىدىغان بوزەك نەرسە ئەمەس ئىدى. بىز تۇتۇرۇق ئۈچۈن ياغاچ پارچىلىرىنى كوچىلاردىن تېرىپ يىغىۋالاتتۇق. ئۇششاق تىجارەتچىلەر ياغاچ قىرىندىلىرىنى باغلام قىلىپ چىگىپ، ھەربىر باغلىمىنى بەش مودىن، چوڭراقلىرىنى بىر كويدىن ساتاتتى. شۇ يىللاردا مەن ئاشخانىلار ئالدىدىكى تاشلىۋېتىلگەن چوكىلارنى، بىڭگۇر ياغاچلىرىنى يىغىپ، ئوچاققا تۇتۇرۇق قىلغانىدىم. ھازىر شۇ ئىشلىرىمنى ئويلىسام خورلۇق ھېس قىلىمەن.

قىشنىڭ كىرىشى بىلەن ھەربىر ئۆيگە كۈل، تۈتۈن مەينەتچىلىكى بىللە كىرەتتى. مەشكە ئوت قالاپ تاماق ئېتىش، ئۆينى ئىسسىتىش، ئايدا بىر قېتىم كاناي قېقىش، تام مەشنى تازىلاش ئادەمنى بىزار قىلىدىغان مەينەت ۋە جاپالىق مەشغۇلات ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆزىمىزنى قىشقا كىرسەك تۈرمىگە كىرگەندەك، قىشتىن چىقساق تۈرمىدىن چىققاندەك ھېس قىلاتتۇق. بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى بۇ جاپالىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنى كۆرۈپ، مۇشۇ گاز ئوچاق، پار ئەسلىھەلىرى بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگىمۇ كىرەرمۇ، دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق. كۆپ ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىمۇ بەزى ئائىلىلەردە گاز ئوچاق پەيدا بولدى.

1978 ـ يىلى بىزنىڭ ئىدارىگە ئونغا يېقىن گاز ئوچاق تەقسىم قىلىنىپتۇ. شۇ كۈنلەردە مەن ئىككى ئوغلۇم بىلەن جاپالىق تۇرمۇش

كەچۈرۈۋاتقان بويتاق كادىر بولغانلىقىم ئۈچۈن رەھبەرلىك ماڭا گاز ئوچاقتىن بىرنى بېرىدۇ، دەپ ئۈمىدۋار يۈرگەنىدىم. ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىدى. 1 ـ قېتىم كەلگەن گاز ئوچاق ئەر ـ خوتۇن ئىشلەيدىغان كادىرلارغا بېرىلدى.

مەن بۇ تەقسىماتنى كۆرۈپ بويتاقلىقىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئىدارىمىزدە ئەر ـ خوتۇن ئىشلەيدىغان كادىرلار كۆپ ئىدى. 2 ـ قېتىم گاز ئوچاق كەلسە، يەنە شۇلارغا بېرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال ئۆيلىنىۋېلىشنى ئويلىدىم. مەن شۇ خىيال بىلەن لايىق ئىزدەپ بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. تۈزۈك لايىق تېپىلغۇچە 2 ـ قېتىم گاز ئوچاق كەلدى. مەن ئىدارەمگە بېرىپ مۇناسىۋەتلىك باشلىققا تۇرمۇش قىيىنچىلىقىمنى ئېيتىپ ئىلتىماس قىلدىم. دەردىمنى ئاڭلىغان باشلىق: ئۆيلىنىپ كۆرەيلى، دېدى. نەتىجىدە 2 ـ قېتىملىق گاز ئوچاق بوۋاق بالىسى بار كادىرلارغا بېرىلدى. مەندە بۇ شەرتمۇ ھازىر بولمىغانلىقتىن بوۋاق بالىسى بار خوتۇندىن بىرنى ئېلىشنىمۇ ئويلىدىم. بىراق، مۇنداق تۇل خوتۇننىڭ بوۋىقىنىڭ دەردىنى تارتقاندىن كاناي قېقىش، تام مەش تازىلاشنى ئاسانراق كۆرۈپ، ئۇ خىيالىمدىن يېنىۋالدىم.

1979 ـ يىلى ئىدارىمىزگە 3 ـ قېتىم گاز ئوچاق كەلدى. بۇ قېتىم ئايالى يوق بويتاق كادىرلارغا تەقسىم قىلىنىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، چوڭ ئۈمىد بىلەن يۈردۈم. ئەمما 3 ـ قېتىملىق گاز ئوچاق بىنا ئۆيدە ئولتۇرغانلارغا بېرىلدى. سەۋەبى، بىنا ئۆيدە ئولتۇرغانلارنى كۈل، تۈتۈن مەينەتچىلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ.

1982 ـ يىلى كەلگەن 4 ـ قېتىملىق گاز ئوچاق بىر قەۋەتلىك كونا ئۆيدە ئولتۇرغان باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلارغا بېرىلدى. شۇ يىلى مەن «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك كادىر ئىدىم. بۇ قېتىم باشقا شەرتلىرىم تولۇپ، «مۇئاۋىن» دىن ئىبارەت كىچىككىنە سۆگەل پۇتلىشىپ گاز ئوچاق ئالالمىدىم. لېكىن شەرتلەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىم بىلەن ئۈمىدىمنى ئۈزمەي تىڭتىڭلاپ يۈردۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىدارىمىزگە 5 ـ قېتىم گاز ئوچاق كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن ئىلگىرى سۆزلەشكەن باشلىقنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مەن بۇ ئىدارىنىڭ ئۆگەي كادىرى ئەمەس، بۇ قېتىم ماڭا گاز ئوچاق بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدىم.

— كىمگە بېرىشنى رەھبەرلىك مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ. كادىرلار ئىچىدە ئۆگەي ـ پۆگەي دېگەن گەپ يوق، — دېدى زەردە بىلەن.

— سىز ئاشۇ گاز ئوچاقنى تەقسىم قىلىدىغان مۇزاكىرىگە قاتنىشىسىز. سىزنىڭمۇ پالانىغا بېرەيلى دەپ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىڭىز بارغۇ؟

— ماقۇل، بۇداقى مۇزاكىرىدە سىزنى كۆرسىتەي، — دېدى.

باشلىق مېنى كۆرسەتتىمۇ، كۆرسەتمىدىمۇ، ئۇقمايمەن. ئاڭلىسام، 5 ـ قېتىملىق گاز ئوچاق بىر پەرزەنتلىك ئائىلىلەرگە بېرىلىپتۇ. مېنىڭ ئۇرۇمچىدە ئىككى ئوغلۇم بولغاچقا بۇ شەرتكىمۇ چۈشمەپتىمەن.

1983 ـ يىلى 6 ـ قېتىملىق گاز ئوچاقمۇ كېلىپ قالدى. باشلىقلىرىمىز بۇ قېتىمقىسىغا شەرت بەلگىلەشكە ئۈلگۈرەلمىدى. سەۋەبى، ئىلگىرىكى نۆۋەتلەردە گاز ئوچاق ئالالمىغانلاردىن بىرنەچچىسى ئىشخانىغا كىرىپ، ۋارقىراپ، جېدەللىشىپ ئالدى. قالغان بىرنەچچە ئوچاق ئاغزى يۇمشاق، كۆڭلى يېقىن كادىرلارغا بېرىلدى. دېمەك، ئۆكتەم ۋە جگەرلىك بولۇش، ئاغزى يۇمشاق، كۆڭلى يېقىن بولۇش 6 ـ قېتىملىق گاز ئوچاقنىڭ شەرتلىرى بولۇپ قالدى. بۇ شەرتلەرمۇ مېنىڭ تەبىئىتىمدە بولمىغاچقا بۇ نۆۋەتمۇ لېۋىمنى چىشلەپ قالدىم.

بۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن گاز ئوچاقنى قانداق شەرتلەر بىلەن كىملەرگە بېرەر؟ ئىشقىلىپ، مەندە يوق «ئالاھىدىلىكلەر» شەرت قىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، 7 ـ قېتىم كەلگەن گاز ئوچاق تاماكا چېكىدىغان، ھاراق ئىچىدىغان كادىرلارغا بېرىلەر. 8 ـ قېتىم كەلگىنى سېمىز، بويى ئېگىز كادىرلارغا بېرىلەر. ئېھتىمال، شۇنداق

بولار.

مەن ئۇزۇن يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەكمۇ چارچىغانلىقىمدىن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم. بۇ ئىلتىماسىم 1984 ـ يىلى ئۆكتەبىردە تەستىقلانغانىكەن. بىر كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى مېنى چاقىرتتى. بارسام، ئىشخانا باشلىقى ماڭا دەم ئېلىشقا چىققانلارغا تېگىشلىك كىنىشكىنى بەردى.

ــ بۇ، ئىنقىلابقا قاتناشقان، خىزمەت تارىخى ئۇزۇن، تۆھپىكار كادىرلارغا بېرىلىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىنىشكا. بۇنى ئوبدان ساقلاڭ ھەم تولۇق پايدىلىنىڭ. ھازىر سىزنىڭ قانداق تەلىپىڭىز ۋە نېمە ئېھتىياجىڭىز بار؟ ــ دېدى ئىشخانا باشلىقى.

ــ مەن بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەمىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، بىرلا ئېھتىياجىم بار، ــ دېدىم.

ــ ئېھتىياجىڭىز نېمە؟

ــ ماڭا بىر دانە گاز ئوچاق كېرەك.

ــ بۇ بەكمۇ ئاددىي ئېھتىياج. ئالتە يىلدىن بېرى سىلەرنىڭ ئىدارىگە نەچچە قېتىم گاز ئوچاق بېرىلدى. سىزگە شۇلاردىن بىرى تەگمىدىمۇ؟

ــ تەگمىدى.

ــ ئالدى بىلەن سىزدەك كادىرلارغا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا سىز بەك ياۋاش ئوخشايسىز. ماۋۇ قەغەزنى خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىغا بەرسىڭىز سىزگە گاز ئوچاق ھەل قىلىپ بېرىدۇ، ــ دەپ كىچىككىنە تالوننى بەردى.

مەن «رەھمەت!» دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتىم، شۇ كۈنى ئىدارىمىزنىڭ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىغا بەرگەنىدىم، ئۈچ كۈندىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ گاز ئوچاق پەيدا بولدى. مەن گاز ئوچاق ئۈچۈنلا دەم ئېلىشقا چىققاندەك بولدۇم.

1991 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئەسلىمىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# جۇدالىقتىن كېيىنكى ئەسلەش




ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتلىك، ئاتاقلىق يازغۇچىمىز ۋە دراماتۇرگىمىز زۇنۇن قادىر 1989 - يىلى 24 - سېنتەبىر 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇمىد سەراپىلىرى ئۇنى پەرزەنت ۋە تۇغقانلىرىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن رەھىمسىز ۋە قاغدالما ئۆلۈم خۇددى ئۇنىڭ سايىسىدەك ئەگىشىپ شۇ يەرگە بىللە بارغان. بۇ قىسمەت ئۇ يەردىكى تۇغقانلىرىنى دىدارلىشىپ باغرى قانمىغان كۆڭۈلسىزلىككە مۇپتىلا قىلغان بولسا، بىزنىڭ قەلبىمىزنى ۋىدالىشالمىغانلىق ۋە ئۆز قولىمىز بىلەن يەرلىكىدە قويالمىغانلىق ھەسرىتى بىلەن ئەزدى.

«تۇغۇلماققا گۇمان بار، ئۆلمەككە گۇمان يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز تىرىكلەر دۇنياسىدىكى مۇتلەق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆلۈمنى تىللاۋېرىشمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئۆز ئەمگىكى ۋە پەزىلىتى بىلەن ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز يۈز يىل ياشىسا، ئەزرائىلنىڭ ھېساب دەپتىرىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ قالارمىدى، دېگەن ئەپسۇس - ئارمان بىلەن ئۆلۈمنى قارغايدىكەنمىز. ئەمما قارغىش بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنىمۇ بى-

لىمىز، لېكىن رەھىمسىز ئۆلۈمنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرىگە سەۋر ـ تاقەت، چىدام ـ غەيرەت بىلەن بەرداشلىق بېرەلەيمىز.

زۇنۇن قادىر يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ ھاياتقا باغرى قانمىغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى باھارىدىن بەھرە ئالالمىغان بوۋاي ئىدى. ئۇ قان بېسىم كېسەللىكى تۇپەيلىدىن پالەچ بولۇپ، 1989 ـ يىلى مارتقىچە ئىزچىل داۋالانغان بولسىمۇ، تىلى ۋە پۇت ـ قولى تۈزەلمىدى. شۇ ھالدا پەرزەنت ئىشقىنى باغرىغا تېڭىپ 17 ـ سېنتەبىر ئايالى ۋە بىر ئوغلى بىلەن ئالمۇتىغا بارغان. ئۇ يەردە قىزى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىننىڭ تۇتىيا تۇپرىقىنى پۇراپ يېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. ئۇ مۇشۇ بەختسىزلىكى بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزدىمۇ ئەپسۇس ـ ئارمان قالدۇرۇپ كەتتى.

زۇنۇن قادىر ھايات ۋاقتىدا دوستلۇقنى قەدىرلىگەن، كەسپداش ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىيلەن بىلەن ئېجىل ـ ئىناق ئۆتكەندى. ئۇ ئۆمرىدە ھېچكىم بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرمىغان، سەھنە تالاشمىغان، سەن ـ پەن دېيىشمىگەن، كەمتەر، چىقىشقاق، ئوچۇق ـ يورۇق، ئاددىي ـ ساددا ئادەم ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ رىقابەتچىسىمۇ يوق، كۈشەندىسىمۇ يوق، ئارتۇقچە تەلىپىمۇ يوق ئىدى.

## 1

مەن بۇ ئۇلۇغ يازغۇچى بىلەن 1947 ـ يىلى ئاۋغۇستتا غۇلجىدا تونۇشقانىدىم. شۇ چاغدا زۇنۇن قادىر ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ نەشر ئەپكارى «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىكەن. تۇرەخمەتوف مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

زۇنۇن قادىر:

— «مىلتىقىم» دېگەن شېئىرنى يازغان جەڭچى سەنمۇ؟ ياخشى يېزىپسەن. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى شېئىرلارنى ياز! — دەپ ئىلھام بەرگەن ۋە چاقچاقمۇ قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. كېيىن مەن تۇرەخمەتوفقا: «زۇنۇن قادىر كىچىك بالىدەكلا ئادەم ئىكەنغۇ» — دېگەنلىكىم يادىمدا.

1948 - يىلى ئاۋغۇستتا غۇلجا شەھىرىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى ئەھمەدجان قاسىمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەدىب ۋە ئاخباراتچىلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا «ئىتتىپاق» ناملىق بىر ئاممىباب ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

«بىزنىڭ بۇ ژۇرنىلىمىزغا سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىي ۋە دىنىي ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا تۈرلۈك مەزمۇندىكى يېڭى خەۋەرلەرگىمۇ ئورۇن بېرىلىدۇ» - دېدى ئەھمەدجان قاسىمىي.

يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زۇنۇن قادىر ماڭا:

— يىغىندىكى سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭغۇ مەترېھىم[1]! «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ھەجمى چوڭ بولىدۇ. «كۆرەش» ژۇرنىلى بىر ئېرىق بولسا، بۇ ژۇرنال بىر ئۆستەڭ. ئەمدى بۇ ئۆستەڭنى پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلەش كېرەك. سەن ئۆزۈڭ توپلىغان ھېلىقى خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرىڭنى بەر، مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلايلى، — دېدى.

مەن ئەتىسىلا خەلق قوشاقلىرى توپلانغان دەپتىرىمنى زۇنۇن قادىرغا ئاپىرىپ بەردىم. زۇنۇن قادىر، مىرسۇلتان ئوسمان ۋە مېنىڭ توپلىغان قوشاقلىرىمىز بىرلەشتۈرۈلۈپ رەتلىنىپ، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ بىر قانچە سانىدا ئېلان قىلىندى.

---

[1] كونا كەسىپداشلىرىم مېنى شۇنداق ئاتىشاتتى.

## 2

1955 ـ يىلى مەن ئىككى مىڭغا يېقىن ماقال ـ تەمسىلنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ بىر توپلام قىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئەۋەتتىم. ئۇ چاغدا ماقال ـ تەمسىللەرنى مەزمۇنى بويىچە رەتلەش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى. بۇ پىكىرنى بىرىنچى بولۇپ زۇنۇن قادىر ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. 1956 ـ يىلى ئىيۇندا مەن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كەلدىم. شۇ يىلى سېنتەبىردە ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. مەن ئىلى گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ غۇلجىدا بولدۇم. 1957 ـ يىلى فېۋرالدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» توپلىمىنى بىللە ئىشلەش ئۈچۈن زۇنۇن قادىرنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ مەن بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى ۋە ئەھۋال سورىدى. ئۇ، شۇ كۈنلەردە ماقال ـ تەمسىللەرنى مەزمۇنى بويىچە رەتلەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. قارىسام، ئۈستەل، كارىۋات، دېرىزىلەرگە دەپتەر، قەغەزلەرنى يېيىۋېتىپتۇ.

ـــ ياخشى كەپسەن، مەترېھىم، ـــ دېدى زۇنۇن قادىر، ـــ بىر ئايدىن بېرى ماۋزۇلارغا ئايرىلغان ماقال ـ تەمسىلىم يۈزگە يەتمەيدۇ. مەن بىر قارا جاڭگالنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدىم. بۇنداق گىجىك ئىشنى سەندەك سىركىپىياز ئادەم ئىشلىسە بولىدىكەن. ياخشى كەپسەن ! بۇ دەپتەرلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ مېنى ئازاد قىل. مەن ھېكايەمنى يازاي.

ئۇ ھەممە دەپتەر، قەغەزلەرنى يىغىپ ئالدىمغا قويدى. مەن كۆڭلۈمدە «بۇ توپلامنى مېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىمەكچى بولغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقماپتۇ، ئۇ ماڭا تەنە قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىم. بەزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گەپلىرىدىن راست دەۋاتقانلىقى چۈشىنىشلىك تۇرسىمۇ، كۆڭلۈمنى بىر غەشلىك چىرمىۋالدى.

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى: بۇ كىتابنى ئىككىڭلارنىڭ نامىغا يېزىۋەتتۇق، بىرلىشىپ ئىشلەڭلار، دېگەنلىكى ئۈچۈن كەلدىم. بۇ گەپنى راست دەۋاتامسەن ياكى تەنە قىلىۋاتامسەن؟ — دېدىم مەن.

— خۇدا ھەققى، راست دەۋاتىمەن. مۇشۇ دەپتەر، قەغەزلەر كۆزۈمدىن يوقالسا، مەن خاتىرجەم بولىمەن.

— ماقال ـ تەمسىللەرنى مەزمۇنى بويىچە ماۋزۇلارغا ئايرىپ رەتلەشنى سەن ئۆزۈڭ دېگەنىدىڭغۇ؟

— دېيىش ئاسان، قىلىش تەس. ئادەمنىڭ خاراكتېرى بولغاندەك، ئىشنىڭمۇ خاراكتېرى بولىدۇ. ئادەم بىلەن ئىشنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمىسا، مۇنداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. راستىمنى ئېيتسام بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ مىجەزىم كېلىشمىدى. ساڭا ئۆتۈنۈپلا قۇتۇلاي، — دېدى زۇنۇن قادىر.

مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى زۇنۇن قادىرنى «سىز» دەيتتىم. بۇ قېتىممۇ «سىز» دېسەم، «مەن سىنى ‹سەن› دېگەندىكمەن، سەنمۇ مېنى ‹سەن› دە!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز «سەن» دېيىشىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ كىچىك پېئىللىكى ھۆرمەت جەھەتتە مېنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ قىلىپ قويدى.

بىز بۇ ئىش ئۈستىدە بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ھەممە ماقال ـ تەمسىللەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتىم. 1957 ـ يىلى مايدا مەن بۇ ماقال ـ تەمسىللەر توپلىمىنى مەزمۇن بويىچە ماۋزۇلارغا ئايرىپ ئىشلەپ بولدۇم. شۇ چاغدا زۇنۇن ئاكام ئۈرۈمچىگە ـــ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەسىس قىلىنىش يىغىنىغا كەلدى. مەن ئىشلىنىپ بولغان توپلامنى ئۇنىڭغا كۆرسەتسەم، ئۇ ھەيران قالدى.

— سەن شۇنچە نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىلنى قانداق ئوقۇپ تۈگىتىپ، قانداق تاللىدىڭ؟ قانداق قىلىپ ماۋزۇلارغا شۇنچە

ئوخشاشلىق ئايرىدىڭ؟

— ھەممە دەپتەردىكى يىگىرمە نەچچە مىڭ ماقال ـ تەمسىلنى ئوقۇپ تاللاپ چىقىشىم ھەقىقەتەن ئاسان بولمىدى. تاللانغان ماقال ـ تەمسىللەرنى كارتىغا يېزىپ چىقتىم. ئاندىن ئۇنى ماۋزۇلارغا ئايرىدىم. ساڭا ئوخشاش ئۇ دەپتەردىن ئۆچۈرۈپ، بۇ دەپتەرگە كۆچۈرۈپ ئاۋارە بولمىدىم. شۇنداقتىمۇ ماۋزۇ تاللاش، بېكىتىش، بەزى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئورنىنى تېپىش مېنى خېلى گاڭگىراتتى.

— شۇڭغىچە زېرىكىپ، بۇ ئىشتىن كۆڭلۈڭ سوۋۇمىدىمۇ؟

— سوۋۇمىدى.

— ئادەم بىلەن ئىشنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش چىقتى دېگەن مانا، مۇشۇ! داداڭ گۇرۇچنىڭ كۆمىكىنى ئىلغايدىغان ئادەممىدى؟

— ھەئە، — دېدىم مەن.

— مۇنداق دە! سىركىپىيازلىق ساڭا مىراس ئۇدۇم ئىكەن ـ دە!

بىز ئىككىمىز ئۈچ كۈن (ھەركۈنى بىرنەچچە سائەت) بىللە ئولتۇرۇپ، ئارگىنالنى بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقتۇق. ئورنى تازا ئىسسىمىغان يۇزگە يېقىن ماقال ـ تەمسىلنى پىكىرلىشىپ ھەر خىل تەھلىل قىلىپ، باشقا ماۋزۇلارغا يۆتكىدۇق. ماقال دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ۋە ۋارىيانت بولالمايدىغان تۇراقلىق بىرىكمىلەرنى چىقىرىۋەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كىرىش سۆزنى قانداق يېزىش توغرىسىدا تېزىس تۈزۈپ بەردى. مەن كىرىش سۆزنى ئىككى قېتىم يېزىپ، تۆت قېتىم تۈزەتتىم. ھەر قېتىم تۈزىتىپ، قايتا كۆچۈرۈپ كۆرسەتسەم، زۇنۇن ئاكام: «بۇ جۈملەڭ قاملاشماپتۇ، مۇنۇ جۈملىنى مۇنداق ئال، بۇ جۈملىنى چىقىرىۋەت....» دەيتتى. مەسىلەن: «ماقال ـ تەمسىللەر سىنىپىي جەمئىيەتتە بىرلا سىنىپنىڭ مۈلكى بولۇپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلەيدىغان پىكىر، ئۇقۇملار بار» دېگەن مۇشۇ ئىككى جۈملىنى مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەچچە قېتىم يېزىپ يارىتالىغىنىمدىن كېيىن ئاخىر ئۆزى مۇشۇنداق تۈزۈپ بەرگەنىدى. كىرىش سۆز پۈتكەندىن كېيىن شۇ يىلى ئىيۇندا توپلامنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تاپشۇردۇم.

شۇ يىلى ئىيۇلنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتسام، تۇرەخمەتوف بىلەن تېيىپجان ئېلىيېف چاقىردى.

— سىزنى تۇرسۇن رەخىموف چاقىرتىپتۇ. ماقال - تەمسىللەر توپلىمىڭىز توغرىسىدا سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەن. تەييارلىق قىلىڭ، — دېدى تۇرەخمەتوف.

— قانداق تەييارلىق قىلىمەن؟

— ھېيتلىق كىيىمىڭىزنى كىيىپ، گالىستۇك تاقاڭ، دەيدىغان گەپلىرىڭىزنى ئويلاپ قويۇڭ. ئۇ ئادەم سىزدىن سوئال سورىشى مۇمكىن، بۇنىڭغىمۇ كۆڭلىڭىزدە تەييارلىق بولسۇن.

— ئۇنىڭ نېمىلەرنى سورايدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدىم مەن تۇرەخمەتوفنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— مانا، بۇ مۇشۇنداق سەھرالىق داڭگال ئەمەسمۇ! — دېدى تېيىپجان مېنى ئەيىبلەپ.

— بۇنى ئەيىبلىمە! تۇرسۇن رەھىموفمۇ ساددا ئادەمنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دېدى زۇنۇن ئاكام.

— تۇرسۇن رەھىموف موسكۋا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پىروفېسسورى ئىكەن، — دېدى تېيىپجان، — نەشرىياتچىلىق كەسپى جەھەتتە مۇتەخەسسىس. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بەرگىلى كەلگەن كاتتا ئادەم. ئۇ ماقال - تەمسىللەر توپلىمىنىڭ ئارگىنالىنى كۆرۈپ سەندىن خۇرسەن بولۇپتۇ. سەن تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپ قىلماي، قىلغان ئىشلىرىڭنى رەتلىك، چۈشىنىشلىك سۆزلەپ بەر. ئۇ ئادەمنىڭ سوئاللىرىغا ھودۇقماي، تەمتىرىمەي جاۋاب بەر، ئۇ كىشى سەن بىلمەيدىغان گەپنى سورىمايدۇ.

بۇ گەپ بىلەن بېشىمغا بىر غەم چۈشتى. شۇ سائەتتە تەييارلىنىپ ئۆيدىن چىقتىم. ئارىلىق ئون مىنۇتلۇق يول ئىدى. مەن شۇ كىشى تۇرغان ئىشخانىغا كېلىپ، ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى چەكتىم. «كىرىڭ!» دېگەن ئىجازەتنى ئاڭلاپ ئاستا كىردىم. تۇرسۇن رەخىموف ئۈستېپىشىمغا بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن، «ئولتۇرۇڭ!» دەپ سافانى كۆرسەتتى. مەن ئولتۇردۇم.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— مېنى چاقىرغان ئىكەنسىز.

— هە، سىز «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى توپلىمى»نى ئىشلىگەن مۇھەممەد رەھىم بولامسىز؟

— هەئە، مەن شۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇشال قىياپەتتە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— سىز نەشرگە تەييارلىغان بۇ ئۇلۇغ ئەمگىكىڭىزنى قىزىقىپ كۆرۈپ چىقتىم. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىش قىلىپسىز. بىزنىڭ ئەلدە مۇنداق ئەمگەكنى ناھايىتى يۇقىرى باھالايدۇ. سىلەردىمۇ شۇنداق باھالىنىشى كېرەك. سىز بۇ كىتابنى قانچىلىك ۋاقىتتا قانداق ئىشلىدىڭىز؟

— مەن 1940 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ۋە ماقال - تەمسىللىرىنى توپلاشقا كىرىشتىم. 1955 - يىلى ماقال - تەمسىللەرنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ تەشرىياتقا يوللىغاندىم. زۇنۇن قادىرنىڭ پىكرى بىلەن ماقال - تەمسىللەرنى مەزمۇنى بويىچە ماۋزۇلارغا ئايرىپ رەتلەپ نەشرگە تەييارلاش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ زۇنۇن قادىرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ توپلىغانلىرى بولۇپ، يىگىرمە نەچچە مىڭ ماقال - تەمسىل ماڭا تاپشۇرۇلدى. مەن بۇ توپلامنى بۇ يىل مارت، ئاپرېل ۋە ماي ئايلىرىدا ئىشلەپ تاماملىدىم.

— قانداق قىلىپ شۇنداق تېز پۈتكۈزەلىدىڭىز؟ سىزنىڭ باشقا

تۈگمەن كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمىتىڭىز يوقمىدى؟

— ئىدارەم مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ، تولۇق ۋاقىت چىقىرىپ بەردى.

— مەن سىزنى يېتەكلىگەن زۇنۇن قادىرغا، ۋاقىت چىقىرىپ بەرگەن ئىدارىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. سىزنىڭ بۇ كىتابىڭىزنى تېزدىن نەشر قىلىشقا تاپشۇرىمەن. كىتابىڭىز نەشردىن چىققاندا ماڭا بىرنى تەقدىم قىلارسىز؟

— كىتاب سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن چىقىدۇغۇ؟!

— سىزنىڭ تەقدىم قىلغىنىڭىز ماڭا قىلغان سوۋغىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ!

— ماقۇل، تەقدىم قىلاي.

— ماڭا ۋە نەشرىياتقا قانداق تەلىپىڭىز بار؟

— ھېچقانداق تەلىپىم يوق.

— ئىنىم، سىزدىن مىننەتدارمەن. خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىنى ھەرگىز توختىتىپ قويماڭ! خەير، سالامەت بولۇڭ!

بىز قول ئېلىشىپ خەيرلەشتۇق.

ئىدارىگە كەلسەم زۇنۇن ئاكام، تېيىپجان، تۇرەخمەتوف، ئابدۇكېرىم خوجىلار مېنى ئارىغا ئېلىۋالدى.

— ھە، تۇرسۇن رەھىموف نېمىلەرنى سورىدى؟ سەن نېمىلەرنى دېدىڭ؟ — دېدى تېيىپجان.

مەن بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى دەپ بەردىم. «كىتابىڭىز نەشردىن چىققاندا ماڭا بىرنى تەقدىم قىلارسىز؟» دېۋىدى، مەن «كىتاب سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن چىقىدۇغۇ!» دېدىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى.

— مانا، دېمىدىمۇ! بۇ سەھرالىق داڭگال بىر كەتكۈزۈپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ! سەن «كىتاب سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن چىقىدۇغۇ» دېمەي،

ئالدى بىلەن سىزگە تەقدىم قىلىمەن دېگەن بولساڭ، بەكمۇ ئورۇنلۇق جاۋاب بەرگەن بولاتتىڭ، ــ دېدى تېيىپجان.

ــ بولدى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. باشقا گەپ ــ سۆزلىرى جايىدا بولۇپتۇ. مەترېھىم ئىش قىلالىغىنى بىلەن سورۇن كۆرمىگەن يىگىت، ــ دېدى زۇنۇن ئاكام ماڭا قانات يېيىپ.

1957 ــ يىلى ئۆكتەبىردە تۇرسۇن رەخىموف موسكۋاغا قايتىپ كەتتى. ماقال ــ تەمسىللەر توپلىمىم نويابىردا نەشردىن چىقتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابنى تۇرسۇن رەخىموفقا تەقدىم قىلالمىدىم. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ بۇ كىتابقا بەرگەن باھاسى، مەندىن مىننەتدارلىقى ماڭا زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. كىتاب نەشردىن چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ماڭا 660 يۈەن قەلەم ھەققى بېرىلدى. مەن زۇنۇن ئاكامغا:

ــ بۇ كىتاب ئىككىمىزنىڭ نامىدا نەشر قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلەم ھەققىنى تەڭ ئالايلى، ــ دېدىم.

ــ بۇ كىتاب سېنىڭ ئەمگىكىڭ بىلەن ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ ساڭا تېگىشلىك ھالال پۇل. سەن مۇشۇ پۇل بىلەن ئائىلەڭنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋال. مەن ساڭا ئۆتەندىم، ــ دېدى زۇنۇن ئاكام.

ــ شۇنداق دېگىنىڭ ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، ئاكا! ھېچبولمىغاندا 200 يۈەننى سەن ئالغىن.

ــ ئالمايمەن، بىر تىيىننىمۇ ئالمايمەن، مۇشۇ كىتابقا مېنىڭ ئىسمىمنىڭ يېزىلىپ قالغىنىمۇ ماڭا بېرىلگەن قەلەم ھەققى. مەن سەندىن كۆپ رازى.

تېيىپجان، ئابدۇكېرىم خوجا، تۇرەخمەتوف بۇ گەپكە ئارىلاشتى.

ــ ئۇنداق بولسا، 60 يۈەننى بىزگە بەر، بىز ئاشخانىغا كىرىپ ئازراق پەيز قىلىپ ئىككىڭلارنى تەبرىكلەپ قويايلى، ــ دېدى تېيىپجان.

مەن 60 يۈەننى بەردىم. بىز رۇس كۇلۇبىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىغا كىرىپ، كەڭ ــ كۇشادە ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە خىل تاماق يېدۇق. ئۇلار ئىچىشتى، مەن ئىچمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3

1959 ـ يىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. زۇنۇن قادىر شۇ قۇرۇلتايدا بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. قۇرۇلتايدىن كېيىن زۇنۇن قادىرغا يېڭى ۋەزىپىسىگە لايىق ئايرىم ئىشخانا تەييارلاپ بېرىلدى.

تازىلىق مۇلازىمەتچىلىرى بۇ ئىشخانىنى بىرنەچچە ئايغىچە ھەر كۈنى ئېچىپ تازىلاپ، كەچتە قۇلۇپلاپ زېرىكتى. چۈنكى زۇنۇن قادىر بۇ ئىشخانىسىغا ھەپتىدە بىر قېتىممۇ كىرىپ قويمىغانلىقتىن قويغان نەرسىلەر تۇرغان جايىدا تۇراتتى. بىرەر ئاي تاقاپ قويسىمۇ، «ئاچقۇچنى بېرىڭ، ئىشخانىغا كىرىمەن» دېمەيتتى. مۇنداق «باشلىق» بىلەن تازىلىق مۇلازىمەتچىلىرىمۇ ھېيىقماستىن چاقچاقلىشاتتى.

زۇنۇن قادىر ھەر كۈنى ئىدارىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. كۆڭلى يېقىن بىرىنى گەپكە تۇتاتتى. ئۇ كۆپرەك «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بىكار ئورۇندۇق بولمىسا، ئۇستەلنىڭ بۇرجىكىدە ياكى دېرىزىدە ئولتۇرۇۋېرەتتى.

— سۆزلە، مەترېھىم، قېيىنئاناڭنىڭ يەنە قانداق «خىسلەت»لىرى بار ئىدى؟ — دېدى زۇنۇن ئاكام.

مەن ئۇنىڭغا «قېيىنئانامنىڭ خىسلەتلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئائىلەمدە بولۇپ ئۆتكەن نادانلىق ۋە خۇراپاتلىققا دائىر ئىشلارنى بىرنەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدىم. ئۇ، بۇ پاراڭغا بەكمۇ قىزىقىپ قالغانىدى.

— ئەمدى تۈگەپ قالغان ئوخشايدۇ، زۇنۇن ئاكا، — دېدىم مەن.

— ھېلىقى ماشىنا ۋەقەسىنى يەنە بىر دەپ بېرە !

1957 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ بىر كۈنى كونسۇلخانا (ھازىرقى مەدەنىيەت نازارىتى) دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر ماشىنا ئۇن ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى ئالدى قانتى بىلەن ئۇرۇۋەتكەنىدى، بالا يولنىڭ چېتىگە دۇم چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. قېيىنئانام ئۆلگەن بالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن. مەن ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرسەم، شۇ ۋەقەنى ئىچ ئاغرىتىپ، ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ بەردى:

«ماشىنا دېگەن بىر ئاپەت ئىكەن، بالام. ئۇنىڭغا تېگىپلا كەتكەن ئادەم ئۆلىدىكەن ئەمەسما ! ھۆكۈمەت شۇنداق بىر نېمىنى نېمىشقا ياساۋېرىدىغاندۇ!...»

«شۇنى دېمەملا، ئانا. تۆمۈرچىلەرمۇ پىچاقنى ياساۋېرىدىكەن، ئۆتكەن ھەپتە ساي بويىدا ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىگە پىچاق تىقىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ!» دېدىم مەن.

بۆلۈمدىكى ھەممەيلەن كۈلۈشتى. زۇنۇن ئاكامۇ بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغاندەك مەززە قىلىپ كۈلدى.

— ھە، ئۇنىڭدىن كېيىن قېيىنئاناڭ نېمە دېدى؟

— قېيىنئانام ساددا بولغىنى بىلەن بوش كەلمىدى.

«ھەقچان ئۇلار ھاراق ئىچىشىپ پىچاق سېلىشقاندۇ. پىچاق بولمىسا مەن سىلەرگە تاماقنى قانداق ئېتىمەن، بالام !» دېدى.

«ماشىنا بولمىسا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئاتمىش كۈندە كېلىدىلا ئەمەسمۇ!» دېدىم مەن.

«ھېچ ۋەقەسى يوق، جان ئېسەن بولسا، 60 كۈن دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس. ياش ۋاقتىم بولسا ھارۋا بىلەنمۇ كېلىۋېرەتتىم. بالام، ئەمدى قېرىپ قالدىم. يول ئازابىنى تارتقۇچىلىكىم قالمىدى.

قېيىنئانامنىڭ بىردەمدىلا گېپىدىن يېنىۋالغىنىغا ئايالىم ئىككىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى زۇنۇن ئاكامغا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىم: قېيىنئانام كورىنى ئېلىپ، كوچىدىكى تۇرۇبىدىن سۇ ئەكىرگىلى چىقىپ كېتىپ، بەك ئۇزاقتا كىردى. قارىسام، كورىنىڭ ئىككىلا قۇلىقى يوق. گىرۋىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كىردى.

«ئانا، كورىنىڭ قۇلاقلىرى قېنى؟» دېدىم مەن.

«كورىغا سۇنى تولدۇرۇپ بىر قۇلىقىدىن كۆتۈرسەم، قۇلىقى ئاجراپ كېتىپ، سۇ تۆكۈلۈپ كەتتى. كورىغا يەنە سۇ تولدۇرۇپ ساق قۇلىقىدىن كۆتۈرسەم، ئۇمۇ ئاجراپ كەتتى. مانا، گىرۋىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كىردىم» دېدى.

«كورىنى ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرسىلە ئاجراپ كەتمەيتتى ئەمەسمۇ؟»

«بىز قەشقەردە چۆگۈنىنى بىر قۇلىقىدىن تۇتۇپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمىز. سىلەر كورىنى ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇشنى كۆرسىتىپ قويمىدىڭلارغۇ!» دەپ ئەيىبنى بىزگە ئارتىپ قويغانىدى.

— سىنىڭ قېيىنئاناڭ تۇغما ساددا خوتۇنلاردىن ئىكەن، يەنە گەپكە سال، ھەرگىز ئاغزىنى تۇۋاقلايدىغان، كۆڭلىگە تېگىدىغان گەپلەرنى قىلما. رايىنى قايتۇرۇپ قويساڭ، سۆزلىمەي تۇرۇۋالىدۇ. ئۇستىلىق بىلەن گېپىگە گەپ ياندۇرساڭ، ئاجايىپ قىزىق گەپلەر چىقىدۇ. مېنىڭ ئۇنداق قېيىنئانام بولسا، زېرىكمەي پاراڭلىشاتتىم، — دېدى زۇنۇن ئاكام.

شۇ كۈنلەردە زۇنۇن قادىرغا شۇنداق ۋەقەدىن ئون نەچچىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قويۇن دەپتىرىگە كىتىر - كىتىر قىلىپ بىرنېمىلەرنى يېزىۋالاتتى. پەرىزىمچە، ئۇنىڭ يېزىۋالغىنى ۋەقەنىڭ مېغىزلىق يەرلىرى ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ گەپ - سۆزلىرىدىن تۇرمۇشنى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە كۆزىتىدىغانلىقى، پېرسوناژ بولالايدىغان شەخسنى چوڭقۇر ئۆگىنىدىغانلىقى ئايان ئىدى.

## 4

ئەپسۇسكى، 1963 ـ يىلىدىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى سىياسىي ھەرىكەت بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى. ئۇ سۈرگۈن قىلىنىپمۇ ئارام تاپمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا كۆپ قېتىم كۈرەشكە تارتىلدى، سازايى قىلىندى، تاياق يېدى، يۈز ـ كۆزى ھەر خىل سىر بىلەن سىرلاندى. تاياق زەربىدىن ئۈتتۈر چىشلىرىدىن ئايرىلدى. كۈرەش قىلماي، تەنقىدلىگەندە «خۇداغا شۈكۈر» دەيدىغان بولدى. 1980 ـ يىلى ئۇ ماڭا بىر قېتىملىق كۈرەشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندى.

1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىراق مېنى يەنە كۈرەشكە ئېلىپ چىقتى. بۇ قېتىمقىسى باشقىچەرەك بولدى. «غۇنچەم» دېگەن كىتابىمنى تېشىپ بوينۇمغا ئاستى. باش ۋە يۈز ـ كۆزلىرىمنى كۆك، يېشىل سىر بىلەن بويىدى. ئاندىن سازايى قىلىپ كوچا ئايلاندۇردى. قولۇم ئارقامغا باغلانغان. بېشىمدىكى سىر ئېقىپ كۆزلىرىمگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئېچىشتۇرۇشىغا ھېچ چىدالماي تولغىنىپ كەتتىم. «بۇگۈنكى كۈرەش دەھشەتلىك باشلاندى. قانچىلىك تاياق يەرمەن ... ھايات قالارمەنمۇ؟...» دېگەن ئەندىشىلەر بىلەن چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىمنى ئاز ـ ئاز ئېچىپ كېتىۋاتىمەن. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى كۆزلىرىمگە ئېقىپ چۈشكەن سىرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋەتتى. «يائاللا ! — دېدىم كۆڭلۈمدە، — شۇنچىلا رەھىمسىز، قارا يۈرەكلەرنىڭ ئىچىدە ماڭا شەپقەت قولىنى سوزالايدىغان باتۇر ئادەممۇ بار ئىكەن ـ ھە ! مىڭ ياشقا كىرگىن، ئوغلۇم !»

شۇ ھامان بىر مۇتتەھەم ئۇنىڭغا:

«ھەي، سەن نېمىشقا بۇنىڭ كۆزىنى سۈرتۈپ قويىسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«بىز ئۇنىڭ ئىدىيەسى بىلەن كۈرەش قىلىمىز. جىسمانىي جازا قوللانساق توغرا بولمايدۇ» دەپ رەددىيە بەردى.

«قانداق قىلساق ئىختىيارىمىز، شىۋجېڭجۇيىچى دېگەنگە ئۇۋال بولمايدۇ!» دېدى يەنە بىر تەلۋە مۇتتەھەم.

مەھەللىنىڭ بىر چېتىگە بارغاندا مېنى سۇپا ئۇستىگە چىقىرىپ، قولۇمنى يېشىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى.

«سەن مۇشۇنداق زەھەرلىك كىتابتىن نەچچىنى يازدىڭ؟» دەپ سورىدى تاياقنىڭ ئۇچى بىلەن بوينۇمدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ.

«مەن كۆپ كىتاب يازالمىدىم. يازغان كىتابلىرىم زەھەرلىك ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردىم.

«يالغان سۆزلىمە! يازغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك چۆپ! بىز بۇنداق كىتابلارنى كۆيدۈرىۋېتىمىز!»

«ھېلىمۇ نۇرغۇن كىتابنى كۆيدۈرۈپ بولدۇڭلار. سىلەر كۆيدۈرگەن كىتابلار بىر كۈنى ياقاڭلاردىن تۇتىدۇ!» دېدىم. بۇ جاۋابىم ئۇنىڭ تېلىنى قېقىۋەتكەن بولسا كېرەك. «تارت تىلىڭنى!» دەپ ئاغزىمغا بىر مۇشت ئۇرۇۋىدى، بىرنەچچە ئۇتتۇر چىشىم سۇنۇپ كەتتى.

تىلىمنى مىدىرلاتسام تىلىمنىڭ ئۇستىدە ھەم ئاستىدا سۆڭەك پارچىلىرى تۇرغانلىقىنى سەزدىم - دە، ئوڭ قولۇم بىلەن ئاغزىمنى تۇتۇۋالدىم. ئالقىنىم قان بىلەن تولدى. قان بارماقلىرىم ئارىسىدىن چېپىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئاكتىپلار» يەنە ئۇرۇشقا پېتىنالماي قالدى. بىر توپ ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ ياۋۇزلۇقنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

«بىز مۇشۇنداق قەلەم كۈرىشى قىلىپ، سېنىڭ بۇزۇق كاللاڭنى تۈزەيمىز!» دېدى بىر مۇتتەھەم.

«بۇ، قەلەم كۈرىشى بولسا، بۇ قان قەلەمنىڭ سىياھىمۇ؟ — دېدىم ئالقىنىمدىكى قاننى كۆرسىتىپ. بۇ جاۋاب بىلەن ھېلىقى

مۇتتەھەمنىڭ زوۋانى تۇتۇلدى. بىراق يەنە بىرى:

«سەن بۇ يەردە گەپدانلىق قىلماي، جىنايىتىڭنى تونۇ!» دەپ ھۆركىرىدى.

بىر ھەپتىگىچە ئاغزىم ئاغرىپ، بىرنەرسە يېيەلمەي ئۇماچ ئىچتىم. تۆكۈلگەن چىشلىرىمنىڭ ئورنى بىر ئايدا ئاران ساقايدى. مانا، مەشەدىكى چىشلار!... — دەپ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسەتتى زۇنۇن قادىرى، — ئۇ قاباھەتلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، ئۆمرۈمنىڭ قىممەتلىك ئون يەتتە يىلى شۇ سۈرگۈندە زايە بولۇپ كەتتى!... ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە رودۇپاي كېسەللىكنى بەدىنىمگە يۇقتۇرۇپ قايتىپ كەلدىم.

ئۇ بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن غەمكىن ھالدا ئىككى ئالىقىنى بىلەن تىزلىرىنى سىلاپ ئولتۇردى. ئىككىمىز بىرپەس ئېغىر جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ كەتتۇق.

زۇنۇن قادىرنىڭ مۇشۇ ئېچىنىشلىق كەچمىشى مەندە شېئىرىي ئىلھام قوزغىغانىدى:

## شۇ كىتاب

ئەنە، كەلمەكتە شوئار توۋلاپ يەنە بىر توپ كىشى،
ئالدىدا بىر غەيرىي ئادەم ... شۇمىكىن توپنىڭ بېشى.

ئۇ ئەمەسكەن توپ بېشى، مەھكۇم، سازايى چال ئىكەن،
زەپمۇ خارلاپتۇ ئۇنى ئاشقاندا ئەللىكتىن يېشى.

قورققۇدەك ھەيۋەت بويالغان باش - كۆزى كۆك سىر بىلەن،
مۇكچىيىپتۇ يەلكىدىن باسقاچ ئېغىر كۆلپەت تېشى.
تاختا ئاسقاندەك ئېسىپتۇ بىر كىتابنى بوينىغا،
ۋادەرىخ، بولدى ئايان بۇ ناتىۋاننىڭ قىلمىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەلۋە ئازغۇندىن بىرى قىلدى سوراق بىچارىنى،
— ئېيتقىنا، قانچە كىتاب يازدىڭ ئۆزۈڭ يازۇ قىشى؟

چال دېدى: — ئەپسۇس، مېنىڭ يازغان كىتابىم كۆپ ئەمەس،
بۇ كىتاب — ئەجرىم، ئىجادىم بېغىنىڭ بىر كىشمىشى.

— جۆيلىمە، يازغانلىرىڭ كىشمىش ئەمەس، ئوغا - زەھەر،
بۇ كىتابنى كۆيدۈرۈش ئىسيانچىلارنىڭ ھەق ئىشى.

— كۆيدۈرۈپ بولدۇڭ كىتابلارنى، بۇگۈن كۆيدۈر مېنى،
تۇتىدۇ بىر كۈن ياقاڭدىن ئەل - ۋەتەننىڭ قارغىشى.
تارت تىلىڭنى ! — دېدى ئازغۇن، ئۇردى چالنىڭ ئاغزىغا،
بولدى ھەر مۇشتقا بەدەل بىر نەچچە تال ئۇتتۇر چىشى.

شۇندا مەھكۇم ئاغزىنى ئوڭ قول بىلەن قالدى تۇتۇپ ...
قوزغىدى نەپرەت - غەزەپ قاننىڭ چىپىلداپ ئېقىشى.

دېدى ئازغۇن: — ئاستا - ئاستا تۇزىلەر كاللاڭ سېنىڭ،
بىز مۇشۇنداق ھەر قېتىم قىلغاندا قەلەم كۈرىشى.

— بۇ، قەلەم كۈرىشكەن، بۇ قان قەلەم سىياھىمۇ؟
دەپ سوئال قويغاندا چال، تۇنجۇقتى تۆھمەت دەرۋىشى.

يەڭدى چال ئازغۇننى شۇنداق گۈرزىدەك مەنتىق بىلەن،
ئاشتى چەكتىن شۇندا ئازغۇننىڭ بىشەملىك خاھىشى...

* * *

يورغا يىللاردىن ئۆتۈپتۇ ئون ئۈچى شۇندىن بۇيان،
كەڭ ـ كۇشاتلىق تاپتى ئەل، قوغلاندى كۇلپەت تەشۋىشى.

تاپتى ئالتۇن قەدرىنى ئۆتكەندە زەرگەر ئىلكىگە،
تاپتى قىممەت، تاپتى جاي ھەربىر بىناكارنىڭ خىشى.

قارىلانغان شۇ كىتابمۇ چىقتى قايتا سەھنىگە،
ھەر كۆرۈپ ياغماقتا ئەلنىڭ چىن يۈرەكتىن ئالقىشى.

شۇ كىتابنىڭ ئىسمى «غۇنچەم»، دەرد ـ ئەلەم كارتىنىسى،
قەدرى ـ قىممەتتە ئۇنىڭ گۆھەر بولالماس تەڭدىشى.

1980ـيىلى 15ـفېۋرال، ئۈرۈمچى

بىركۈنى بىز شۇ ھويلىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. مەن بالىلىق چېغىمدا غۇلجىدىكى تائالىيە مەكتىپىدە (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە) ئوقۇغانلىقىمنى سۆزلەپ كېلىپ:
ـ سىنىڭ ئاكاڭ تۇردى قادىر بىزگە تىل دەرسى بەرگەنىدى، ـ دېدىم مەن.
ـ شۇ ئاكامنىڭ قاچان ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلەمسەن؟
ـ 1939 ـ يىلى مارتتا شەھەر ئىچى تازا پاتقاق مەزگىلىدە يىگىرمە نەچچە يېشىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. مەكتىپىمىزنىڭ ھەممە ئوقۇغۇچىلىرى تىزىلىپ بېرىپ، ئۆلۈم مەرىكىسىگە قاتناشقانىدۇق.
ـ خاتىرەڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، مەترىھىم. ئۇنداق بولسا، سەن مېنىڭ مىراس شاگىرتىم ئىكەنسەن.
شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ مىراس شاگىرتى بولغانلىقىمنى بىلەنمۇ پەخىرلىنىدىغان بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 5

1979 ـ يىلى ئىيۇلدا زۇنۇن قادىر سۈرگۈندىن قايتىپ كەلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بالىچاقىلىرى بىلەن جەم بولۇپ، نەنمېن (ئاققوۋۇق)دىكى بىز ئولتۇرغان ھويلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى خېلىلا ئاجىزلاشقانلىقتىن پىيادە ئۇزۇنراق يول يۇرەلمەيتتى. شۇڭا كۆپ ئۆتمەي ھاسىغا چۈشۈپ قالدى. چاقىرغان سورۇنلارنىڭ بەزىلىرىگە ماشىنا بىلەن باراتتى. كۆپرەك داۋالىنىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۆيدە ئارام ئېلىپ يېتىپ، زېرىككەندە ھويلىغا چىقىپ بىز بىلەن پاراڭلىشاتتى. بىز ئۇنىڭدىن سۈرگۈن قىلىنغان كۈنلەردە كۆرگەن كۈنلىرىنى سورىساق، كەمدىن ـ كەم سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ قاباھەتلىك كۈنلەرنى مۇمكىنقەدەر تېزرەك ئۇنتۇپ كېتىشنى خالايتتى. ھېلىقى دەھشەتلىك كۈرەش قىلىنغان ۋەقەنى بىزگە تەسلىكتە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ۋاپادار ئايالى زىلەيخان ئۇنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ياخشى كۈتكەنىدى. زىيانلىق يېمەك ـ ئىچمەكتىن قوغدايتتى. پىيادە يول يۈرۈپ ھاردۇق يېتىپ قېلىشتىن ئاسرايتتى. ئۆينىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايتتى. خۇسۇسەن ھاراق ئىچىشتىن قاتتىق چەكلەيتتى. زۇنۇن ئاكام بەزىدە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ياكى كۆڭۈلسىز خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى رومكا ئىچىۋالاتتى. ئۇ ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ قاتتىق مەست بولۇپ گەپتىن ئازغان ئادەم ئەمەس ئىدى. يازغۇچى، شائىرلار، مۇخبىرلار ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن پات ـ پات كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. ئۇلارغىمۇ كەچمىشلىرىنى ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن سۆزلەپ بېرەتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن قىزغىن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆھبەتلەشكىنىنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇ چۈشكۈنلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەسلىمىلىرىنىڭ كەم ـ كوتا ۋە ئىزچىل

ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. شۇڭلاشقا مېنىڭ بۇ ئەسلىمەممۇ كەم - كوتا ۋە ئىزچىل بولماي قالدى.

مەن بۇ ئەسلىمىنىڭ ھەربىر ئابزاسىنى يېزىۋاتقاندا زۇنۇن قادىرنىڭ سۆيۈملۈك ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى. سۈرگۈن قىلىنغان يىللاردىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى يېزىۋاتقىنىمدا قولۇم تىترەپ يېزىشتىن توختاپ قالدى. ئۆپكەم ئۆرلەپ ئۈنسىز يىغلاپ تاشلىدىم. كۆز ياشلىرىم قەغەز ئۈستىگە تامچىلىدى. مۇشۇ ھالىتىمنى بالىلىرىم كۆرسە، «نېمە بولدۇڭ، دادا؟» دەيتتى. بالىلىرىم كۆرمىدى.

مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ كۆڭلۈمگە تەسەللى ئىزدەپ سىرتقا چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى يەنە يېزىشنى داۋاملاشتۇردۇم. «سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز» دېگەندەك، خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانىنى نابۇت قىلغان، مىليونلىغان گۆھەر كىتابلارنى كۈلگە ئايلاندۇرغان، قىممەتلىك ئابىدىلەرنى دەسسەپ چەيلىگەن جىنايەتكار يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما شۇ يىللاردا زۇنۇن قادىرنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەر قولىغا قەلەم تۇتقۇدەك ماغدۇرىنىمۇ قويمىغانىدى. شۇڭلاشقا سۈرگۈندىن كېيىنكى يىللاردا تۈزۈك بىرنەرسە يازالمىدى. «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى باقى بوۋايدەك ماغدۇرسىزلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشلىق ھېس - تۇيغۇلىرىم قايغۇ بىلەن گىرەلىشىپ، بۇ جۇدالىقنىڭ ۋەزنىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ئەلۋىدا، زۇنۇن ئاكا! سېنىڭ ئۆلمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرىڭ، سۆيۈملۈك ئوبرازىڭ خەلق قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ قالدى!

1990 - يىلى سېنتەبىر

2005 - يىلى ئاۋغۇست 2 - قېتىم كېڭەيتىپ يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1950 ـ يىللاردىكى چاقچاقلار

مەن 1956 ـ يىلى ئىيۇندا قەشقەردىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلدىم. 1957 ـ يىلى مايدا داۋۇت تۇرەخمەتوف ئىككىمىز يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ كېلىۋالدۇق.

شۇ كۈنلەردە مەن بۇ ئىدارەمدە ئىلمى ھاۋاسىنى سەزدىم. ئىلمى تۇرمۇشنى كۆردۇم ۋە ئىلمى چاقچاقلىرىنى ئاڭلىدىم. شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭمۇ مۇشۇ مۇھىتقا ماسلىشىپ، ئىلمىلىقلاردىن قېلىشمايدىغان چاقچاقچى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇلارچىلىك بولالمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلاندىم. ئىش قىلىشتا ھېچكىمدىن قېلىشمىساممۇ، چاقچاقتا تولىمۇ گال ئىدىم. شۇڭلاشقا مەن چاقچاقلارغا ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشتىن باشقا ھەسسە قوشالمايتتىم. بۇ ئىدارىدىكى چاقچاقنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مۇھەممەتسىدىق نورۇز ئىدى. بۇ قامەتلىك، يارىشىملىق كىيىنگەن، ئۆز كەسپىگە قابىل، خىزمەتكە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئەدىب ئىدى. ئۇ ژۇرنال خىزمىتىدىن باشقا، بىرلەشمىمىز تەركىبىدىكى ئىجادىيەت كوللېگىيەسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ خىزمەتداشلىرىغا، ژۇرنال ئەتراپىدىكى ئاپتورلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. يالغانچىلىق، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنى بىلمەيتتى.

بىراق، ئۇنىڭ بېشىنىڭ يوغانلىقى، دۈمبىسىنىڭ بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى، چاقچاق بىلمىگەنلىكى ئۇستىگە بىر ئاز تېرىككەكلىكى ئۇنىڭ چاقچاق ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئىدى. ئەمما جايىغا چۈشكەن چاقچاقلارغا ئۆزىمۇ كۈلۈپ كېتەتتى. چاقچاق باشقىلار ئۈستىدىمۇ بولۇپ تۇراتتى. لېكىن باشقىلارنىڭ تېرىكمىگەنلىكى

ئۇچۇن ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. ئومۇمەن كىمنىڭ ئۇستىدە بولسۇن ئارگىناللىققا ئىگە بىر قىسىم چاقچاقلار ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ ئىدارىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بولغاچقا يۇمۇرلۇق چاقچاقلار بۇلارنىڭ دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، دەرۋازا ئالدىغا يىغىلغاندا چاقچاق باشلىناتتى.

بۇ سورۇنغا چاقچاقچى ۋە چاقچاقتىن ھوزۇرلىنىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر تىلىغا مۇكەممەل خەنزۇ يولداشلارمۇ قاتنىشىپ قالاتتى. بۇ سورۇننىڭ ئەھلى كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلار بولغىنى ئۈچۈن مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىققا تاقىلىدىغان چاقچاقلار بولۇنمايتتى.

1952 ـ يىلىدىن باشلانغان بۇ چاقچاقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەن ئۇلارنى تولۇق ئەسلىيەلمىدىم. 1957 ـ يىلىدىن ئاۋۋالقىلىرىنى خىزمەتداشلىرىمدىن ئاڭلىغانىدىم. مانا شۇ ئاڭلىغان ۋە داخىل بولغانلىرىمنى ئەسلەپ يېزىپ چىقتىم. بۇ ئەسلىمىلەر ئىدارىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىناق ۋە قىۋناق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالغاي.

## يېڭى لۇغەت

بۇ 1953 ـ يىلى بولۇپ ئۆتكەن گەپ. بىر كۈنى ياسىن خۇدابەردى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ، يولداشلاردىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

ـــ ئىشلىرىڭلار قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرەر ئىش قىلىۋاتامسىلەر؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك دەيسىزغۇ! تازا باش قاتۇرىدىغان بىر ئىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشلىغۇەتتۇق، ــ دېدى ئابلەي روزى.

مۇھەممەتسىدىق «باش» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئابلەيگە چەكچىيىپ قارىدى.

ــ قانداق ئىش ئۇ؟ ــ سورىدى ياسىن خۇدابەردى.

ــ «باش» سۆزىدىن تۈرلەنگەن سۆز ۋە ئاتالغۇلاردىن بىر يېڭى لۇغەت ئىشلەۋاتىمىز. مەسىلەن، باش يول، باش ۋەزىپە، باش كاتىپ، باش ئەلچى، باش ئىشتاب، باشمالتاق. باشلىق، يولباشچى، باشباشتاق، يىل بېشى، ئاي بېشى، قۇر بېشى، يىگىتبېشى، موزايبېشى... دېگەندەك.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق، مۇھەممەتسىدىقمۇ تىرىكشىنى بىئەپ كۆرۈپ ھىجىيىپ قويدى.

## قىينچىلىق

بىركۈنى مۇھەممەتسىدىق تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى سوراپ ئىدارە باشلىقىغا ئىلتىماس يېزىپتۇ. ياسىن خۇدابەردى بۇ ئىلتىماسنى ئوقۇپ ھەيران بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى ۋە مۇھەممەتسىدىققا:

ــ سىزنىڭ مائاشىڭىز مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرۇپ، يەنە قۇتقۇزۇش پۇلى سوراپ ئىلتىماس يېزىپسىزغۇ؟ ــ دېدى.

مۇھەممەتسىدىق بىرمۇنچە سەۋەبلەرنى سۆزلەپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئابلەي روزى مۇنداق دېدى:

ــ مۇھەممەتسىدىقنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى يالغان، ئۇ ھەقىقىي قىينچىلىقىنى يوشۇردى. ئۇنىڭدا بىزنىڭ ھېچقايسىمىزدا يوق بىر قىينچىلىق بار. ئۇ بولسىمۇ باش قىينچىلىقى. مۇھەممەتسىدىق نەنلياڭ (ئۈچ تاش) دىن دۆڭكۆۋرۈككە قاراپ ماڭغاندا ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ بىر غەم چۈشىدۇ. مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭدىن پەسكە چۈشكىچە يوغان بېشى مەڭدەپ دومىلاپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئۈششاق

بالىلارغا پۇل بېرىدىكەن. بالىلار ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، دوختۇردىن ئاستا چۇشۇرۇپ قويىدىكەن.

ھەممىمىز كۈلۈشتۇق، ياسىن خۇدابەردىمۇ كۈلۈپ كەتتى، مۇھەممەتسىدىق ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەرقايسىڭ بار يەردە ماڭا كۈن يوقمۇ... — دېدى - دە، پېشىنى قېقىپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى.

## تىلى رۇسچە چىققان بوۋاق

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، مۇھەممەتسىدىق ئۆزىچە ماختىنىپ:

— مېنىڭ بوۋاق قىزىمنىڭ تىلى رۇسچە چىقىدىغان ئوخشايدۇ. ئاپىسىنى «ماما»، مېنى «پاپا» دەيدىغان بولدى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، خوتۇنۇڭنىڭ قورسىقىدا رۇس مەكتىپى بار ئىكەن، — دېدى ئابلەي روزى.

## پىشاك

بىز ھەركۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چۈشۈشتىن ئىلگىرى بىر سائەت سىياسىي ئۆگىنىش قىلاتتۇق، بۇ ئۆگىنىشنى مۇھەممەتسىدىق باشقۇراتتى. بۇ ئىدارىدىكى ئۇيغۇر، قازاق كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خىزمەتكە ئەستايىدىللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭ - كىچىك ئىشلارغا شۇنى مەسئۇل قىلىپ قوياتتى. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىدىن چاقچاققا زېمىن ھازىرلىنىپ قالاتتى.

بىركۈنى ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە مۇھەممەتسىدىق كېچىكىپ قالدى. ئۇنىڭ چوڭ قىزىنىڭ بىر يوغان كالتەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قالدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەنە مۇھەممەتسىدىقنىڭ قىزى! دادىسى نېمىشقا ئۆگىنىشكە كېلەلمىدى، سوراپ باقايلى ! — دېدى ئارىمىزدىن بىرى.

ئابلەي زورى:

— بۈگۈن كېچە مۇھەممەتسىدىقنىڭ بېشى ياستۇقتىن چۈشۈپ كېتىپتىكەن، شۇنى پېشاڭ بىلەن كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىزى ئاشۇ كالتەكنى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

## قىزىل ئۆتۈك

بىر كۈنى مۇھەممەتسىدىق ئىدارىگە قىزىل ئۆتۈك كىيىپ كەلگەنىدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ: «بۈگۈن نېمە ئۈچۈن قىزىل ئۆتۈك كىيىپ كەلدى؟» دېگەن تېما ئۈستىدە ھەجۋىي مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى.

— بۈگۈن مۇھەممەتسىدىق ئايالىنىڭ ئۆتۈكىنى كىيىۋاپتۇ، — دېدى بىرەيلەن.

— ياق، ئۇ بۈگۈن ھېلىقى ئۇسسۇلچى دوستى يادىكار قىلغان قىزىل ئۆتۈكنى كىيىپ كەپتۇ.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ قىزىل ئۆتۈك كىيگىنى — مومىسىنى ياد ئەتكىنى !

ھەركىم ھەرنېمە دەپ چاقچاق قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ «يوغان باش» دېگەن لەقىمىگە باغلىيالمىدى. ئاخىرىدا تېيىپجان بۇ چاقچاقنى جايىغا چۈشۈردى:

— بۈگۈن مۇھەممەتسىدىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى باش تەرەپتىن ئاياغقا تارتىش ئۈچۈن قىزىل ئۆتۈك كىيىپ كەپتۇ.

ئىدارە قورۇسىنى كۈلكە قاپلىدى.

## كاللا

بىر كۈنى ئۆگىنىشتە قىزغىن مۇزاكىرە بولۇۋاتاتتى. مۇھەممەتسىدىق تەمىنات توغرىسىدىكى بىر ئىشنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مۇشۇ مەسىلە مېنىڭ كاللامغا زادى سىغمىدى، — دېدى. رەخىم قاسىم دەرھال:

— سىزنىڭ كاللىڭىزغا سىغمىغان بولسا كىمنىڭكىگە سىغار!

— دېيىشى، مەجلىسخانىمىزدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مۇھەممەتسىدىق ئۆزىنىڭ لەقىمىنى ئۆزى دەپ سالغىنىغا پۇشايمان ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

## تۇتۇن چىقىدۇ

بىر - ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئىدارىمىز قىشلىق كۆمۈر پۇلى تارقاتقانىدى. ھەپتىلىك سىياسىي ئۆگىنىش ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش مىنۇتلىرىدا بەزىلەر مۇھەممەتسىدىقتىن موخوركا سوراپ تاماكا چېكىشتى.

— ئاداش، سېنىڭ موخوركاڭ ئاجايىپ ياخشىغۇ! نەدىن ئالدىڭ؟

— دەپ سورىدى بىرەيلەن.

— دۆڭكۆۋرۈكتىكى بىر ئۇيغۇر بالىدىن ئالدىم. قارىسام، غۇلجا موخوركىسى ئىكەن. بىر كىلوگىرام ئېلىپ ئۆيگە تاشلاپ قويدۇم.

— سەن موخوركىنى مۇنداق جىق ئالمايتتىڭ، قايسى پۇلغا ئالدىڭ؟

— ئۈلۈشكۈنى تارقاتقان كۆمۈر پۇلىغا ئالدىم. كۆمۈردىنمۇ تۇتۇن چىقىدۇ، موخوركىدىنمۇ تۇتۇن چىقىدۇ، — دېدى مۇھەممەتسىدىق.

— ئەتە - ئۆگۈن سوغۇقتا توڭغاندا كاللىڭىزدىن تۇتۇن چىقىدۇ، — دېدى شۇكۇر يالقىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## خەنزۇچىغا «ئۇستىلىقى»

بىركۈنى ئەتىگەنلىك ئۆگىنىش ئالدىدىكى ئۆزئارا پاراڭدا مۇھەممەتسىدىق تۈنۈگۈن ئاپتوبۇستا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

ــ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى قىستاڭچىلىق ئىكەن، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر خەنزۇ ئايالنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالغانىدىم، ئۇ ئايال بىرنېمىلەرنى دەپ خاپا بولۇپ كەتتى. مەن «شې شې نى» دېسەم تېخىمۇ ئاچچىقلاپ تىللاپ كەتتى، ــ دېدى.

ــ ئەگەر بىركىم سىزگە ئورۇن بەرگەن بولسا نېمە دەيتتىڭىز؟

ــ دەپ سورىغۇدى بىرەيلەن.

ــ «دۇي بۇچى» دەيتتىم، ــ دېدى مۇھەممەتسىدىق.

ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق.

ــ خەنزۇچىنى سىزدىن ئۆگەنسەم بولىدىكەن، ــ دېدى شۈكۈر يالقىن.

## گۈمبەز

1957 ـ يىلى مايدا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا بېيجىڭدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرنەچچە جۇمھۇرىيەتتىن ۋەكىل ۋە مېھمانلار كېلىپ قاتناشتى. مۇشۇ داغدۇغىلىق يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى. يىغىن داۋامىدا خەلق تىياتىرىدا كىنو، كونسېرت ۋە «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسى كۆرسىتىلدى.

يىغىن ئاخىرلىشىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىز ئىشتىن چۈشۈپ

قورۇدا ئولتۇرساق، بېيجىڭدىن كەلگەن ئىككى خەنزۇ يولداش كىرىپ كەلدى. ئۇلار خەنزۇ تىلىدا:
— مەسئۇل يولداش كىم؟ — دەپ سورىدى.
بىر نەچچەيلەن مۇھەممەتسىدىقنى كۆرسىتىپ:
— مانا، مۇشۇ كىشى! — دەپ ئۇنى ئالدىغا چىقاردى.
ھېلىقى ئىككى خەنزۇنىڭ بىرى ئوڭ قولىنى مۇھەممەتسىدىقنىڭ بېشىدا ئايلاندۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇ خەنزۇچە بىلمىگەنلىكتىن ئابدۇكېرىم خوجىدىن:
— نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئابدۇكېرىم خوجا گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ:
— بىز بۇ گومبەزنى خەلق تىياترىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈۋىدۇق، بۇگۇن بۇ يەردە تۇرىدۇغۇ؟ — دېدى، — دەپ تەرجىمە قىلىۋىدى، مۇھەممەتسىدىق «ئاناڭنى ...» دەپ تىللىغىنىچە كەينىگە قارىماي ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. جايىغا چۈشكەن بۇ چاقچاقتىن ھەممىمىز بىر ھازاغىچە كۇلۇشتۇق، ئابدۇكېرىم خوجا بۇ چاقچاقنى شۇ ھامان خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى، ھېلىقى خەنزۇ يولداشلارمۇ كۇلۇشۇپ كەتتى.

## ئۆزىتىش

1961 ـ يىلى ئاپرېلدا ئىدارىمىزدىكى بىر قىسىم كادىرلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىراژدانى بولغىنى ئۇچۇن شۇ ياققا چىقىپ كېتىشكە تەييارلاندى. چىقىپ كېتىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەتسىدىقمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى سەككىز يىللىق تۇرمۇشىنى ناھايىتى پۇختىلىق ۋە تېجەشلىك بىلەن سەرەمجانلاشتۇرغانىدى. ئۇ ئىسراپچىلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەس دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. شۇنداق جەبىر ـ جاپا بىلەن تىكلىگەن ئائىلىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىكنى بۇزۇش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ كېتىش كېرەك. ئۇ يەردىكى باياشات تۇرمۇش، ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈت - قايماقلار مۇھەممەتسىدىقنىڭ قەلبىدە شېرىن ئارزۇ - ئىستەكلەرنى ئويغاتقانىدى. ئۇنىڭ تەييارلىقىمۇ پۈتتى. ئۇ سەپداشلىرى بىلەن ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، بىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق ۋە سەپىرىگە ئاقىيول تىلىدۇق. بىز ئۇنى بىرنەچچە كۈپلېت قوشاق بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق.

مەمەتسىدىق ماڭغاندا،
بوۋىقى بىر ئايلىقتى.
ئاغىنەم يوغانباشنىڭ
دۇمبىسى چىرايلىقتى.

مەمەتسىدىق ماڭغاندا،
ئالتىنچى ئاي ياز ئىدى.
ئاغىنەمدەك يوغان باش
بۇ شىنجاڭدا ئاز ئىدى.

مەمەتسىدىق، مەتسىدىق،
بېشى يوغان سەت سىدىق.
كۆدە - كۆرپەڭنى يۇدۇپ،
بۇ شىنجاڭدىن كەت، سىدىق.

چۈشمەي تۇرۇپ بوز ئاتتىن،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتتىم.
مەتسىدىق يوغان باشنى
قوشاق بىلەن ئۇزاتتىم.

بۇ قوشاق ئالتە كۇپلېت ئىدى، قالغانلىرىنى ھەرقانچە ئەسلەپمۇ تاپالمىدىم، بۇلارنى تېيىپجان ئېلىيېف، ئابلەي روزى ۋە ئابدۇكېرىم خوجىلار توقۇغان.

2003 ـ يىلى مارت ـــ ئاپرېل

## شائىر تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر

### دوستلۇقىمىزنىڭ باشلىنىشى

مەن 1947 ـ يىلى ئىيۇلدا ھەربىي سەپتىن قايتىپ كېلىپ، غۇلـ جىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. مەن بۇ ئىدارىنىڭ نەشر ئەپكارى «كۈرەش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۇمىدە ياردەمچى كاتىپ ۋە شاگىرت مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ كۈنلەردە داۋۇت تۇرەخمەتوفنىڭ ۋاستىسى بىلەن زۇنۇن قادىر، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېفلار بىلەن تونۇشتۇم.

ـــ ھېلىقى «مىلتىقىم» دېگەن شېئىرنى يازغان يىگىت مۇشۇ! ـ دېدى تۇرەخمەتوف.

ئۇلار مېنى ئالقىشلاپ، «بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى شېئىرلارنى ياز!» دەپ ئىلھام بەردى.

شۇ چاغدا تېيىپجاننىڭ خىزمىتى «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدە، ياتىقى مائارىپ باشقارمىسىدا ئىكەن. ئارىلىق بەكمۇ يېقىن بولغاچقا بىز ھەركۈنى ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق.

بىركۈنى مىرسۇلتان ئىككىمىز تېيىپجاننىڭ ياتىقىغا كىرسەك، ئا. س. پۇشكىنىنىڭ «يېۋگېنىي ئونېگىن» ناملىق داستانىنى ئوقۇۋاتقانىكەن، ئۇ بىزگە مۇنداق دېگەنىدى:

ـــ پۇشكىن مۇشۇ داستانىنى يېزىش ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئې ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەشھۇر داستانلىرىنى ئوقۇپ، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەنگەنىكەن. ھازىر ئۇنىڭدىن بىز ئۆگىنىۋاتىمىز. پۇشكىنىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇنىڭ ۋىجدانسىز ئايالى سەۋەبچى بولغانىكەن. ئەگەر پۇشكىن ئۆلمىگەن بولسا، ر. تاگوردىنمۇ كۆپرەك ئەسەر يېزىپ قالدۇرالايدىكەن، دەپ پەرەز قىلغۇچىلارمۇ بار.



تېيىپجان بىلەن بىز يېقىن ئۆتەتتۇق. شۇڭلاشقا بىز ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمىزدا چوڭلارغا ئارىلىشىۋالمايتتۇق. ھەرئايدا بىر ئىككى قېتىم ياشلار تەشكىلاتىدا سەيپۇللايېفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن سىياسىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنىڭغا غۇلجىدىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ۋە ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى قاتنىشاتتى. بەزىدە ئەھمەدجان قاسىمىمۇ قاتنىشىپ قالاتتى. مۇنداق كۈنلىرى بىز دېرىزىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە داۋاملىشىۋاتقان مۇھاكىمىگە قۇلاق سالاتتۇق. بۇ مۇھاكىمە ئاساسەن خەلقئارا ۋەزىيەت، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا داۋاملىشاتتى. ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرگە ئەھمەد ئەپەندى ئېنىق ۋە كەسكىن جاۋاب بېرەتتى. بىز يىغىن باشلىنىش ئالدىدا، بەزىدە يىغىن ئاخىرلاشقاندا ئەخمەت ئەپەندى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە نائىل بولۇپ قالاتتۇق.

يىغىن قاتناشچىلىرى تارقالغاندىن كېيىن بىز ياتاققا يىغىلىپ،

مۇھاكىمىدىن ئالغان تەسىراتلىرىمىز ئۈستىدە پىكىرلىشەتتۇق. بىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 بىتىمغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلىرىغا قاتتىق نارازى بولۇپ قايناپ كېتەتتۇق. تېيىپجان بولسا، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن پىكىر قىلاتتى. بىز ئۇنىڭغا قايىل بولاتتۇق.

تېيىپجان كوچىلارغا ئاز چىقاتتى. بەزىدە بىز ئۇنى كىنو كۆرۈشكە زورلاپ ئېلىپ كېتەتتۇق. بىركۈنى بىز كىنودىن قايتىپ كېلىپ ھەرقايسىمىز ئۆز ياتىقىمىزغا كىرىپ كەتتۇق. مەن شۇ كۈنكى گېزىتنى ئوقۇۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. تۈن سائەت بىردىن ئۆتكەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزىدىن ئۇنىڭ ياتىقىغا قارىسام، چىراغ يېنىقلىق تۇرۇپتۇ.

مەن ئۇنىڭ «يېڭىنى ئونېگىن» نىڭ داۋامىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

تېيىپجان ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتكە ئەستايىدىللىقى، ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغانلىقى بىلەن بىزگە، خۇسۇسەن ماڭا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇ مەندىن تۆت ياش كىچىك بولسىمۇ شېئىرىيەتتە مەن ئۇنى ئۇستاز بىلەتتىم. مەن ھازىر 17 ۋە 18 ياشلىق ياشلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق ئەستايىدىل ئۆگىنىۋاتقان ۋە يېزىۋاتقان ياشلارنى كۆرسەم، شۇ ياشتىكى تېيىپجان ئېلىيېۋ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. كەلگۈسىدە شۇ ياشلارنىڭ ئىچىدىن يېڭى - يېڭى تېيىپجانلارنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولىمەن.

1951 - يىلى باش باھاردىكى بىر ئۇچرىشىش بۈگۈنگە قەدەر كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆچمىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن 1951 - يىلى 16 - فېۋرال ئاتمىشقا يېقىن كادىر ئىلى ۋىلايىتىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بىزنى شۇ چاغدىكى كادىرلار نازارىتى كۈتۈۋالدى. فېۋرالنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە چۈشتىن كېيىن تۆتەيلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېيىپجان ئېلىپىپ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەكچى بولۇپ ياتاقتىن چىقتۇق. بىز ئىزدەپ ـ سوراپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن شىۋاۋشىزى (يۈمىلاق دەڭ)دىكى جوڭگوچە ئۇسلۇب بىلەن ياسالغان كونا بىر ھويلىغا كىردۇق. ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى تاختىلىرى بوشاپ كەتكەن ئەبجەق تاختا شوتىغا ئاۋايلاپ دەسسەپ 2 ـ قەۋەتكە چىقتۇق. چوڭ پەنجىرىلىك دالان ئۆيدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرسەك، تېيىپجان ئۆزى يالغۇز باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن. بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئورۇن كۆرسەتتى. بىز ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

بىز چوڭ تۆت چاسا ئۇستەلنىڭ ۋە كارىۋاتنىڭ ئۇستىدىكى ھەر خىل قول يازمىلارنى كۆرۈپ، يېڭى باشلانغان بۇ ئىشنىڭ خېلى قىيىنلىقىنى ھېس قىلدۇق. لېكىن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدۇق.

— ئاداش، بۇ نېمە قەغەزلەر؟ — دەپ سورىدى ئارىمىزدىكى يۈسۈپجان.

— بىز بىر ئەدەبىيات ژۇرنىلى چىقارماقچى بولۇۋاتىمىز.

— سەن يالغۇز چىقىرامسەن؟

— ياق، يەنە ئىككىيلەن بار. ئۇلار چۈشلۈك تاماق يېگىلى كېتىپ تېخى كەلمىدى.

تېيىپجان بۇ ئۆيدە ئاشۇ ھەر خىل قول يازمىلارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ، يۈكنىڭ ئېغىرى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنلىكىنى سېزىۋالدىم. بۇ، تېخى ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتىمۇ قۇرۇلمىغان ۋاقىت بولۇپ، تېيىپجان ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتى قارمىقىدىكى مەدەنىيەت باشقارمىسىغا يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن كۈنلەر ئىدى. تېخى ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى تەسىس قىلىنمىغاچقا شۇ باشقارما بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانىكەن.

بۇ قايسى ژۇرنال بولغىيدى؟ دېگەن سوئال سىزنى قىزىقتۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ، ئەللىك يىللىق ئۆمرىدە نى - نى چىرايلىق باھار، يېشىل ياز، ئالتۇن كۈز ۋە ئاپئاق قىشلارنى كۆرگەن، كۆرەشچان يىللارنىڭ قوينىدا تاۋلانغان، تارىم دەرياسىدەك گاھ تىنچ، گاھ دولقۇنلاپ ئېقىپ، چاڭقىغان قەلبلەرنى مەنىۋى ئۇسسۇلۇق بىلەن قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان «تارىم» ژۇرنىلى. تېيىپجان ئېلىيېۋ بىزنىڭ مۇشۇ قەدىردان «تارىم» ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن سۆيۈملۈك شائىرىمىز ئىدى. تېيىپجان مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1 - سانىدىن تارتىپ 327 - سانىغىچە ئۆزىنىڭ نادىر شېئىرلىرى ۋە تۈرلۈك تېمىدىكى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ كەلگەن ئەڭ قەدىناس ئاپتور ئىدى. ئۇ بۇ ژۇرنالنىڭ دەسلەپىدىن تارتىپ بىرقانچە يىلغىچە مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. تەھرىر ھەيئەت تەركىبىدە ئىزچىل تۇرۇپ، ژۇرنال ئىشلىرىدىن قول ئۈزمىگەن ژۇرنالىست ئىدى. يېتۈك شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى سەھىپىلىرىگە سىڭگەن ئەجىر ۋە ئەقىدىسى مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ.

## چاچما شېئىر ھەققىدە سۆھبەت

مەن شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان ئون بەش يېشىمدىن تارتىپ كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەردىن كۆزۈم كۆرگەن ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى ئالا قويماي ئوقۇدۇم. 1930 - يىللاردىن بۇيان تاشكەنت، ئالمۇتا ۋە شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان گېزىت، ژۇرنال، كىتابلاردىكى ياخشى شېئىرلارنى كۆچۈرۈۋېلىپ، بىكار ۋاقىتلىرىمدا ئوقۇپ، شېئىرنى تەلىم ۋە بەدىئىي زوق ئالدىم. ئاشۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى چاچما شېئىرلار مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. مەسىلەن: ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «ئۆمەر ئۆلدى»، نۇر ئىسرائىلوفنىڭ «ئانامغا» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چاچما شېئىرلىرىنى تەكرار ئوقۇپ يادلىۋالغانىدىم. بولۇپمۇ «ئۆمەر ئۆلدى» شېئىرىنى سورۇنلاردا كۆپچىلىككە ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ بېرەتتىم.

## ئۆمەر ئۆلدى

ئاچچىقمۇ قىلمايمەن ساڭا نايىتى،
ئاچچىق قىلدىم ئۆزۈمگىلا.
چۈنكى
ساقىلىم غىرىچ كەلدى،
ساراڭلىقىم بار مېنىڭ تېخىلا.
شائىرلىق قىلدىم دەپ ناخشامدا،
مۇھەببەتمۇ ساتقان ئىكەنمەن.
ساراڭ كۆڭلۈمنى دەپ،
كوچىدا كۆرگەن بىرگە
چالمىمۇ ئاتقان ئىكەنمەن.

ئەمدى بىلدىم،
(توۋا ـ توۋا)،
ئارتۇق ساراڭلىق قىلماسمەن ئەمدى.
چۈنكى
ساراڭلىق بىلەن ئۆتتى
زىلۋا ياشلىقىمنىڭ
تەڭدىن تولىسى، تەڭدىن.
..........

1937 ـ يىلى

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تېز راۋاجلاندى. شائىر بىلەن شېئىر، قوشۇن بىلەن هوسۇل ئۇتۇقلىرىمىزنىڭ سالماق قىسمىنى ئىگىلىدى. شۇ يىللاردا نۇرغۇن چاچما شېئىرلار يېزىلدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ چاچما شېئىرلىرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. خۇسۇسەن ئۇنىڭ «يۈرەك سۆزى»، «سارىيە»، «ۋەتىنىم شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ»، «ئانا تىلىم»، «ئەزرائىل ئالدىدا» دېگەن چاچما شېئىرلىرى ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپۋى پىكىرلەرگە تويۇنغان، لىرىك هېسسىيات ۋە شېئىرىي جەزبىدارلىق بىلەن بېزەلگەن، مىسرالار بىر ـ بىرى بىلەن لوگىكىلىق باغلانغان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى هۇزۇرلاندۇرىدۇ. شۇ يىللاردا مەنمۇ «سىڭلىمغا»، «سۆلەت»، «تەبئەتكە خىتابىم» دېگەن چاچما شېئىرلارنى يېزىپ باقتىم. بۇلاردىن «تەبئەتكە خىتابىم»نى تېيىپجانغا كۆرسەتسەم، «ئازراق يېقىنلىشىپتۇ» دېدى. بۇ باھانى ئاڭلاپ، چاچما شېئىر يېزىشتىن قول ئۈزۈپ، ئۇلارنى تىزما شېئىرغا ئۆزگەرتىۋەتتىم. ئۆزۈمچە ياخشى يېزىلدى، دېگەن چاچما شېئىرىمنىڭ تەلەپكە يەتمىگەنلىكى مېنى بۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلدۇردى.

شۇ چاغدا مەن تېيىپجاندىن چاچما شېئىرنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنى سورىسام، ئۇ ئىخچام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— چاچما شېئىر يېزىش ئۆلچەملىك شېئىر يېزىشتىن قىيىن، مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ... يەنى، پىكىر ۋە هېسسىيات دولقۇنلىرىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى مىسرالارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى بەلگىلەيدۇ، — دېدى.

— چاچما شېئىردا كۇپلېت بولامدۇ؟

— كۇپلېت بولمايدۇ، ئابزاس خاراكتېرلىك بۆلەك بولىدۇ. قۇر تاشلىغان هەربىر ئارىلىق ئاساسىي پىكىرنىڭ بۆلەكلىرى هېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سەن چاچما شېئىرلىرىڭنىڭ قايسىسىدىن قانائەتلىنىسەن؟

— مەن «يۈرەك سۆزى» ، «ۋەتىنىم شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ»، «ئانا تىلىم» دېگەن شېئىرلىرىمنى يېزىش ئۈچۈن شۇ مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ، سىياسەت ۋە پەلسەپىلەردىن ئاز - تولا ساۋات ئۆگىنىپ ئاندىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. قايتا - قايتا تۈزەپ تولۇقلاپ ئاران شۇنچىلىك سەۋىيەگە يەتكۈزەلىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن شېئىرىيەت توغرىسىدا جىق گەپ - سۆزلەر بولدى. بۇ بىزنىڭ «ئانا تىلىم» شېئىرى ئېلان قىلىنغان كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىز ئىدى. مەن مۇشۇ سۆھبەتتىن چاچما شېئىر توغرىسىدىكى چۈشەنچەمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم ۋە چاچما شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلمايدىغان بولدۇم. ئۆزۈمگە: كۆلەلمىگەن هالىڭغا هىجايما، دېدىم.

— سىزنىڭ چاچما شېئىرلىرىڭىزدىن «ئانا تىلىم» نى سۆيۈپ ئوقۇيمەن. ئۆزۈم تىل - يېزىق ھەۋەسكارى بولغىنىم ئۈچۈن بۇ شېئىرىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى يادقا بىلىمەن، — دەپ ماختىنىپ ئاخىرقى بۆلىكىنى ئوقۇپ بەردىم.

ئانا تىلىم،
چىللايدۇ سېنى
تىل دۇنياسىنىڭ بەس - بەس مۇنبىرى.
يىلتىزىڭ چىڭ سېنىڭ،
زېمىنىڭ مۇنبەت،
مېۋەڭگە تېخىمۇ تولىدۇ شەربەت
قانچە پەرۋىش ئەيلىگەنسېرى.
ئۆسكەنسېرى ئەقىل - زوقىمىز،
ئۆچۈپ نادانلىقنىڭ غەلدە - غەشلىرى،
جىلۋىلىنىدۇ سەندە مۇكەممەل
پەن ئېپادىسى،

سەنئەت تەسۋىرى....
ئاھ، ئۇنداق بولمىسا،
نېمە دېگۈلۈك
ياراتمىسا تارىخ مۇھەررىرى؟
بۇ بىز ئۇچۇن ئۆلۈم ئەمەسمۇ
ۋە «نەس باستىمۇ سىنى» دېمەسمۇ،
قەبرىدە تولغىنىپ مەھمۇد كاشغەرىي...

1985 ـ يىلى ئاپرېل

**ئەسكەرتىش:**
ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «ئۆمەر ئۆلدى» شېئىرى 1937 ـ يىلدىكى ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە «ساراڭ» دەپ يېزىلغان ۋە شائىر ئۆزى شۇنداق يازغانىكەن. 1950 ـ يىللاردىكى قايتا نەشرىدە مۇھەررىرلەر «بەڭباش» قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ. ئەسلىي بويىچە ئالغىنىمىز توزۇك.

## قاپىيە لۇغىتىنىڭ تۇغۇلۇشى

1945 ـ يىلى پولكىمىز شىخو ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆتەبىردە ماناس دەرياسى بويىدا مۇداپىئەدە تۇردى. شۇ كۈنلەردە مەن يەنە شېئىر قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتىم. قاپىيە ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن بىر دەپتەرگە قاپىيەداش سۆزلەرنى رەتلەپ يېزىپ ماڭدىم. 1946 ـ يىلى فېۋرالدا ئاتاقلىق شائىر نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى قاپىيە دەپتىرىمدىكى ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە ئۆز قەلىمى بىلەن ئىزاھ يېزىپ بەردى. يىللار ئۆتكەنسېرى بۇ دەپتىرىمدىكى قاپىيەداش سۆزلەر كۆپىيىپ مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1961 ـ يىلى تېيىپجان بۇ دەپتىرىمنى كۆرۈپ: «سەن مۇشۇ دەپتىرىڭنى ئاساس قىلىپ قاپىيە لۇغىتى ئىشلەپ باق» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەندە قاپىيە لۇغىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىشلەش ئارزۇسى تۇغۇلدى. 1972 ـ يىلى بىر قېتىم ئىشلەپ باققان بولساممۇ، قاپىيەداش سۆزلەر ئاز، ئىزاھلار تولۇق بولمىغانلىقتىن تاشلاپ قويدۇم.

1974ـ يىلى مەن قەشقەردىن يۆتكىلىپ كېلىپ، ئەتىسىلا تېيىپجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇ سورىدى:

-- قاپىيە لۇغىتى پۈتتىمۇ؟

— پۈتمىدى.

— نېمىشقا؟

— مەن توپلىغان قاپىيەداش سۆزلەر ئىككى مىڭدىن ئاشمىدى. بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھ يازالمىدىم.

— تىرىشىپ ئىشلەپ باقماي ئەزمىلىك قىلدىڭ، — دېدى رەنجىپ.

1982 ـ يىلى «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» كەلگەندە، مەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى قېتىم قاپىيە لۇغىتىنى ئىشلەپ باقتىم، بۇ قېتىم ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئاز، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن بۇنىمۇ تاشلاپ قويدۇم.

1982 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تېيىپجان بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنى ياخشىراق ئۆگەنمىسەم بولمىدى. سەن گىراماتىكا كىتابىڭنى بېرىپ تۇرغىن.

مەن دەرسلىك ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنى ئىشكاپتىن ئېلىپ بەردىم. تېيىپجان شۇ سائەتتە يەنە قاپىيە لۇغىتىنى ئېغىزغا ئالدى:

— سەن قاپىيە لۇغىتىنى قانداق ئىشلىمەكچى؟ پىلانىڭنى كۆرۈپ باقاي.

مەن قاپىيە دەپتىرىمنىڭ باش تەرىپىگە يېزىلغان كىرىش سۆز شەكلىدىكى پىلانىمنى كۆرسەتتىم. ئوقۇپ كۆرۈپ، بىر مەسىلىگە پىكىر بەردى:

— پىلان ئاساسەن مۇۋاپىق بولۇپتۇ. ئىزاھلىنىدىغان قاپىيەداش سۆزلەرنى پەئۇل، مەپئۇل، پەئۇلۇن، مەپئۇلۇن تەپئىللىرى بويىچە تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىساڭ، ئىش مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. پايدىلىنىشمۇ قىيىنلىشىدۇ. ياخشىسى، سۆزلۈكلەرنى پەئۇل ۋە مەپئۇل تەپئىللىرى بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ رەتلە، — دېدى. مەن بۇ پىكىرنى توغرا تېپىپ خاتىرەمدە ساقلىدىم.

1988 ـ يىلى سېنتەبىردە بىز ئىدارىمىزنىڭ ھويلىسىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. شۇ كۈنلەردە تېپىپچان خېلى ساقىيىپ قالغاندەك كۆرۈنگەنىدى.

— قاپىيە لۇغىتىنى ئىشلەۋاتامسەن؟ — دېدى قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ياق، — دېدىم مەن خىجىللىق بىلەن.

— سەن بۇ لۇغەتنى مۇكەممەل ئىشلەيمەن دەپ بەك كېچىكتۈرۈۋەتتىڭ. مەن سېنىڭ ئىش قىلىشىڭنى ياقتۇرىمەن، ئەزمىلىكىڭنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى ـ دە، قولۇمنى قويۇۋەتتى.

بۇ گەپ مېنىڭ خىزمەت ئىستىلىم ۋە مىجەزىمگە قارىتا دېگەن ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزىنى «يۈزۈم يورۇق» دېگەن شېئىرىمغا يادنامە قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇم.

## بىز دامكا ئويىندۇق

1958 ـ يىلى ئاپرېلدا ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە تېيىپچان ئېلىيېۋ كۆرەشكە تارتىلىپ، ئۇنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دائىر بەزىبىر گەپ ـ سۆزلىرىنى پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ ئۇنى قاتتىق تەنقىدلىگەن. بەزىلەر ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىغا دائىر كەمچىلىكلىرىنىمۇ ھاياسىزلىق بىلەن پاش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى. پەتتارجان مەدەنىيەت سىنتېمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغاچقا تېيىپجاننىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغان ھەرقانداق شىكايەتلەرنى چەكلىمىگەن، ھەتتا ئەۋج ئالدۇرغانىدى. ھەرىكەت ئاخىرىدا تېيىپجانغا «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ تۈرپانغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتكەنىدى.

1961 ـ يىلى ئاپرېلدا «تارىم» ۋە «شۇغلا»(قازاقچە) ژۇرناللىرىنى ئىشچى ـ دېھقانلاردىن ئاپتور تەربىيەلەش خىزمىتى بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ باردۇق. شۇ يىلى تېيىپجان تۇرپاندىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، مۇشۇ گۇرۇپپىدا بار ئىدى. بىز غۇلجىغا كېلىپ، ماي زاۋۇتىنىڭ ئارقىسىدىكى كادىرلار مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق، بۇ دەل ـ دەرەخلىك، تال ـ باراڭلىق، ھويلىسىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان مەنزىرىلىك مېھمانخانا ئىكەن.

بىز ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىرنەچچە ناھىيەگە، غۇلجا شەھىرىنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ، چالا ساۋات، ھەتتا ساۋاتسىز دېھقان، چارۋىچى، باغۋەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ شۇلارنىڭ نامىدا قوشاق، شېئىر، ھېكايىلەرنى يازدۇق. بىز ھەركۈنى ئىشتىن چۈشكەندە يېزىپ كەلگەن نەرسىلىرىمىزنى باش قاتۇرۇپ تەھرىرلەيتتۇق. بەزىلىرىنى يېڭىباشتىن يېزىپ چىقاتتۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىن شاھمات، دامكا ئوينايتتۇق.

بىركۈنى تېيىپجان ئىككىمىز دامكا ئوينىدۇق، بىز قاتتىق تۇتۇشۇپ كەتتۇق. تېيىپجان ئوتتۇرا يول بىلەن ئىلگىرىلەپ ماڭدى. مەن ئالدىنى توسۇپ قويدۇم. ئەتراپىمىزدا بەش ـ ئالتەيلەن قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان پەتتارجان:

ــ تېيىپجان، سىزنىڭ ئاشۇ ئىككى تېشىڭىز يولىڭىزنى توسۇۋالدى، ــ دېۋىدى، تېيىپجان شۇ ھامان:

ــ ۋاي پەتتارجان، مەن بۇ ئىككى تاشنىڭ دەردىنى بەك تارتتىم،

جۇمۇ! ــ دېدى. ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق. پەتتارجان مېنىڭدا كۈلۈپ قويدى.

مۇشۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ناھىيەلەردە ئائىلىسى بارلار شۇ ناھىيەگە بېرىپ ئاپتور تەربىيەلەش خىزمىتىنى ئىشلەپ قايتىپ كەلدى. مەن سۆيدۈڭگە بېرىپ كېلەي دەپ ئىككى ــ ئۈچ قېتىم رۇخسەت سورىسام، بىر كۈنمۇ رۇخسەت بەرمىدى. ئەكسىچە، گۇرۇپپا يىغىنىدا مېنى: «خىزمەتنىڭ ئالدىراش كۈنلىرىدە سۆيدۈڭگە بارىمەن دەپ بېشىمىزنى ئاغرىتتى» دەپ تەنقىد قىلدى.

شۇ يىلى ئاۋغۇستتا خىزمەت ئاخىرلىشاي دېگەندە بىرنەچچىمىز ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھەممەيلەن قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا تېيىپجان گۇرۇپپا باشلىقلىرىمىزغا: «سىلەر مۇھەممەد رەھىمگە ئادىل مۇئامىلە قىلمىدىڭلار، ياۋاشنى بوزەك ئەتتىڭلەر» دېدى.

كۆپ ھاللاردا تېيىپجان ماڭا ھېسداشلىق قىلاتتى. ھەددىدىن زىيادە ياۋاشلىقىمدىنمۇ بىزار ئىدى. 1983 ــ يىلى ئۇ مېنىڭ ياۋاشلىق بىلەن تاپقان پايدام بىلەن تارتقان زىيانلىرىمنى خۇلاسە قىلىپ: «مۇھەممەد رەھىمنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ ياۋاشلىق، يامان تەرىپىمۇ ياۋاشلىق» دېگەنىدى. ئۇ، بۇ سۆزنى مېنىڭ سىڭلىمغىمۇ دېگەنىكەن. مەن 2007 ــ يىلى نويابىردا يازغان «ياۋاشلىق» دېگەن شېئىرىمغا تېيىپجاننىڭ ئاشۇ سۆزىنى ئېپىگراف قىلدىم.

## بىز بېيجىڭدا

1979 ــ يىلى يانۋار ۋە فېۋرال ئايلىرىدا ئىدارىمىزدىن تېيىپجان ئېلىيېف، رەخىم قاسىم، مۇھەممەد شاۋۇدۇن، مەن ــ تۆتىمىز بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا باردۇق. بېيجىڭدىكىلەردىن ئابدۇكېرىم خوجا، خەمىت تۆمۈر، مۇھەممەد ئىمىن، ۋاڭ يىجى، ياسىن ھاۋازى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنىڭغا يېقىن كىشى مىللەتلەر نەشرىياتىدا جۇڭگو ۋە چەتئەلگە تونۇلغان «تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» ناملىق كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتۇق، ئاپرېلدا كىتاب نەشرگە تاپشۇرۇلدى. بۇ تۆت ئايلىق خىزمەت ماڭا خەنزۇچە شېئىرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقىمىزنى ۋە چۈشەنچىمىزنى يۈكسەلدۈردى.

شۇ يىلى ئاپرېلدا مەندىن باشقىلار ئۇرۇمچىگە قايتىشتى. تېيىپجان قايتىدىغان چاغدا ماڭا ئىككى ئىشنى تاپشۇردى: بىرىنچىسى، «تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نىڭ ئاخىرقى كوررېكتورلۇقى ساڭا قالدى، ئەستايىدىل كۆرۈپ بەرگىن. ئىككىنچىسى، مۇشۇ نەشرىيات مېنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمنى قايتا نەشر قىلىپ بېرىدىغان بولدى، مەن بۇ ئىشنىمۇ ساڭا تاپشۇرىمەن، تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇقىنى مېنىڭ پىكىرلىرىمگە ئاساسەن قېتىرقىنىپ ئىشلەپ بەرگىن، دېدى.

مەن بۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، يۇقىرىدىكى ئىككى ئىش بىلەن بەند بولدۇم، شۇ يىلى ئىيۇندا مەنمۇ ئۇرۇمچىگە قايتتىم. مەن شۇ يىللاردا بويتاق بولغانلىقىم ئۈچۈن كىچىك ئوغلۇمنى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغانىدىم. بۇنى ئىدارەمدىكىلەر بىلەتتى. مەن پويىزدىن چۈشۈپلا ئىدارەمگە تېلېفون قىلسام، ئاشخانىمىزغا گۆش، ماي، كۆكتات توشۇيدىغان ئۈچ چاقلىق «پىكاپ» نى ئەۋەتىپتۇ.

## كىتاب يۇيۇش

مەن بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دېگەن كىتابىمىزنىڭ نەشردىن چىققانلىقىنى كۆردۇم ۋە خېلى كۆپ قەلەم ھەققىمۇ تەگدى. بۇ،

1979 - يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. خىزمەتداشلىرىمدىن بىرنەچچىسى «بۇ كىتابىڭنى يېيىمىز» دېيىشتى ۋە ئۆيگە كېلىدىغان كۈننىمۇ، سائەتنىمۇ بەلگىلەپ قويۇشتى. مەن بويتاق بولسامۇ يېتەرلىك تەييارلىق قىلىپ قويدۇم.

دەل شۇ كۈنى ھىندىستاننىڭ «كارۋان» ناملىق كىنو فىلىمىنىڭ بېلىتىدىن بىرى ماڭا تېگىپ قالدى. بۇ، شۇ كىنونىڭ بىرىنچى قېتىم قويۇلۇشى ئىدى. مېھمانلىرىممۇ شۇ كىنونى كۆرۈپ بولۇپ ئۆيۈمگە كېلىدىغۇ، دەپ ئويلاپ، مەنمۇ بېرىپتىمەن (ئۆيگە كىچىك ئوغلۇمنى قويۇپ كەتكەنىدىم). مەن كىنودىن قايتىپ كەلسەم، تېيىپجان باشلىق ئون نەچچە كىشى ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ئابدۇۋەلى خەلپەت، تۇرسۇنمۇھەممەد پەخرىدىن، ئابدۇروسۇل ئۆمەرلەر بار ئىدى، مەن بۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خىجىل بولدۇم. تەرەپ - تەرەپتىن تاپا - تەنە يېغىپ كەتتى. تېيىپجان:

— مەن مۇھەممەد رەھىمنى چۈشىنىمەن، بۇنىڭ شۇنداق ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىدىغان مىجەزى بار، — دېۋىدى، ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

ئۆيۈمدە ئايال كىشى بولمىغانلىقتىن ئاشپەزلىكنى تېيىپجان قولىغا ئالدى. مەن ۋە ماڭا ئوخشاش چۈمۈچ تۇتۇپ باقمىغان بىرەيلەن تېيىپجانغا ياردەملەشتۇق. تېيىپجان ئاۋۋال تۈت خىل قورۇما قورۇدى. قىزىق پاراڭلار بىلەن بىرەر سائەت ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. شۇ ئارىلىقتا تېيىپجان مېنى چاقىرىپ، تاماقنا تەييارلىق قىلدى. ئۇ خۇددى ئاشپەزلەردەك ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ خېمىر يۇغۇردى. نېپىز يېيىپ ئىنچىكە كەستى. قازاندىن گۆشنى ئېلىپ ئۇششاق توغراپ پىياز بىلەن ئارىلاشتۇردى...، قىسقىسى، بىر سائەت ئىچىدە نېرىن تەييار بولۇپ داستىخانغا تارتىلدى. مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. مەنمۇ ساھىبخانا ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغان ھالدا ھوزۇرلىنىپ يېدىم. نېرىن ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. مېھمانلار تاماقنى يېگەچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئېف ئادرېسى

تېيىپجاننى ماختاشقا باشلىدى:

– سىز ئۇستا ئاشپەز ئىكەنسىز جۇمۇ!

– ئېرىننى مېنىڭ ئايالىممۇ بۇنچىلىك ئېتەلمەيدۇ.

– قول بالىسى قىلىپ ئەتتى دېگەن مانا مۇشۇ!

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن چاقچاقلار ۋە پاراڭلار بىلەن يەنە بىرەر رومكىدىن ئىچىشتى. مېھمانلار تارقىلىش ئالدىدا ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى:

– كىتابىڭىزنى ئوبدان يۇيدۇق، سىزگە كۆپ رەھمەت!

– تېيىپجاننىڭ بۈگۈنكى ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

– تېنىڭىز ساق، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن! ئىلھامىڭىز ئۆكسۈپ قالمىسۇن!

– بۇنىڭدىن كېيىن ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن! – دېدى تېيىپجان. بۇ چاقچاقنىڭ جايىغا چۈشكەنلىكىدىن ھەممەيلەن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى. مۇشۇ كۈلكىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي مېھمانلار تارقىلىشتى.

## سۇنۇق رومكا

1986 – يىلى ئاپرېلدا تېيىپجان ئايالى بىلەن ئالمۇتىدىن قايتقان چاغدا، قورغاس چېگراسىدا بىشكەكتىن قايتقان سىڭلىم تۇخان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا تېيىپجاننىڭ ئاپتوموبىلى كېلىپ مېڭىشقا تەييارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا تېيىپجان: «تۇخان يالغۇز ئىكەن، ماشىنىغا سېلىۋالايلى» دېسە ئايالى ئۇنىماپتۇ.

مەن سىڭلىمنىڭ قورغاس چېگراسىدا يالغۇز قالغانلىقىنى ئاڭلاپ پايپېتەك بولۇپ كەتتىم. شۇ كۈنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان نەشر قىلىنغانلىق مۇراسىمىغىمۇ قاتنىشالمىدىم. بىچارە سىڭلىم چېگرادا يۇك – تاقلىرى بىلەن يالغۇز ئۈچ كۈن يېتىپ تۆتىنچى كۈنى

كەلدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تېيىپجان ئايالى بىلەن سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە ھال سوراپ كەلدى. كۈيئوغلىمىز ئەخمەت ساقى بىلەن سىڭلىم ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئالاھىدە كۈتتى. كۈيئوغلىمىزنىڭ سەل ـ پەل ئاقساپ ماڭىدىغان جىسمانىي ئەيىبى بار ئىدى. سىنچايدىن كېيىن ھەر خىل قورۇمىلار داستىخانغا قويۇلدى. ئەخمەت ساقى بىر رومكا ھاراقنى قۇيۇپ، رومكىنى تېيىپجاننىڭ پىيالىسىگە يۆلەپ قويدى. مەن: نېمىشقا رومكىنى پىيالىگە يۆلەپ قويىدۇ، دەپ ھەيران بولدۇم. رومكىنىڭ ئاستى ئازراق سۇنۇق بولغانلىقتىن يىقىلىپ كەتمىسۇن دەپ پىيالىگە يۆلەپ قويغانىكەن. تېيىپجان رومكىنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن:

— مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام، — دېدى.

ھەممىمىز كۈلۈشتۇق، تېيىپجان مۇشۇ بىر ماقال بىلەن ساھىبخانىنىڭ جىسمانىي ئەيىبىنىمۇ، چېكىدىن ئاشقان ئىقتىسادچىللىقىنىمۇ ئايان قىلىۋەتكەنىدى.

## تەنقىدلەرگە تەمكىنلىك

1978 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شېئىرلىرىغا يېزىلغان بىرنەچچە تەنقىد ئېلان قىلىندى، بۇ تەنقىدلەر ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، شان ـ شەرەپ مۇنبىرىدىكى ئورنىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە يېزىلغان ماقالىلەر ئىدى. ئۇ مۇنداق تەنقىدلەردىن ھودۇقۇپ قالمىدى ياكى قايناپ سەكرەپمۇ كەتمىدى.

مۇنداق ھەسەتخور تەنقىدچىلەر مېنى تېيىپجاننىڭ يېقىن ئادىمى دەپ بىلىپ، «ئۆيىنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۈيىقى سىرقىرايدۇ» دېگەندەك، ماڭىمۇ ھۇجۇم قىلىغانىدى. ئۇلار مېنىڭ «جاپا ھەققىدە» دېگەن شېئىرىمنى بۇزۇپ تەھلىل قىلىپ، مەزمۇنى ناچار شېئىر دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەنقىدلىگەنىدى. مەن بۇ تەنقىدكە مۇۋاپىق جاۋاب يېزىپ، تېيىپجاننىڭ پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

— بۇنداق ھەسەتخور تەنقىدچىلەرگە جاۋاب يېزىپ ئاۋارە بولما. ئۇلار سېنىڭ شېئىرلىرىڭنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. مەنمۇ ھېچقايسىسىغا رەددىيە يازمىدىمغۇ! سەن ئۆزۈڭ ماقال - تەمسىلچى تۇرۇپ، «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەن تەمسىلنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى.

مەن تېيىپجاننىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپ يازغان رەددىيەمنى ئېلان قىلمىدىم. ئارىدىن خېلى ئايلار ئۆتكەندە «شىنجاڭ گېزىتى»دىن شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇت (بۇلبۇل)نىڭ «جاپا ھەققىدە» نى قارىلاپ يازغان تەنقىدنى ئاغدۇرۇۋەتكەن ماقالىسىنى ئوقۇپ خۇرسەن بولدۇم.

## ئاخىرقى دىدار كۈنلەر

1989- يىلى 13 - يانۋار كۈنى تېيىپجان ئېلىيېف بېيجىڭدىن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1 - دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىندى. 15 - يانۋار كۈنى مەن يوقلاپ باردىم. ئۇ ئايرىم ئۆيدە تام تەرەپكە قاراپ ياتقانىكەن. رەپىقىسى خەلچەم:

— تېيىپجان، مۇھەممەد رەھىم ئاكام كەلدى! — دېدى.

ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ:

— ياخشىمۇ سەن؟ ئەكەل قولۇڭنى! — دېدى.

مەن قولۇمنى بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. بىز قول تۇتۇشقان ھالدا پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ ئالقىنى ۋە بارماقلىرى ئاۋۋالقىدەكلا يۇمشاق ئىدى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى سىلاپ كۆرۈپ:

— بارماقلىرىڭ يىرىك تۇرىدۇ، جۇدەپ قالغان ئوخشايسەن. مىجەزىڭ يوقمۇ، نېمە؟ — دېدى.

— مىجەزىم ياخشى. بۇ ئەسلىدە ھۆنەرۋەنىنىڭ قولى، — دېدىم مەن.

— بۇ مېنىڭ موللىنىڭ قولى، — دەپ نەق جاۋاب بەردى.

بىزنىڭ بۇ ئادىتىمىز چاقچاقىمىز، بىرىنچىدىن، بىزنىڭ ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشىمىزنى چۈشەندۈرەتتى. ئىككىنچىدىن، تېيىپجاننىڭ شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا يېتىپمۇ گەپتە ئۇتتۇرۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ مۇنداق ھازىر جاۋابلىقى كىشىلەرنى ھۇزۇرلاندۇراتتى، سورۇننى جانلاندۇراتتى. ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى مۇشۇ ئىقتىدار يازغان شېئىرلىرىدىمۇ جۇلالىنىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يېقىملىق، سۆزىمۇ يېقىملىق، شېئىرلىرىمۇ يېقىملىق ئىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ئىككىنچى قېتىم يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇ كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— سەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تولۇق شېئىرلار توپلىمىنى ئىشلەپ ياخشى قىلدىڭ. ئەمدى مېنىڭكىنى ئىشلەپ بەر. يالغۇزلۇق تارتىپ قالغۇدەك بولساڭ، ئابلىمىت سادىقنى قوشۇۋال. قانداق، ئىشلەپ بېرەلەمسەن؟ سالامەتلىكىڭ يار بېرەمدۇ؟

— ئىشلەپ بېرەي، سالامەتلىكىم يار بېرىدۇ، — دېدىم.

— ئۇنداق بولسا، تولۇق توپلىمىمنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا ئويلاپ قويغانلىرىمنى كېيىنرەك دەپ بېرەي، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى. دوختۇر ئاز سۆزلە دېگەن، — دېدى شائىر.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋال سوراپ بارغىنىمدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەپ بەردى. مەن خاتىرىلىۋالدىم.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە يوقلاپ بارسام، ئىلگىرىكىدىنمۇ كەم سۆز بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم يوقلاشقا ئۈلگۈردۈم. بۇ كۈنى شائىرنىڭ كۈندىن - كۈنگە جۈدەپ سارغىيىۋاتقان سولغۇن چىرايى بىزگە جۇدالىقنى زورلاپ تاڭىدىغان مۇدھىش قارا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆڭلەرنىڭ ساناقلىقلا قالغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

دەرۋەقە، شۇنداق بولدى... 1989 - يىلى 20 - فېۋرال كۈنى سەھەردە يېتۈك شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەر تارقالدى. ئۇ 19 - فېۋرال كۈنى تۈن يېرىمىدا، سائەت 23 تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كۆز يۇمدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز 20 - فېۋرالدىن يىگىرمىنى ئۆتكۈزۈپتىمىز ۋە بۇ جۇدالىقنىڭ ھەسرىتىنى چېكىپ كېلىۋاتىمىز.

## ۋىدالاشقاندىن كېيىن

1989 - يىلى 20 - فېۋرال كۈنى بىز ئاتاقلىق ۋە سۆيۈملۈك شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتۇق. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تولۇق شېئىرلار توپلىمىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتىم. 1998 - يىلى ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىككى كىتاب بولۇپ نەشردىن چىقتى. شۇ يىلى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ ئالتە تومى نەشردىن چىقىپ بولدى. مەن 2001 - يىلى يانۋاردىلا ئىزاھلىق لۇغىتىمىزگە ئاساسەن قاپىيە لۇغىتىنى ئىشلەشكە كىرىشتىم. 2003 - يىلى ئىيۇلدا پۈتكۈزۈپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا تاپشۇردۇم. 2004 - يىلى نويابىردا نەشردىن چىقتى.

مەندە قاپىيە لۇغىتى ئىشلەش ئارزۇسىنى تۇرغۇزغانمۇ تېيىپجان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەيدەكچىلىك قىلغانمۇ تېيىپجان ئىدى. بىراق مەن قاپىيە لۇغىتىنى تەلەپكە لايىق ئىشلىيەلمەي، دەپ بەك كېچىكتۈرۈۋەتتىم. مەن بۇ ئەزمىلىكىم بىلەن ئۇنى تەقەززا قىلدىم ۋە رەنجىتتىم. قاپىيە لۇغىتى نەشردىن چىققاندىن كېيىن مەن دوستۇم تېيىپجاننى شۇنچىلىك ھەسرەت بىلەن ئەسلىدىمكى، مۇشۇ كىتابتىن

بىرنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە كۆمۈپ قويغۇدەك بولدۇم. ھەر ھالدا مەن شائىرنىڭ ئۆزىنى خۇش قىلالمىغان بولساممۇ، روھىنى خۇش قىلدىم، يۈزۈم يورۇق بولدى. بىراق مەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇنبىرىدىن قارىسام، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن.

2009 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

## ئەسىر ھالقىغان دوستلۇق

(ئابلايېف خوجەخمەت ھەققىدە ئەسلىمە)

قەدىناس دوستۇم ئابلايېف خوجەخمەتنىڭ ۋاپاتى ماڭا يېقىنقى يىللاردىكى مۇسىبەتلەردىن ئېغىر تۇيۇلدى. جۇدالىق ھەسرىتىمنى ئىچىمدە بىلدىم. ئابلايېف پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سادىق كادىرى، خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، بىمىننەت چاكىرى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئۆچمەيدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «دوستنىڭ كونىسى ياخشى، چاپاننىڭ يېڭىسى» دېگىنىدەك، بىز ئەسىر ھالقىغان ئەڭ كونا دوستلاردىن ئىدۇق. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە باشلانغان. 1944 ـ يىلى 29 ـ دېكابىر كۈنى سۈيدۈڭ ناھىيەسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. مەن كاتىبات بۆلۈمىنىڭ يارەمچى كاتىپى، خوجەخمەت خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن كۈنلەردە تونۇشۇپ قالدۇق. يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئازاد بولغان ناھىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلىرى مۇرەككەپ ھەم ئالدىراش ئىدى. ئىشنىڭ كۆپلۈكىدىن بىز كېچىلىرى ئۆيىمىزگە قايتماي ئىشخانىدا يېتىپ قالاتتۇق. مانا، شۇنداق كېچىلەردە بىز مۇڭدىشىپ سىرداش بولۇپ قالدۇق.

1943 ـ يىلى خوجەخمەتنىڭ دادىسى تىجارەت ئىشى بىلەن ئامراق ئوغلىنى ئېلىپ غۇلجىغا كەلگەن. 1944 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە دادىسى ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن خوجەخمەت سۇيدۇڭدىكى تاغىسى مىر ئەزەم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرغان، كۆپ ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى سۇيدۇڭ ناھىيەسىدە كېڭىيىشكە ۋە زورىيىشقا باشلىغان. شۇ كۈنلەردە ياش خوجەخمەتنىڭ قەلبىدە ئىنقىلابقا ھېسداشلىق روھى ئويغانغان ۋە ئىنقىلاب ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەردە تاغىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۇيدۇڭ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مەمۇرىي خىزمەتكە ئورۇنلاشقان.

بىزنىڭ دوستلۇقىمىزغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن مۇشۇ خىزمەت ئۆزىنىڭ جىددىيلىكى ۋە ئىنقىلابىيلىقى بىلەن بىزنى تەربىيەلىگەن ۋە چېنىقتۇرغانىدى. بىز ھەركۈنى كەچتە كۈندىلىك خىزمىتىمىزدىكى ھەر خىل ئىشلار، ئاجايىپ ۋەقەلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، ھېسسىيات ۋە تەسىراتلىرىمىزنى ئورتاقلىشاتتۇق. بەزى كۈنلىرى ئىشتىن چۈشكەندە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، ئاپام ئەتكەن پولۇ، نېرىن، لەڭمەنلەرنى ھۇزۇرلىنىپ يەيتتۇق. قونۇپ قالغان كۈنلىرىمىزدە ئاپام كىيىملىرىمىزنى يۇيۇپ، شىمىلىرىمىزغا دەزمال سېلىپ قوياتتى. ئىككىمىزنىڭ ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆيگە كېلىپ قونۇپ كېتىدىغانلىقىمىزدىن داداممۇ بەك خۇرسەن بولاتتى. دادام ۋە ئاپام مېنىڭ پارتىزانلار قوشۇنىدىن ئايرىلىپ، مەمۇرىي خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمدىن خاتىرجەم ئىدى. بىراق مەن بۇ خاتىرجەملىكنى

بۇزۇۋېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم.

1945 ـ يىلى مارتنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى مەن خوجەخمەتكە كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دېدىم:

ــ مېنىڭ ئالتە ياش ۋاقتىم ئىدى. شۇ يىللاردا بىچارە دادام يامۇل ئەمەلدارلىرىدىن قاتتىق تاياق يېگەنىدى. كىچىك بولساممۇ ھەق ـ ناھاقنى چۈشىنەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ زالىملارغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. 1940 ـ يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمۇ تەپەككۇر سەزگۈلىرىمگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ھازىر ياشلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئىنقىلابقا قاتنىشىۋاتقانلىقى مېنى تېخىمۇ جەلپ قىلدى. بۇلتۇر دېكابىردا نەۋرە ئىنىم ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز پىدائىي جەڭچى بولغاندۇق. نەۋرە ئىنىم قۇربان بولدى. سۈيدۈڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن سىز بىلەن كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. مەن بۇ ئىشتىن زېرىكتىم. مېنىڭ رەسمىي قوراللىق جەڭچى بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بارغۇم بار.

ــ سىزنىڭ بۇ ئارزۇيىڭىزنى مەنمۇ قوللايمەن. بىراق سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ كۆز قارىچۇقى ئىكەنسىز. ئۇلار سىزنىڭ ئەسكەر بولۇشىڭىزنى خالىمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرە ئىنىڭىزنىڭ سۈيدۈڭ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلىقى ئاتا ـ ئانىڭىزغا قاتتىق تەسىر قىلىپتۇ. مېنىڭچە، سىز ئۇلارنى ئەنسىرەتمەي مۇشۇ خىزمەتنى قىلىۋېرىڭ، ــ دېدى خوجەخمەت.

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مەن پولك ئىشتابىغا بېرىپ، رەسمىي ئەسكەرلىككە يېزىلىپ كەلسەم، باش كاتىپ ياسىن خۇدابەردى: «بۇ خىزمەت ئىنقىلاب ئۈچۈن ئەمەسمىكەن؟» ــ دەپ مەندىن قاتتىق رەنجىدى. ئەمما خوجەخمەت: «ئۇلۇغ ئىشقا بەل باغلاپسىز. ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆيگەن ياخشى. مەنمۇ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خىزمەت ئورنۇمدىن يۆتكىلىپ كېتىمەن» ــ دېدى.

مەن سۇيدۇڭ 1 ـ پىيادە پولكىنىڭ 2 ـ باتالىيون 4 ـ روتىسىغا تەقسىم قىلىنىپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە خوجەخمەتنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىدا ساقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. 1945 ـ يىلى ئىيۇلدا سۇيدۇڭ پولكى ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى.

1947 ـ يىلى ئىيۇلدا مەن ھەربىي سەپتىن قايتىپ كېلىپ، غۇلجىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدا ئىشلىدىم. 1948 ـ يىلى سېنتەبىردىن 1950 ـ يىلىغىچە ئىلى تېببىي تېخنىكومىدا ئوقۇدۇم. شۇ يىللاردا خوجەخمەت ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا تەپتىش ئەمەلدارى، رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق مەسئۇلىيەتتى ئېغىر خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بىز پەقەت ئىككى قېتىملا ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىر داستىخاندا بىللە ئولتۇرغۇدەك، بىردەم پاراڭلاشقۇدەك پۇرسەت بولمىغانىدى. شۇ كەمگىچە مەن ئۇنى خوجەخمەت، ئۇ مېنى مۇھەممەد دەپ ئاتىشاتتۇق. 1949 ـ يىلى بىز توغرىكۆۋرۈكتە ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىمىزدا بىر ساقچىنىڭ خوجەخمەتنى «ئابلايېف» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن: «ئىسمىڭىز ئۆزگىرىپ قاپتۇغۇ؟» دېسەم، ئۇ، «غۇلجىلىق كادىرلار مېنى شۇنداق ئاتايدىغان بولۇۋالدى» دېدى.

## كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش

1951 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ناھىيەلەردىن تاللاپ 60 نەچچە كادىرنى شۇ يىلى

فېۋرالدا ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى. خەلق ئىشلىرى نازارىتى كۆپچىلىكىمىزنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىگە تەقسىم قىلدى. مەن 16 ـ ئاپرېل كۈنى قەشقەرگە باردىم. مەن ھېيتگاھتىكى تىللا سارىيىغا چۈشۈپ، بىر ھۇجرىغا نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئەكىرىپ قويۇپ، سىرتقا چىقتىم. بىر ئاشخانىدىن تاماق يەپ، مەن تەقسىم قىلىنغان خىزمەت ئورنۇم قەشقەر ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق»[1] قا كىردىم. كىشىلەردىن تەشكىلات بۆلۈمىنى سورىسام، 2 ـ قەۋەتتە، دېدى. مەن پېشايۋانلىق 2 ـ قەۋەتكە چىقىپ، دېرىزىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، بىر كىشى:

ــ ھوي مۇھەممەد! ــ دەپ ھەيرانلىق بىلەن مېنى چاقىردى. قارىسام، ئابلايېف خوجەخمەت ئىكەن. ئۇ دەرھال ئىشخانىدىن چىقىپ قۇچاقلاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ھەر ئىككىمىز كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىشتىن خۇشال بولغان ھالدا ئەھۋاللاشتۇق.

ــ ھە، دوستۇم، قانداق بولۇپ قەشقەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟

مەن جەرياننى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگىنىمدىن كېيىن:

ــ خىزمىتىڭلەرنى قىلاي دەپ كەلدىم. ئەمدىكى ئىلتىپات سىلەردە، ــ دېدىم.

ــ بىز سۈيدۈڭدىمۇ بىللە ئىشلىگەندۇق. ئەمدى قەشقەردىمۇ بىللە ئىشلەيدىغان بولدۇق. مەن سىزنى تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. ئاۋۋال سىزگە ياتاق كۆرسىتىپ بېرەي، ــ دەپ، بىر كىشىنى ماڭا ياردەملىشىشكە بۇيرۇدى. مەن شۇ كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن تىللا سارىيىدىن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئېلىپ، ئايرىم بىر ياتاق ئۆيگە ئورۇنلىشىۋالدىم.

---

[1] «ئىتتىپاق» ــ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەشقەردىكى كادىرلارنىڭمۇ بۇ دوستۇمنى ئابلايېف دەپ ئاتاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىلى تەرەپتە رەھبىرىي كادىرلارنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن باراتوف، كەرىموف، ئەيسايېف دەپ ئاتايتتى. قەشقەردە بولسا، ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتماي، فامىلىسىنى يېف، موف دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ رەھىموف بولۇپ قالغانىدىم. لېكىن ئىسمىمنى ئۆزۈمدىن سورىغان ئادەمگە مۇھەممەد رەھىم دېدىم. شۇنداق بولسىمۇ (ئايالىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا) ھېچكىم مېنى مۇھەممەد رەھىم دېمىدى.

قەشقەرگە كەلگەن كۈنۈم ئابلايېف مېنى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. تېتىك، ساغلام ئاپىسىنى ۋە ياتلىق بولغان سىڭلىسىنى تونۇشتۇردى. سىڭلىسى ئاكىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. يەنە بىر ئەر كىشىنى تونۇشتۇرغانىدى، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇلار مېنى قونۇپ قېلىڭ دەپ چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، ياتاقنىڭ ئوچۇق قالغانلىقىنى ئېيتىپ قونماي يېنىپ كەلدىم.

ئابلايېف قەشقەر ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق» نىڭ باش كاتىپى ھەم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەن. مەن تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. ئابلايېف ئىككى بۆلۈمنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەننىڭ سىرتىدا سەيپۇللايېف، ئابدۇرېھىم لېتىپلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغىمۇ ھەمكارلىشاتتى. ئۇ ھېرىش - چارچاشنى، مىننەت قىلىشنى ، ماختىنىشنى، كۆز - كۆز قىلىشنى بىلمەيدىغان پەزىلەتلىرى بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كادىر ئىدى.

بىر كۈنى ئابلايېفنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم، بىر نەرسىنى يېزىۋېتىپتۇ. قولىدىكى قەلەمنى كۆرۈپ قىزىقىپ قالدىم.

— قولىڭىزدىكى ئاجايىپ ئېسىل قەلەمغۇ؟ بۇنى قەيەردىن

ئالدىڭىز؟

— 1949 - يىلى سېنتەبىردە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى تەركىبىدە مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا بارغان چېغىمدا بۇ قەلەمنى ماڭا جۇدىي ۋېيىۋەنجاڭ تەقدىم قىلغان، — دېدى.

بۇ قەلەم ئابلايېف ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى تەۋەررۈك بىلىپ ئاسراپ ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قەلەمنى 1970 - يىللاردىمۇ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

ئېسىمدىن چىقمايدىغان مۇنداق بىر ۋەقە مېنىمۇ، ئابلايېفنىمۇ خىجىل قىلغانىدى:

1952 - يىلى مايدا يۇقىرىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى «ئىتتىپاق»نىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى باشقۇرىدىكەن. شۇ كۈنلەردە سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئىدىيە، تەرتىپ - ئىنتىزام ۋە كەسىپكە دائىر بەزى مەسىلىلەرنى تۈزەپ، ئاندىن كۆرەككە تەييارلىق قىلىش قارار قىلىندى. ئابلايېف ماڭا: «سىز شائىر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن سەنئەتچىلەر بىلەن چىقىشالايسىز» — دەپ مېنى ئۆمەككە مەسئۇل قىلىپ قويدى.

مەن كەسپىي ئۆمەك باشلىقى ئىمىن تۇردى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى تۈزەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. ئۇلاردا ئىتتىپاقسىزلىق، ئابرۇيپەرەسلىك ، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ئىللەتلىرى ئون ھەسسە كۆپ ئىكەن. ئارتىسلاردىن بىرى پاش قىلغان بىر جېدەلنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم: مۇناجات مۇزىكىسىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان سەنئەتچى شۇ مۇزىكىغا ئۇسسۇل ئوينىغان يەنە بىر سەنئەتچى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مۇناجاتقا مېنىڭدەك ئوينىيالمىغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنىڭ ئاللا بالىخان پەدەڭگە ئويناۋەرسەڭ بولمامدۇ؟

— مەن سەندىن ياخشىراق ئوينىغانلىقىم ئۈچۈن پۈتۈن خەلق چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى.

— تايىنلىق! مەن ئوينىغاندا خەلق چاۋاك چېلىپ، يەنە تەلەپ قىلغان.

— مەن ئوينىغاندا بىر پىيونېر قىز ماڭا گۈل تەقدىم قىلدىغۇ!

— ئۇ ئۆزۈڭنىڭ قىزى.

— ۋىيەي، ماۋۇ چىدىماسنىڭ گېپىنى قاراڭلار!.... — دەپ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.

مەن كۈندىلىك ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىنى ئابلايېفقا دوكلات قىلىپ تۇردۇم. 6 - كۈنى ئابلايېف مۇنداق دېدى:

— 1950 - يىلى رەئىس بۇرھان شەھىدى ئەپەندى شىنجاڭدىن تاللانغان بىر سەنئەت ئۆمىكىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئەكەلگەنىكەن. شۇ چاغدا بۇرھان ئەپەندى ئۇلارنى باشقۇرالماي تارتقان جاپاسىنى خۇلاسىلەپ: «ئوتتۇز نەچچە سەنئەتچىنى باشقۇرۇش شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىنمۇ تەس بولدى» دېگەنىكەن. ئومۇمەن سەنئەتچىلەر، خۇسۇسەن ئايال سەنئەتچىلەر ئارىسىدىكى پىتنە - پاسات، ئاغرىق - ئاداۋەتنى تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا تەلىم - تەربىيە ھازىرچە مۇشۇنچىلىك بولسۇن. بۈگۈندىن ئېتىبارەن كۆرەك تەييارلىقىنى باشلىۋېتەيلى. سىز ئىمىن تۇردى باشلىق ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كۆرەكنىڭ مەزمۇنى ۋە جەريانى توغرىسىدا تەپسىلىي پىلان تۈزۈپ چىقىڭلار. بىز كۆرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن شۇ بويىچە ئىش باشلىۋېتىڭلار. قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى باشقا ئۆمەكلەرگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىڭلار!

بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئابلايېف بۇ گېپىنى ئۆمەكنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ماڭا يەنە بىر قېتىم دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەنئەت كۆرىكى تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتۇق. ئابلايېف مېنى بۇ ئۆمەككە باشلىق قىلىپ قويغان بولسىمۇ، مېنىڭ سەھنە سەنئىتى ئىشلىرىدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. پەقەت ئېپىزوت ۋە كۈلدۈرگىلەرنىڭ تېكىستلىرىنى تەھرىرلەپ بېرىش، بىرنەچچە ناخشا تېكىستى يېزىپ بېرىش، كېرەك نەرسىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش بىلەن چەكلىنىپ قالدىم. سەنئەتچىلەر ئارىسىدىكى نامۇۋاپىق تەلەپلەر، ئورۇنسىز مەدھىيە ـ تەنقىدلەر، تۇگىمەس غەيۋەت ـ شىكايەتلەر مېنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى. سەنئەتچىنى سەھنىدىلا كۆرۈش كۇپايە ئىكەن، دەپ قالغانىدىم. ئۇ دەۋر ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بولغاچقا سەنئەت ئۆمەكلىرىمىزنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، ئىنتىزام جەھەتتىكى سەۋىيەسى شۇنچىلىك ئىدى.

كۆرەك ئون كۈن داۋاملىشىپ نەتىجىلىك ئاخىرلاشتى. ياخشى نومۇر، تۆھپىكار سەنئەتچىلەر مۇكاپاتلاندى. ماڭا: «رەھىموف ئۆمەكنى ياخشى باشقۇرالمىدى» دېگەن «مۇكاپات» بېرىلدى. مەن مۇشۇ مۇكاپاتنىڭ خاسىيىتى بىلەن سەنئەت ئۆمىكىدىكى كۆڭۈلسىز خىزمىتىمدىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئابلايېفمۇ مېنى بۇ ئىشقا تەيىنلەپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، كاتىبات بۆلۈمىگە يۆتكەپ قويغانىدى.

1953 ـ يىلى «ئىتتىپاق» ناملىق ئاممىۋى تەشكىلات دەۋر ئېھتىياجى بىلەن قىسقارغاندىن كېيىن ئابلايېف قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە باشلىق بولۇپ ئىشلىدى. 1956 ـ يىلى مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كەلگىنىمدىن كېيىن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى.

مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1962 ـ يىلى يانۋارغىچە «تارىم» ژۇرنىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدىم. ئالتە يىللىق بۇ جاپالىق خىزمەت مېنى زېھنىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاتتى. 1958 ـ يىلى باشلانغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى، پولات تاۋلاش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش قاتارلىق سىياسىي پائالىيەتلەر جەريانىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرى ئاساسەن ماڭا يۈكلىنىپ قېلىپ، ھەر كۈنى 10 ~ 15 سائەت ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانىدىم. شۇ سەۋەبلىك مەن نېرۋا ئاجىزلىق، نەپەس يوللىرى ياللۇغى كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىپ ئاجىزلاپ كەتكەنىدىم. شۇ يىللاردا ئايالىم ۋە بالىلىرىم قەشقەردە ئىدى. مەن مۇشۇ ئىككى سەۋەب بىلەن 1962 ـ يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئابلايېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، قانداق بولۇپ يەنە قەشقەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى دېدىم.

— قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلگىنىڭىز بىر ھېسابتا ياخشى بولۇپتۇ. قەيەردە ئىشلەشنى خالايسىز؟

— مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەشنى خالايمەن. بىراق ماڭا ھازىر ئارام ئالغۇدەك يېنىك خىزمەت بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدىم مەن.

ئابلايېۋ مېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. مەكتەپ ماڭا بىر يىل دەم ئېلىش پۇرستى بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسىنى ماڭا تاپشۇردى. ئوقۇتۇش ۋە ئىمتىھان ئىشلىرىغا ئاز قاتناشتىم.

1966 ـ يىلى دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى داغدۇغا بىلەن پوجاڭزا ئېتىپ، شوئار توۋلاپ كوچا ئايلاندى. بۇ شوئارلارنىڭ تەركىبىدىكى «ياشىسۇن» دىن باشقا، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى تارتىپ چىقىرايلى»، «سېسىق زىيالىيلار بىلەن كۈرەش قىلايلى» دېگەن ئىككى شوئار بىلەن

تەڭ رەھبىرىي كادىرلارغا ھۇجۇم باشلاندى. قىزىل قوغدىغۇچىلار (خۇڭۋېيبىڭلار) قەشقەر يەرلىك پارتكوم شۇجىلىرىنى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىرىنى، ئادەتتىكى ئىدارە باشلىقلىرىنى ئىش ئورۇنلىرىدىن، ھەتتا ئۆيلىرىدىن سۆرەپ چىقىپ سازايى قىلدى. مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن «بۇرژۇئا مائارىپىنىڭ نوپۇزلۇقلىرى» دېگەن بەتنام بىلەن ھاقارەتلەندى.

بىركۈنى قىزىل قوغدىغۇچىلار بىر تۈركۈم رەھبىرىي كادىرلارنى گېزىتخانا تەرەپتىن يوگۇرتۇپ ھەيدەپ ئەكەلدى. قارىسام، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئابلايېف بار ئىكەن. قىزىل قوغدىغۇچىلار بۇلارنى ھېيتگاھقا ئەكىلىپ قاتار قىلىپ تىزدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى، ۋەزىپىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ، ھەرخىل سىياسىي بەتناملار بىلەن ھاقارەتلەشكە باشلىدى. بىر سائەتتىن كېيىن قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇلارنى كوچا ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

بىچارە ئابلايېف تەرلەپ ھاسىراپ كېتىپتۇ. ئۆتكەن يىلى ئۆت كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ ئۆتىنى ئالدۇرۇۋەتكەن، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمىگەن كۈنلەردە مۇشۇ پالاكەتكە ئۇچرىغاندى. كەلگۈسىنى كۆرەلمەيدىغان تەلۋە ياشلار رەھبىرىي كادىرلارنى شۇنداق خورلىغان بولسىمۇ خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىۋېتەلمىدى. جەمئىيەتتىكى ئاق كۆڭۈل، ياخشى كىشىلەر تەلۋىلەرنىڭ نازارىتىگە پەرۋا قىلماي ئابلايېفنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. مەنمۇ ئۆيىگە بىرنەچچە قېتىم كىرىپ مۇڭدىشىپ چىققانىدىم.

ئۇ مۇدھىش كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. كۆك ئاسمان قۇياش نۇرى بىلەن يالتىراشقا باشلىدى. مىڭلىغان رەھبىرىي كادىرلار قاتارىدا ئابلايېفمۇ قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنىنى تاپتى. 1974 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئابلايېفنى چاقىرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەشۋىقات بۆلۈمىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلەندى. مەنمۇ شۇ يىلى ئىلگىرىكى ئىدارەم ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، تەھرىرلىك خىزمىتىمنى ئىشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز پات - پات ئۇچرىشىپ تۇردۇق. بەزى سورۇنلاردا بىللە بولدۇق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا ئابلايېف بىلەن 2008 - يىلىغىچە بىللە بولدۇق.

2006 - يىلى 25 - ئاۋغۇست كۈنىدىكى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىرى بۆلۈمى مېنىڭ شەرىپىمگە ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ئابلايېف سەھنىگە چىقىپ، مېنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن قۇچاقلاپ تەبرىكلىگەن ھەمدە كىتاب ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغاندى. ئابلايېف بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئارزۇ، تەلەپلىرىمىزنى ئورۇنلاپ بېرەتتى. بۇ ساھەنىڭ كادىرلىرىنى چۈشىنەتتى ۋە قەدىرلەيتتى. ئۇلار بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مەمۇرىي دەرىجە، كىشىلىك ئىناۋەت پەرقى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىككىمىزنىڭ 67 يىللىق دوستلۇقى ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن بېيىغان ۋە مۇستەھكەملەنگەنىدى. مەن بۇ قەدىردان دوستۇمنىڭ ئوبرازىنى كۆڭۈل خانەمدە مەڭگۈ ساقلايمەن.

2011 - يىلى 12 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## ئوقۇتقۇچىلىق ــ ئۇلۇغ خىزمەت

مەن 1954 ـ يىلى ئاۋغۇستتىن 1956 ـ يىلى ئىيۇنغىچە قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدىم. كىشىلەر بۇ مەكتەپنى سەمەن ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ 1953 ـ يىلى ئالاھىدە ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك كۆركەم مەكتەپ بولۇپ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ سىنىپلاردىن ئىبارەت 8 سىنىپ بار ئىدى. مەن ئۆزۈم ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ خىزمەتنى سۆيۈپ ئىخلاس بىلەن ئىشلىدىم. مەن ئاشۇ سىنىپلارنىڭ بىرنەچچىسىگە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتەتتىم. ئۇ يىللاردىكى دەرسلىك قوللانمىلىرىنىڭ ھەممىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە كىتابلار ئىدى. مەن بۇ دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ئىلگىرى تەكرار ئوقۇغانىدىم. شۇڭا كونسپېكتنى ھەرقايسى سىنىپنىڭ پروگراممىسىغا مۇۋاپىق تەييارلاپ، چۈشىنىشلىك ۋە قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتىم. بەزى كۈنلىرى دەرسنىڭ مەزمۇنىغا ماس كېلىدىغان رىۋايەت، لەتىپە، شېئىر، قوشاقلارنى قىستۇرۇپ سۆزلەيتتىم. مەن 1940 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن توپلىغان خەلق قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىللەر، چۆچەك ۋە لەتىپىلەر مېنىڭ لېكسىيەمنى بېيىتقانىدى. بەزى سائەتلەردە ۋاقىتنى تېجەپ، ئوقۇغۇچىلارغا خەلق چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. بۈگۈن بىر سىنىپقا بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بەرگەن بولسام، ئەتىسى باشقا سىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلىرىمۇ: «بىزگە شۇ چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىڭ» ــ دەپ تەلەپ قىلاتتى.

ــ سىلەر دەرسنى ياخشى تەييارلاپ كەلسەڭلەر، چۆچەك ئېيتقۇدەك ۋاقىت چىقىدۇ. بولمىسا، چۆچەكتىن ئۈمىد كۈتمەڭلەر، ــ دەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار دەرسنى ياخشى تەييارلاپ كېلىشەتتى. 6 ــ، 7 ــ سىنىپلاردا ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئون نەچچىسى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ماقالە، ھېكايە ۋە شېئىرلارنى يازاتتى. مەن ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرەتتىم.

مەن ئوقۇغۇچىلارغا «شورلۇك ھولمىس»، «چىپار لېنتا»، «پالگوننىڭ سىرى»، «قېلىن قار» ۋە باشقا رازۋېدكا ھېكايىلىرىنى، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئۈچ ئاكا ــ ئۇكا باتۇرلار»، «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ»، «تىرىڭ ــ تىرىڭ، كىم ئويغاق؟»، «ئەقىللىق توشقان» قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. شۇنىسى قىزىقكى، مەن بىر ھېكايە ياكى بىر چۆچەكنى بىر سىنىپقا ئېيتىپ بېرىپ قۇتۇلالمايتتىم. ئوقۇغۇچىلار دەرستىن كېيىن مەكتەپتە ياكى ئۆيلىرىدە مەندىن ئاڭلىغان چۆچەكنى بىر ــ بىرىگە سۆزلەپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن چۆچەك ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىدىغانلار كۆپىيىپ كېتەتتى. مەن چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا ئېيتىپ بېرىۋەرمەيتتىم. پەقەت دەرسنى 60 پىرسەنت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۆزلەشتۈرگەن سىنىپلارغا ئېيتىپ بېرەتتىم.

شېئىرىيەت توغرىسىدا دەرس ئۆتۈلگەندە، شېئىرغا قىزىقمايدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ تىنچ ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. مەن شېئىرىيەت قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن شۇ قائىدىگە مۇۋاپىق ئاتاقلىق شائىرلاردىن پۇشكىن، لېرمونتوف، نېكراسوف، غاپۇر غۇلام، غەيرەتى، نۇر ئىسرائىلوف، تۇردى ھەسەن (گۈلىستان)، ئۆمەر مۇھەممەدى،

ئابدۇلھەي مۇھەممەدىلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتىم. بىر ئوقۇغۇچى:

— مۇئەللىم، ئۆزىمىزنىڭ شائىرلىرىدىن ھېچكىمنى بىلمەمسىز؟ — دەپ سورىغانىدى. ھودۇقۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كەمچىلىكىمنى كېيىنكى دەرسلىرىمدە تولۇقلاپ، ئەنۋەر ناسىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيېفلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان بولدۇم. بەزى شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى بۇ شېئىرلارنى مەندىن ئارىيەت ئېلىپ كۆچۈرۈۋالاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى يازغان شېئىر، ھېكايە، ماقالىلىرىنى مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا بېرەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەتئېلى زۇنۇن بىلەن تۇرسۇنئاي ھۇسەيىننىڭ شېئىرلىرىنى كۆپرەك كۆرۈپ بېرەتتىم.

بۇ مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان مەندىن باشقا ئۈچ ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى شېئىرىيەت ھەۋەسكارى بولسىمۇ، ئۆز كەسپىنى سۆيمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان ئوقۇتقۇچى ئىدى. قالغان ئىككىسى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن قىلچە خەۋىرى يوق، تەييارلىغان لېكسىيەلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلىرى «كۆرۈپ بېقىڭ» ـ دەپ بەرگەن شېئىر، ھېكايىلەرنى مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا بېرەتتى. مەن كۆرۈپ، بەزى جايلىرىنى تۈزەپ، ئەتىسى شۇ مۇئەللىمگە بېرەتتىم. ئۇ ئۇنى يازغان ئوقۇغۇچىغا : «ياخشى يېزىپسەن» ـ دەپ بېرىپ قوياتتى. بۇ ئىشتىن مۇنداق ئىككى يامان نەتىجە چىققانىدى. بىرىنچىسى، شۇ ئىككى مۇئەللىمنىڭ ئىناۋىتى تۆۋەنلەپتۇ. ئىككىنچىسى، بىزگە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى مۇھەممەد رەھىم مۇئەللىم بەرسۇن، دېگەن تەلەپ كۆپىيىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىركۈنى ئىلمىي مۇدىرىمىز هامىت سابىر مېنى ۋە ھېلىقى ئىككى ئوقۇتقۇچىنى ئىشخانىسىغا چاقىردى:

— بىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىرىمىزنىڭ ئۆتۈلۈشى ۋە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ساپاسى ئۈستىدە ھەر خىل گەپلەر پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا مانا، مۇشۇ ئۇچىڭلار سەۋەبكار. سىلەر — ئىككىڭلار تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى قانائەتلىنەرلىك ئۆتەلمىگەنلىكىڭلەر ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى بار ئىكەن. سىز (مېنى دېمەكچى) ئۆزىڭىز دەرسكە كىرمىگەن سىنىپلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالدىكەنسىز، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەنىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى قانداق تۈزەش كېرەك؟

هامىت سابىرنىڭ گېپى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. نۇرغۇن گەپ - سۆز، تەنقىد، يولىيورۇقلاردىن كېيىن بىز ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە بىۋاستە ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن ئىلىپ كۆرۈپ بېرىدىغان بولدۇم. شۇ يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىدىغان ھەۋەسكار ئوقۇغۇچىلاردىن بىرقانچىسى هازىر ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچى، پىروفېسسور بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن: مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، ئەخەت تۇردى، ئابدۇكېرىم راخمان، ئىمىن ئەھمەدى، مىركامىل ياقۇپ، مىرزاھىت كەرىمى، تۇرسۇنئاي ھۇسەيتىن، ئابلىز ئۆمەر... لەرنىڭ بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرى ئۇلارغا شان - شەرەپ سەھنىسىدىن يۇقىرى ئورۇن بەردى. بىز ھەر نۆۋەت ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن چىققان: «سالام، ئۇستاز!» — دېگەن ھۆرمەتلىك سادالىرى ماڭا ئېپتىخارلىق ۋە مەمنۇنىيەت بېغىشلايدۇ.

بىر سورۇندا بىر ئوقۇغۇچىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى — نەۋرە ئوقۇغۇچىم

مېنى «سىز مېنىڭمۇ ئۇستازىم !» دېدى. ئۇنىڭ ماڭا تۇتقان ھۆرمەت شارابىنى ئىچىپ، چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت دېدىم. شۇنىڭدىن بىلدىمكى، ئوقۇتقۇچىلىق تەڭداشسىز ئۇلۇغ خىزمەت ئىكەن. مەن ئاشۇ شاگىرتلىرىمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنىڭ شاراپىتى بىلەن ياشاۋاتىمەن.

2010 ـ يىلى 3 ـ ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com

# ماقالىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كەمچىلىكسىز ئىش قىلىش قىيىن

ھۆرمەتلىك قەلەم ساھىبى ئىنىم !

سىزنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز» دېگەن ماقالىڭىزنى ئوقۇپ خۇرسەن بولدۇم. مەنمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ يۈرۈۋاتىمەن. ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ماقال ـ تەمسىللەرگە دىققەت قىلىۋاتىمەن. بىرمۇنچە زىيالىيلىرىمىزنىڭ «مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق، بەزگە ئامراق»، «ھەر كالىلىدا ھەر خىيال» دېگەندەك بۇزۇلغان ۋە ئۆزگىرىپ كەتكەن ماقال ـ تەمسىللەردىكى مەنتىقسىزلىكنى سەزمەيۋاتقانلىقىدىن بىزار بولۇپ بىر ماقالە يازغاندىم. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2007 ـ يىلى 26 ـ فېۋرال كۈندىكى سانىدا).

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىنى توپلاپ رەتلەش ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاش ئىشى ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ۋە ئۇلۇغ ئەمگەك. ئازادلىقتىن بۇيان بىز بۇ ساھەدە ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلدۇق، توپلاپ نەشر قىلىنغان ماقال ـ تەمسىللىرىمىزنىڭ ئۆزىلا ئون توپلامدىن ئاشىدۇ (ناھىيە، ۋىلايەتلەرنىڭ توپلاملىرى بۇنىڭ سىرتىدا). لېكىن بۇ نەتىجىلىرىمىزنى نۇقسانسىز، تەلتۆكۈس دېيەلمەيمىز. سىز تەكرار ئوقۇپ پىكىر يازغان بۇ توپلاممۇ شۇنىڭ ئىچىدە. مەن بۇ توپلامدىكى كەمچىلىكلەرنىڭ بەزىلىرىنى 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان قاتتىق مۇقاۋىلىق «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» توپلىمىدا تۈزەتتىم. تۈزىتىلمىگەنلىرىمۇ بار ئىكەن.

ئەمدى مەن سىزنىڭ ماقالىڭىز ئۈستىدە توختىلاي:

سىز ماقالىڭىزنىڭ 2 ـ ئابزاسىدا: « بۇ ساھەدە ئىلى

ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماقال ـ تەمسىل ۋە ئاتىلار سۆزلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، پوتكۇل ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ» دەپسىز سىز ئىلىدىن باشقا جايلارنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلىغان ۋە ئۆگەنگەن بولسىڭىز بۇ گەپنى قىلمايتتىڭىز. ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئېتنوگرافىيەلىك پەرقلەر شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس ماقال ـ تەمسىللەرنى ياراتقان، ھەممە جاينىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بار. مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭدا خامانني تۇلۇق بىلەن يۇمشاتسا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئات، ئېشەككە دەسسىتىپ يۇمشىتىدۇ. مۇشۇ ئۆزگىچىلىكتىن «تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس» دېگەن تەمسىل خاراكتېرلىك ماقال بارلىققا كەلگەن.

1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» توپلىمىدىكى كەمچىلىكلەرنى سىز تۆت نۇقتىغا ئايرىپ چۈشەندۇرۇپسىز.

1. باشقا مىللەتلەردىن كىرگەن ماقال ـ تەمسىللەر توغرىسىدىكى پىكرىڭىزدە: «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا يوق، پەقەت ئاپتور تەرىپىدىن زورمۇزور كىتابقا كىرگۈزۈلگەن» دەپ، 11 مىسالنى كۆرسىتىپسىز. بۇنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچىدىن كىرىپ قالغان «توخۇنى ئۆلتۇرمىگۈچە يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس»، «يولۋاس بالىسىنى تۇتىمەن دېسەڭ، يولۋاس ئۇۋىسىغا كىر» دېگەن تەمسىللەر تەرجىمانلىرىمىزنىڭ قەلىمى بىلەن بىزنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىمىزگە ئارىلىشىپ قالغان. بۇلارنى شاللىۋەتسەكمۇ بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلسا قوبۇل قىلىپ ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ. «تېرە بولمىسا تۈك نەدىن چىقىدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن ئۇنىڭ كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىمۇ ئورتاقلىشىش تەسىرىنى كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە. بىز ئۆزبېك، قازاق، قىرغىزلارنىڭ ماقال - تەمسىللىرىنى ئوقۇپ كۆرسەك، نۇرغۇن ماقال - تەمسىللىرىمىزنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بىر قىسىم چۆچەك، رىۋايەت، لەتىپە ۋە قوشاق - بېيىتلىرىمىزمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. مۇنداق ئارىلىشىپ كەتكەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرىنى بىز باشقىلاردىن قوبۇل قىلغان بولساق، بەزىلىرىنى باشقىلار بىزدىن قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ تەۋەلىكى ۋە چەك - چېگراسىنى تولۇق ئايرىپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس. سىز ئېيتقان بىرقانچە ماقال - تەمسىل بىلەنلا تۈگىمەيدۇ.

بىزدە: «كۈندىن قالدىڭ - ئايدىن قالدىڭ، ئايدىن قالدىڭ - يىلدىن قالدىڭ»، «كۈنلۈك ئىشنى سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىشنى باھاردىن» دېگەن ماقاللار بار. بۇلار مەنىداش ماقاللار بولۇپ، بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مەنىداش ماقال - تەمسىللەرنىڭ بىر ئەمەس، بىرنەچچە ۋارىيانتى بار. مەسىلەن: «ئەقىل تۈزۇماس، بىلىم خورىماس»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا»، «ئاقىل ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى»، «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز»، «ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ»... بۇ ماقاللاردا مەنە جەھەتتە خاسلىقىمۇ بار، ئورتاقلىقىمۇ بار.

سىز تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى «بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا زادى يوق» دەپسىز: «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت بولسا ئادەمدە»، «دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق»، «ئادەم قېرىسا، كۆڭلى قېرىماس، سۆگەت قېرىسا يىلتىزى (قېرىماس)»، «ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇقرا ياقالمايدۇ چىراغ»، «ھەيدىگىنىڭ ئالتە ئۆچكە، ئۈشت - ئۈشتۈڭ ئالەمنى ئالدى»... يۇقىرىدىكىلەر تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ماقال - تەمسىللەر بولۇپ، مەن ئۇلارنى كىتابقا (توپلامغا) زورمۇزور كىرگۈزۈۋالمىدىم. زورمۇزور كىرگۈزگەن بول-

سام، ئۆزۈم «ئىجاد قىلغان» بولۇپ قالمەن.

2. «ماقال ــ تەمسىلگە ياتمايدىغان سۆزلەر» دېگەن گورۇپپىدىكى «داپ دارائىلغان، ئېشەك هائىرىغان»، «بېشى قايغان، پۇتى تايغان» دېگەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ھەقىقىي ماقال ــ تەمسىل ئەمەس. لېكىن ئۇلار فىرازېولوگىيەلىك بىرىكمىلەر كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغىنى ئۈچۈن ماقال ــ تەمسىللەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ»، «دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت»، «تەڭشەلمىگەن ئالەم» دېگەنلەر ھەقىقىي ماقال ــ تەمسىللەردۇر، سىز بۇلارنى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى دەپسىز، بۇ توغرا ئەمەس. بىرىكىش مۇناسىۋىتى زىچ بولمىغان سۆز بىرىكمىلىرى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى دېيىلىدۇ. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرغىلى، ئۆزارتقىلى ۋە قىسقارتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا؛ دەريانىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشى قالتىس؛ دەريا ئۆركىشى ئاجايىپ ... دېگەندەك جۈملىلەر تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى بولىدۇ.

3. خاتا ئېلىنغان ماقال ــ تەمسىللەرنىڭ 1 ــ سىدە كۆرسىتىلگەن «يۇرت ئىشىكى كەڭ» دېگەن ماقال ئىملا خاتالىقى تۈپەيلىدىن «ئېتىكى» دېگەن سۆز «ئىشىكى» بولۇپ قاپتۇ. 4 ــ مىسالدىكى «قوش قانتى بىلەن ئۇچۇپ، پۇتى بىلەن قونىدۇ» دېگەن تەمسىلنى خاتا دەپسىز. مەن بۇ تەمسىلنىڭ «قوش قانتى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونىدۇ» دېگەن ۋارىيانتىنى ھېچكىمدىن ئاڭلىمىدىم ۋەھېچقايسى توپلامدا كۆرمىدىم. قۇيرۇقى ئۇزۇنراق قۇشلار قونغان چاغدا قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ كېتىدۇ. بۇنى قۇيرۇقى بىلەن قونىدى دېگىلى بولمايدۇ. ئايروپىلانمۇ موتورنىڭ كۈچى بىلەن ئۇچۇپ، چاقلىرى بىلەن قونىدۇ. پەقەت لەگلەك شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونۇشى مۇمكىن. ئىستېمال جەريانىدا تىل ۋە ھەرىكەت لوگىكىسىدىن چەتلەپ كەتكەن ماقال ــ تەمسىللەر شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقال ـ تەمسىلنىڭ بۇزۇلغان ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ.

5 ـ مىسالدىكى «مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى، ئېشكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەن تەمسىل خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ ۋارىيانتىنى توغرا دەپ قارايمەن. مەن قولۇمدىكى ماقال ـ تەمسىللەر توپلاملىرىغا قاراپ باقسام، بەشىدە «مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى»، بىرىدە «مەن ئالدىرايمەن يەتكىلى» ئىكەن. دېمەك، تۇرمۇشتا ئۆيگە كەتكىلى ئالدىرايدىغانلار بولغىنىدەك، مەنزىلگە يەتكىلى ئالدىرايدىغانلارمۇ بولىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ۋاريانتىنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ. ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە بۇ تەمسىلنىڭ ئۇ ياكى بۇ ۋارىيانتىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

ماقالىمىزدە «خاتا ئېلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر» نىڭ 10ـ سىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەپسىز: «ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر، تېڭىرقىماڭ تاڭلا كېلەر»، بۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. زادى ئاستا كېلىدىغان، تاڭلا كېلىدىغان نېمە ئۇ؟ ئادەممۇ، ئاپەتمۇ، ئامەتمۇ؟ بۇنى كىتاب ئاپتورى ئۆزى چۈشەنمەستىن، چالا ئاڭلىۋالغان گەپ بويىچە يازغان. بۇ ماقال ئىنتايىن خاتا ئېلىنغاندىن سىرت، ھېچقانداق تەربىيەۋى مەنە بەرمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق ‹تېڭىرقىماڭ› سۆزى بولسا، يەنە بىر خاتالىق سۆزلەر ئورۇن ئالمىشىپ كەتكەن...» دەپ بىرمۇنچە قالايمىقان گەپلەرنى يېزىپسىز، ئاخىرىدا: «توغرىسى: تېنىقىماڭ تاڭنا كېلەر، ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر» دەپ شۇ ماقالنىڭ 2 ـ ۋارىيانتىنى كۆرسىتىپسىز. بۇ ئىككى ۋارىيانت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئوقۇرمەنلەر كۆرۈپ باقسۇن:

مېنىڭ ۋارىيانتىم: ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر،
تېڭىرقىماڭ تاڭلا كېلەر.

سىزنىڭ ۋارىيانتىڭىز: تېپىلغان ئاتلار كېلەر،
ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر.

بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى ۋارىيانتىنى شۇنداق قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكىڭىزدىن قارىغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ ماقال - تەمسىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىز بەك تۆۋەن ئىكەن.

قىسقىسى، سىزنىڭ ماقالىڭىزدە كۆرسىتىلگەن نۇقسانلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ئورۇنسىز. سىزنىڭ توغرا دەپ كۆرسەتكەن ۋارىيانتلىرىڭىز ئىچىدىمۇ بۇزۇلغان ۋە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىرى بار. مەسىلەن: «بىر ئۆينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، مىڭ ئۆينىڭ تۈۋرۈكى سىرقىرار». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئۆينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۈۋرۈكى سىرقىرار».

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىمۇ فولكلورنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش بۇزۇلۇش، ئۆزگىرىش ۋە ياساملىق ھادىسىلىرىدىن خالىي ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى - يېڭى ماقال - تەمسىللەر بارلىققا كېلىپ، فولكلور خەزىنىمىزنى بېيىتىۋاتىدۇ. سىزنى پىكىر يېزىشقا ئۈندىگەن مېنىڭ كىتابىمدىن كېيىن ئۇنىڭغا يېقىن ماقال - تەمسىل توپلاملىرى نەشىردىن چىقتى. سىزنىڭ شۇلارنىمۇ ئوقۇپ كۆرۈشىڭىزنى، ئارتۇق - كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە دادىل پىكىر بايان قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. كىم بولسا بولسۇن كەمچىلىكسىز ئىش قىلىش قىيىن.

2008 - يىل 18 - ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىزلار، ھوشيار بولۇڭلار!

مەن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2008 ـ يىلى 22 ـ دېكابىردىكى «چەيلەنگەن غۇنچە» ماۋزۇلۇق ماقالىنى ئوقۇپ، يىگىتكە نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرىتىم، قىزغا نىسبەتەن ئېچىنىشلىق ھەسرىتىم دولقۇنلىدى. ماقالىدە ھىيلىگەر، ۋىجدانسىز ئەركىنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ئىشچان ماھىرەنى ئالداپ، ئۇنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى چەيلىگەنلىكى ئاز كېلىپ قالغاندەك، ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇپ قويغانلىقى بايان قىلىنغان (كىشى ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلدى).

ماقالىدە مۇنداق جۈملىلەر بار: «ئەركىنىڭ ماھىرەگە ھەددىدىن زىيادە مېھرىبانلىق قىلىشى ۋە كۆيۈنۈشى ماھىرەنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلدى ۋە ئەركىن بىلەن تېزرەك توي قىلىش نىيىتىگە كەلدى...».

بىر كۈنى ئەركىن ماھىرەگە: «ئاتا ـ ئانامنىڭ سىزنى بىر كۆرگۈسى بار ئىكەن» دەپ، ئەتىسى كەچتە ماھىرەنى ئۆيىگە باشلاپ بارغان. ئۆيدە ھېچكىم بولمىغاچقا ئەركىن ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە: «كەچۈرۈڭ، ئاتا ـ ئانام بىر دوستىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كەتكەنىدى، ھازىر كېلىدۇ. ئۇسساپ قالغانسىز» دەپ مېۋە سۈيى قۇيۇپ بەرگەن. ماھىرە بىر بوتۇلكا مېۋە سۈيىنى ئىچىپ، بىر ـ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتكەن.

ماھىرە ئەخمىقانە ساددىلىقىدىن شۇ بىر كېچە ئىپپەت ـ نومۇسىدىنمۇ، شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىنمۇ، بەختلىك ئىستىقباللىدىنمۇ ئايرىلغان. بىچارە قىز ئەمدى بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەت بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئازابلىنىدۇ. دېمەك، بۇ

قاباھەتلىك قىسمەتتىن ئادىمىيلىكنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى ئايان بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئەركىن ئۆزى يۇقتۇرۇۋالغان ئەيدىز كېسىلىنى قەستەن ماھىرەگە يۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ بەختىگە ۋە ھاياتىغا زامىن بولغان ۋىجدانسىز مەخلۇق. ئىككىنچىسى، ماھىرە بۇ ئىپلاس كېسەللىكنى باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان، ھەتتا تۇرمۇش قۇرۇش ئارزۇسىدىنمۇ ۋاز كەچكەن ۋىجدانلىق، ئالىيجاناب ئىنسان.

ئەمەلىيەتتە ماھىرە ھوشيارلىقىنى يوقاتقان ھالدا مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان:

1. مۇھەببەتلىشىۋاتقان كۆڭلەردە: بۇ ماڭا نېمانچە مېھرىبانلىق قىلىدۇ، دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچمىگەن.

2. ئەركىن مېنى نېمىشقا ئادەم يوق ئۆيگە باشلاپ كېلىدۇ، مېنى كۆرمەكچى بولغان ئاتا ــ ئانىسى ئۆيدە كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ، دېگەن سوئال خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ يالغان سەۋەبكە ئىشەنگەن.

3. ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى سېلىنغان ئىچىملىكنى ئازراق ئىچىپ تېتىپ باقمىغان، ياكى مۇگدەشكە باشلىغان ھامان سەگەكلەشمىگەن. مۇھىمى، ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى بىر يامانلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى.

قىزلار، ماھىرەنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى يېزىلغان «چەيلەنگەن غۇنچە» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار! ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ: «ئادەمنى گەپ بىلەن ئالدايدۇ، قۇشنى يەم بىلەن» دېگەن نەسىھەتىنى ئەستىن چىقارماڭلار! ماھىرەدەك ئاق كۆڭۈل قىزلار، ھوشيار بولۇڭلار!

2009 ـ يىلى 19 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەلشىر نەۋايى ۋە تېيىپجان ئېلىيېف

ئۇلۇغ ۋە مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنە بويىچە راۋاجلىنىشىغا ئەندىز قالدۇرۇپ كەلگەن ئۇستاز شائىر. ئەلشىر نەۋايىنىڭ شېئىرىي تەلىماتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بىلەن تەمىنلىدى، ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب ۋە پاساھەتلىك تىل بايلىقى بىلەن بېيىتتى.

مەن ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدىكى بىرىنچى دەرسنى 1946 ـ يىلى فېۋرالدا ئاتاقلىق شائىر نىمشېھىتتىن ئالغاندىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئەلشىر نەۋايىنىڭ لىرىك غەزەللىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ھۇزۇرلاندىم. بەزى غەزەللەردىكى ئاجايىپ لىرىك تەسۋىرلەرگە مەپتۇن بولۇپ يادلىۋالدىم.

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىلكەئسى ئەنۋارۇلھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆردەپ جامدىن چىقتى سادا.

بۇ مىسرالاردىكى شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن بەدىئىي ۋاستىلەردىن بولغان قىلىقلاندۇرۇش شۇ دەرىجىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنكى، مەي بىلەن تولغان جام مەي ساھىبىغا: يارىڭنىڭ جامالىنى مەيگە قاراپ كۆر، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەلشىر نەۋايىنىڭ غەزەللىرىدە مۇنداق لىرىك ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋايىنىڭ غەزەللىرى ماڭا ھەزەج ۋە رەمەل بەھرلىرىنىڭ ۋەزىن قائىدىلىرىنى ئۆگەتكەن دەرس بولۇپ قالدى. مەن مۇشۇ ۋەزىن

قائىدىلىرىگە ئاساسەن بىرنەچچە غەزەل ۋە مۇخەممەسلەرنى يېزىپ باقتىم. يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېف ئارۇز ۋەزنىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىۋاتقان يىللاردا مەنمۇ ھەمنەپەس بولۇپ بىللە ئۆگەندىم. نەتىجىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بەھىر تۇرلىرى جەھەتتە خېلى ساۋاتلىق بولۇپ قالدىم. مەن مۇشۇ سەۋىيە ۋە چۈشەنچەمگە ئاساسەن 1978- يىلى «ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا» دىگەن دەسلەپكى ماقالەمنى يېزىپ ئېلان قىلدىم. بۇ ماقالەمدىكى يېتەرسىزلىكلەر يىللار ئۆتكەنسېرى مېنى ئەيىبلەيدىغان ۋە ئارام بەرمەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قايتا يېزىشقا بەل باغلاپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ: «غەرايىبۇس - سىغەر» ۋە «نەۋادىرۇش - شەباب» دىۋانلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندىم. شۇنىڭغا ئاساسەن ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدىكى ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن مۇۋاپىق مىساللارنى ئىزدەپ تېپىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈردۈم.

1982 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ماڭا غەزەل ۋە مۇخەممەسلەردىن تۈزۈلگەن بىر توپلام ئىشلەشنى ھاۋالە قىلدى. مەن بۇ توپلامنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن بىرنەچچە قېتىم مەسلىھەتلەشتىم. بىزنىڭ شائىرلىرىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يارقىن ئىزى بىلەن مېڭىپ، ئارۇز ۋەزنىنى قانچىلىك ئۆگەنگەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر توپلام ئىشلەش زۆرۈر بولۇپ قالغان. شۇ ۋەجدىن «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر» ناملىق ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى 1983 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، شېئىرىيەت ئەھلى ۋە ھەۋەسكارلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەن مۇشۇ توپلامنى ئىشلىگەنلىكىم ۋە ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا ئىلمى

www.uyghurkitap.com

ماقالە يازغانلىقىم بىلەن تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولساممۇ، لېكىن ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە مەن ئۇنىڭدىن كۆپ ئارقىدا تۇرىدىغانلىقىمنى يوشۇرالمايمەن.

تېيىپجان ئېلىيېف ئەلشىر نەۋايىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق مەشھۇر ئەسىرى تەركىبىدىكى «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (بالىلىق غارايىبلىرى)، «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى)دىن ئىبارەت تۆت دىۋانىنى ئۇزۇن يىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «غەزەللەر» توپلىمىنى ئىشلىگەن. تېيىپجان بۇ توپلامغا تۆت دىۋاندىكى 2600 پارچە غەزەلدىن 260 غەزەلنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى نەۋايىنىڭ ئۆز تىلى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن رەتلىگەن ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن شەرھلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ جاپالىق ئەمگىكى ئەلشىر نەۋايىغا بولغان ئېتىقادىنى ۋە ئۇنىڭ سەممىي شاگىرتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. خۇسۇسەن ھەربىر بېيىت يەشمىلىرىنىڭ ئىخچام ۋە راۋانلىقى تېيىپجان ئېلىيېفنى ئەلشىر نەۋايىنىڭ زاماندىشىلىرىدەك ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا تېيىپجان ئېلىيېف ھەممىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن پىكرىمگە يەنە بىر ئىسپات شۇكى، ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھېچكىم يازمىغان بىر قانچە بەھرلىرىدە غەزەل يازغان. ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يازغان ۋە يېزىۋاتقان نۇرغۇن شائىرلىرىمىز ھەزەج بەھرى بىلەن رەمەل بەھرىنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. رەجەز ۋە مۇتەقارىب بەھرلىرىدە بىر ـ ئىككىلا ئادەمنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى كۆردۇم. مەن تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ بىر قانچە بەھرلىرىدە يازغان شېئىرلىرىدىن مىسال كۆرسىتىپ ئۆتەي.

## ھەزەج بەھرى ۋەزنلىرى

1. ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم:

مېنى سەن بىۋاپا دەيسەن، ئۆزۈڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ،
ئەجەب گەپقۇ، نېمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ؟

مېنى سەن بىـ/ ۋاپا دەيسەن/ ئۆزۈڭ قانچە/ ۋاپا قىلدىڭ
مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن
V___/ V___/ V___/ V___

(«ئەجەب گەپقۇ»دىن)

2. ھەزەجى مۇسەممەنى مەھزۇف:

ئاچاي بىر سۆز، زۇغۇي دوستۇم، رەزىللىك خاتىرەڭدىن،
كى ۋىجدان ھەققىدە تاپقان «ئىجادىي پەلسەپە» ڭدىن.

ئاچاي بىر سۆز/ زۇغۇي دوستۇم/ رەزىللىك خا/تىرەڭدىن
مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن/ پەئۇلۇن
V___/ V___/ V___/ V__

(«زۇغۇيلار توغرىسىدا» دىن)

3. ھەزەجى مۇسەددەسى سالىم:

ھەمىشە كۈيلىگەندە مەن مۇھەببەتنى،
بېغىشلايمەن ساڭا، جانان، تالاي بەتنى.

ھەمىشە كۈيـ/لىگەندە مەن/ مۇھەببەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن

— — — V/ — — — V/ — — — V

(«قەدىرلەيمەن سېنى، جانان» دىن)

4. ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەجبۇب:

يار كەلدى تولۇپ قەددى سۇۋادان كېلىدۇ،
يەلپۈنگىنىچە شۇ چېچى بوستان كېلىدۇ.

يار كەلدى/ تولۇپ قەددى/ سۇۋادان كې/لىدۇ
مەپئۇلۇ/ مەپائىيلۇ/ مەپائىيلۇ/ پەئەل

— V/ V — — V/ V — — V/ V — —

(«جانان كېلىدۇ» دىن)

5. ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف:

پەرداز بىلە ماختانما چىمەننىڭ گۈلى مەن دەپ،
چۇقان بىلە لاپ ئۇرما سەھەر بۇلبۇلى مەن دەپ.

پەرداز بى/لە ماختانما/ چىمەننىڭ گۈ/لى مەن دەپ
مەپئۇلۇ/ مەپائىيلۇ/ مەپائىيلۇ/ پەئۇلۇن

— — V/ V — — V/ V — — V/ V — —

(« ئەمدى ئېغىز ئاچما»دىن)

6. ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر:

ئوقۇغۇچلار ھەسرىتىمنى شۇ ۋاراقتىن،
خېتىمگە ئالدىم ئىلھامنى ساۋاقتىن.

ئوقۇڭلار ھەسـ/ـرىتىمنى شۇ/ ساۋاقتىن
مەپائىيلۇن/ مەپائىيلۇن/ پەئۇلۇن
V—— / V——— / V——

(« ئىچىمدە ھەسرىتىم كۆپ» تىن)

## رەمەل بەھرى ۋەزىنلىرى

7. رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف:

مەن ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەس شۇ باغقا كىرگەندىن بېرى
ئوخشىدىم پەرۋانىگە سەن يارنى كۆرگەندىن بېرى.

مەن ئۆزۈم ئۆ/زۈم ئەمەس شۇ/ باغقا كىرگەنـ/ـدىن بېرى
پائىلاتۇن/ پائىلاتۇن/ پائىلاتۇن/ پائىلۇن
— V—— / — V—— / — V—— / — V —

(«شۇندىن بېرى» دىن)

8. رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف:

بىر گۈزەل باقتى ماڭا مېھرى بىلەن،
قۇچتى باغرىمنى كېلىپ باغرى بىلەن.

بىر گۈزەل باقـ/ـتى ماڭا مېھـ/ـرى بىلەن
پائىلاتۇن/ پائىلاتۇن/ پائىلۇن
— V—— / — V—— / — V —

(« ئوغرىدىن مەككار يامان»دىن)

9. رەمەلى مۇسەممەنى مەخبۇنى سالىم:

سىر دىشىم دەپ سېنى مەن ئېيتىۋىدىم ھەممە سىر ىمنى،
شۇندا گۆھەر دېۋىدىڭ سەن يۇرىكىمنى، جىگىر ىمنى.

سىر دىشىم دەپ/ سېنى مەن ئېيـ/ ـتىۋىدىم ھەمـ/ ـمە سىر ىمنى
پائىلاتۇن/ پەئىلاتۇن/ پەئىلاتۇن/ پەئىلاتۇن
— — V V / — — — V V / — — — V V / — — V —

(«ئەمدى» دىن)

## رەجەز بەھرى ۋەزىنلىرى

10. رەجەزى مۇسەممەنى سالىم:

كەلمەك بولۇپ سەن كەلمىدىڭ، سۆز بولسا يالغان مەيلىمۇ،
ۋەسلىڭگە ئىمكان بەرمىدىڭ، كۆيدۇرسە ھىجران مەيلىمۇ.
كەلمەك بولۇپ/ سەن كەلمىدىڭ/ سۆز بولسا يالـ/ ـغان مەيلىمۇ
مۇستەپئىلۇن/ مۇستەپئىلۇن/ مۇستەپئىلۇن/ مۇستەپئىلۇن
— V  — — / — — V — / — — V — / — — V  — —

(«مەيلىمۇ»دىن)

## مۇتەقارىب بەھرى ۋەزىنلىرى

11. مۇتەقارىبى مۇسەممەنى سالىم:

ھۇزۇر بەخش ئەتتى باھارنىڭ شامالى،
جاكارلاندى ئەلدە دوقالنىڭ زاۋالى.

ھۇزۇر بەخـ/ ـش ئەتتى/ باھارنىڭ / شامالى
پەئۇلۇن / پەئۇلۇن / پەئۇلۇن / پەئۇلۇن
— — V / — — V / — — V / — — V

(«ئىلىم ـ پەن باھارى» دىن)

12. مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەھزۇف:

ئانا، ئۇ يىگىتكە دالالەت قىلىپ،
چىچىلماڭ، دىلىمنى جاراھەت قىلىپ.

ئانا ئۇ/ يىگىتكە/ دالالەت/ قىلىپ
پەئۇلۇن/ پەئۇلۇن/ پەئۇلۇن/ پەئەل
V ـــ/ ـــ V/ ـــ ـــ V/ ـــ ـــ V/ ـــ

(«مېنىڭ ئۆز خىلىم بار» دىن)

13. مۇتەقارىبى مۇسەممەنى ئەسرەمى مەھزۇف

تاڭ بىلە لەرزان ئۇچتى سابا،
ۋادىنى بويلاپ چاچتى ئىپار.
تاڭ بىـ/ ـلە لەرزان/ ئۇچتى/ سابا
پەئلۇ/ پەئۇلۇن/ پەئلۇ/ پەئەل
ـــ V/ V/ ـــ ـــ/ ـــ V/ V ـــ

(«زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دىن)

تېپىچان ئېلىيېفنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ۋەزىن تۇرلىرىدە يازغان شېئىرلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىشقا چامىم يەتمىدى.

بىز بۇگۈن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىسى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 750 يىللىقىنى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق خاتىرىلىدۇق. بىز بۇ يىغىنىنىڭ روھىدىن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تونۇپ يەتتۇق ھەم ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئەنئەنە ۋە زامانىۋى يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۇق. مەن مۇشۇ چۈشەنچىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تىرىشچانلىقىمىز بىلەن بۈگۈنكىدىنمۇ مول ھوسۇل بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2011 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

图书在版编目(CIP)数据

百年生涯：维吾尔文/ 买买提·热依木著 — 乌鲁木齐：新疆大学出版社，2014.9
ISBN 978-7-5631-2765-8

Ⅰ.①百 ··· Ⅱ.①买···Ⅲ.①纪实文学 - 中国 - 当代 - 维吾尔语 (中国少数民族语言) Ⅳ.① 125

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 223278 号

策 划 人：吾拉木阿吉·赛海尔其
责任编辑：开丽毕努尔·米吉提
责任校对：阿不都热依木·阿布力米提
封面设计：买买提·依布拉依木

百年生涯

买买提·热依木 著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 666 号 邮编：830046）
新疆新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880mm × 1230mm 32 开本 7 印张
2014 年 9 月第 1 版 2014 年 11 月第 1 次印刷

ISBN 978 - 7 - 5631 - 2765 - 8
定价：28.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پىلانلىغۇچى: غۇلام ھاجى سەھەرچى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇھەممەت ئىبراھىم

«ئەسىرگە تەڭ ھايات» قا تۈزىتىش

| بەت | قۇر | | بېسىلىشى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| | يۇقىرىدىن | تۆۋەندىن | | |
| 1 | | 8 | 11 ـ ئىيۇندا ماددىلىق | ئىيۇندا 11 ماددىلىق |
| 14 | | 9 | دېكدىبىر | دېكابىر |
| 20 | 7 | | ئارۇزىيۇم | ئارزۇيۇم |
| 20 | 7 | | ئارۇزىيۇمنى | ئارزۇيۇمنى |
| 20 | 10 | | ئارۇزلۇق | ئارزۇلۇق |
| 40 | 7 | | (　TP) | (ΠTP) |
| 64 | | 7 | ئارۇز | ئارزۇ |
| 91 | | 3 | فېۋرالدا | سېنتەبىردە |
| 120 | | 8 | دېكابىر | ئۆكتەبىر |
| 136 | 6 | | مارتقىچە | سېنتەبىرگىچە |
| 215 | 4 | | مەجبۇب | ئەجەبب |
| 215 | 8 | | پەئەل | پەئۈل |
| 218 | 6 | | پەئەل | پەئۈل |

9 787563 127658
定价：28:00元

پىلانلىغۇچى: غۇلام ھاجى سەھەرچى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇھەممەت ئىبراھىم



ISBN 978-7-5631-2765-8

9 787563 127658 >

定价：28.00元